سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆمۈر داستانى

(ئەسلىمە 2)

تەڭرىتاغدا گۈلدۈرماما

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆمۈر داستانى

(ئەسلىمە 2)

## تەڭرىتاغدا گۈلدۈرماما


مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتور سەيپىدىن ئەزىزى



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى.



سۇرەتتە ئوڭدىن سولغا: سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەتجان
قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ.




ئىسھاقبېك مۇنونوۋ




دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ




ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ



سەيپىدىن ئەزىزى




سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ




ئەسئەت ئىسھاقوۋ



ئابدۇللا زاكىروۋ



ئەنۋەر خانبابا



مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ
تەشەببۇسچىلىرى ھەم بىرىنچى
قېتىملىق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئەزالىرى.



سەيپىدىن ئەزىزى 1949 ـ يىل مەملىكەتلىك سىياسىي
كېڭەش يىغىنىدا ماۋجۇشىغا تون كىيگۈزمەكتە.



ئاپتور سەيپىدىن ئەزىزى
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسى
مېيۈەنىنى زىيارەت قىلدى.
ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ مۇشۇ
جايدا يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن
كۆرۈشكەن.


مېيۈەن يېڭى كۆرگەزمىخانىسىغا ئورنى-
تىلغان يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ھەيكىلى.




1946 - يىلى يولداش جۇ ئېنلەي
مېيۈەندىكى ئىشخانىسىدا.




1946 - يىلى جۇ ئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ
يولداشلار مېيۈەندە.





1949 ـ يىل مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا
قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر
ئۆمىكى. سۈرەتتە: ئوتتۇرىدا
ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى
سەيپىدىن ئەزىزى، ئوڭدا
ۋەكىل تۇجى، سولدا ۋەكىل
ئالىمجان ھېكىمبايوۋ،
ئارقا رەت ئوڭدىن: تەرجىمان
جاۋ دېلىن، كاتىپ خۇجى
ئەخمەت ئابلايوۋ.

سەيپىدىن ئەزىزى مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا
سۆزلىمەكتە.



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخانتۆرە.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقلىرى



فاتىخ باتۇر



غېنى باتۇر



سۈرەتتە: شەپكىلىك ئەكبەر باتۇر.



جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى غۇلجىغا بارغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى،
چۇي ۋۇ ۋە باشقا مەسئۇل كادىرلار بىلەن چۈشكەن سۈرەت.



ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋلار گومىنداڭغا
قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭغا بارغاندا، جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.



ئەخمەتجان قاسىم
باشلىق ئۈچ ۋىلايە
رەھبەرلىرى ئۇ
ۋىلايەتنىڭ مەسئۇ
كادىرلىرى بىلەن بىللە
چۈشكەن سۈرەت.



ئەخمەتجان قاسىمى،
سەيپىدىن ئەزىزىلەر
ئۈرۈمچىدە خەلق
ئارىسىدا.



سەيپىدىن ئەزىزى قازا
خەلقىنىڭ ئىنقىلابچى
پەرزەنتى قاسىم ئەپەند
ئائىلىسىدە.



ئەخمەتجان قاسىمى قۇمۇل پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقلىرى
ئونانباي ۋە سەئىد باتۇرلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت.



ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەسئۇل
كادىرلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت.



ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىدا يۇرت
مۆتىۋەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت.



ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئايال جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى.



ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئەر جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم
## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت

بىرىنچى باب   زۇلۇم زىندانلىرىدا ئىڭرىغان شىنجاڭ......... 3
ئىككىنچى باب   ۋۇ جۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى .......... 12
ئۈچىنچى باب   ئىنقىلابقا ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي تەييارلىق
........................................ 24

## ئىككىنچى قىسىم
## نىلقا قوزغىلىڭى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
## ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

بىرىنچى باب   نىلقا قوزغىلىڭى ................................ 37
ئىككىنچى باب   غۇلجىنىڭ ئېلىنىشى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ قۇرۇلۇشى ................................ 49
ئۈچىنچى باب   غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى.............. 67
تۆتىنچى باب   مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەت
ئىشلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى .............. 81

## ئۈچىنچى قىسىم
## ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى ۋە ئۈرۈمچىگە يۈزلىنىش


بىرىنچى باب ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى ........ 95
ئىككىنچى باب ياشلار تەشكىلاتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ........ 107
ئۈچىنچى باب جەنۇبقا يۈرۈش........ 121
تۆتىنچى باب تاشقورغان ئىنقىلابى ........ 136


## تۆتىنچى قىسىم
## بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋە يېڭى كۈرەش دولقۇنى


بىرىنچى باب تىنچلىق بىتىم ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 169
ئىككىنچى باب تىنچ-ئۇتىغ كۈرەش ........ 183
ئۈچىنچى باب ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرى........ 190
تۆتىنچى باب نەنجىڭ سەپىرى ........ 200
بەشىنچى باب پانتۈركىستلار بىلەن كۈرەش........ 211

## بەشنچى قسىم
## يېڭى كۈرەش دولقۇنى


بىرىنچى باب  قەشقەردە خەلق سايلىمى ۋە ئىنقىلابىي ئۆرلەش................................ 225
ئىككىنچى باب  يەكەن ۋە خوتەنگە سەپەر..................... 238


## ئالتىنچى قسىم
## گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستلىق ھەرىكىتى ۋە بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشى


بىرىنچى باب  ھەر خىل ئىغۋاگەرلىك ۋە 25 ـ فېۋرال قانلىق ۋەقەسى............................ 263
ئىككىنچى باب  گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەيرەڭۋازلىقىغا قارشى كۈرەش.......................... 288
ئۈچىنچى باب  بوغداغا ساياھەت (قوشۇمچە).................. 303


## يەتتىنچى قسىم
## ئازادلىق ئالدىدىكى يېڭى كۈرەشلەر


بىرىنچى باب  ئومۇمىي ۋەزىيەت ........................... 323
ئىككىنچى باب  يېڭى ۋەزىپىلەر............................ 335
ئۈچىنچى باب  مىللىي خىزمەت........................... 348

## سەككىزىنچى قىسىم
## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

بىرىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ۋە غەلىبە قازىنىشىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى 363
ئىككىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى باشتىن ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى......... 371
ئۈچىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇق
ۋە تۆھپىلىرى................................. 383
تۆتىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى......... 400

## توققۇزىنچى قىسىم
## جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇرنىدىن دەس تۇردى

بىرىنچى باب جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى ......................... 409
ئىككىنچى باب ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ هايات!......... 422
ئۈچىنچى باب بېيجىڭغا سەپەر............................ 460
تۆتىنچى باب ئۇلۇغ تەنتەنە................................ 487

# بىرىنچى قىسىم

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت

# بىرىنچى باب

## زۇلۇم زىندانلىرىدا ئىڭرىغان شىنجاڭ

1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان نىلقا ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئۇلاستايىدا خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى سىگنالى چېلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي باراۋەرلىكنى، دېموكراتىيىنى ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

شۇندىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت بەش يىلغا سوزۇلۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ياراتتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1944 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تاسادىپىي تۇغۇلغان بولماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئارقىسىدا تۇغۇلغاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوزغالغان ۋاقىت خەلقئارادا فاشىزمغا

قارشى سەپ كۆچەيگەن ۋە فاشىزم سېپى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، فاشىزمغا قارشى سەپتىكى خەلق كۈچى كۆچەيگەن ۋە خەلققە قارشى كۈچلەر چۈشكۈنلەشكەن، غەربتە گىتلېر مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان، شەرقتە ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى.

شۇ چاغدا دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى سەپنىڭ ئاساسى قوشۇنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 1941 - يىلى ئۆكتەبىردە گېرمان فاشىستلىرىنىڭ موسكۋاغا قىلغان ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 1942 - يىلى ئۆكتەبىردە گېرمان فاشىستلىرىنىڭ ستالىنگرادقا قاراتقان قورشاۋىنى بۇزۇپ تاشلىدى ۋە 1943 - يىلى 2 - ئايدا گېرماندىنىڭ قورشاۋغا چۈشكەن ئارمىيىسىنى تارمار قىلدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ستالىنگراد ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ۋە دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭمۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ زور غەلىبە، بۇ زور بۇرۇلۇش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە غايەت زور ئىلھام بەردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغان ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى ئېزىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلىش لۇشيەنى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش لۇشيەنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋاملىشى-

ۋاتقان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى ئۆرلەش، پەسىيىش، يەنە ئۆرلەشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋالنى بېشىدىن كەچۈرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابىي خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۇجۇمىغا زەربە بەرگەن، كەڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنى قۇرغان، پارتىيە ۋە ئارمىيىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى- لىرىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ئۈچ قېتىملىق دولقۇنىنى چېكىندۈرگەن، پارتىيە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئوڭچىل ۋە "سولچىل" خاتا ئىدىيىلەرگە خاتىمە بەرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھەر جەھەتتىن تەييارلىنىۋاتقان پەيت ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ تاشقى دۈشمەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلىق بىلەن غەلىبىلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىشى، بولۇپمۇ ئازاد رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىچكى- تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئەۋج ئالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ئىرادىسى بارغانچە كۈچەيدى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئۇلغايدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە گومىنداڭ ئەكسىيەت- چىلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەق فاشىست ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى بىۋاستە

سەۋەب بولـدى. خۇددى يولـداش ماۋ زېدۇڭ كـۆرسەتكەنـدەك: "گومىنـداڭ ئىچىدىكى ئاساسىي ھۆكـۈمران گـۇرۇھ ھاكىمـمۇتـلەق ھۆكۈمرانلىقـدا قاتـتىق تۇرۇپ، ياپون باسـقۇنچـىلىرىغا پاسسـىپ قارشى تۇرۇش سىياستىنى ۋە خەلقـقە قارشى ئىچـكى سـىياسەتـنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ نەتـىجىسـدە... ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كەڭ خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر چاك پەيدا بولدى، خەلق تۇرمۇشى خارابلاش- قان، خەلق نارازىلىقى قايناپ تاشقان، خەلق قوزغىلاڭلىرى تەرەپ- تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئېغىر بۆھران تۇغۇلدى..."① "گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھـى جۇڭـگودا كۆپ مىلـلەت بارلىقـىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانـلىق مىللەتـلەرنى 'نەسلـداش ئۇرۇق' دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار يۈەنشىكەي دەۋرىدىكى ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكـسپلاتاتـ- سىيە قىلىشـتا قـىلمىغـىنى قالمىـدى...، بۇـــ چوڭ خەنزۇچـىلىقـقا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت."②

دېمەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىـختا ئەكسىيەتچـى ھۆكۈمرانلىقنىڭ دەھـشەتلىـك زۇلمـىغا ۋە ئېـكسپلاتاتـسىيىسـگە ئۇچراپ كەلـگەن. خەلق زۇلوم-ئېـكسپـلاتاتسىيـگە چىـدىـماي قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى بىلەن بېسىقـتۇرۇپ كەلـگەن، بېسىقـتۇرغانـدىن كېيىـن داۋاملىق

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3-توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشـرى، 1790-بەت.

② «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3-توم، ئۇيـغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1860 — 1861-بەتلەر.

دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن، دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن.

1931 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان تەسىرى زور دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقىنى بىلدۈرەتتى. چوڭ سىياسىي ئالدامچى شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلق كۈرىشىنىڭ بېسىمى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خىزمىتى ئارقىسىدا «سەككىز تۈرلۈك خىتابنامە»نى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە "ئالتە بۈيۈك سىياسەت"نى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنى فاشىست گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا جىددىي ھۇجۇم قىلىشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئوچۇقتىن ئوچۇق بوغۇشى بىلەن تەڭلا، ئۆزىنىڭ ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرىسىنى تېزلىك بىلەن ئاشكارىلاپ، جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ قوينىغا پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئاتتى.

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شېڭ شىسەي ھەمىشە "يوشۇرۇن تويىلاڭ دېلوسى" دېگەن نېمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىلغار ئىدىيىدىكى جەمئىيەت ئەربابلىرىنى ۋە زىيالىيلارنى كۆپلەپ قولغا ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرگە ئىنتايىن غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. 1942 ـ يىلى يەنە "12 ـ ئاپرېل يوشۇرۇن قوزغىلاڭ دېلوسى" دېگەن نېمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدا خىزمەت

قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. بۇنداق بىر سۈيىقەستلىك ۋەقەنىڭ ئويىدۇرۇپ چىقىرىلىشى شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. دېمەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەكسىيەتچى ھەربىي مىلىتارىست ھاكىمىيەتلەق شىڭ شىسەينىڭ قانلىق تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىندى، ئۆلتۈرۈلدى، دەپسەندە قىلىندى.

شىنجاڭدا شىڭ شىسەي يىقىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇ تارىختىكى ئاشۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەكسىيەتچى چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە فاشىستىك قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاش-تالاشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

سىياسىي جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىلىككە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالمۇ كۈندىن-كۈنگە يامانلاشتى. جۇڭگو-سوۋېت ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى سودا مۇناسىۋىتى قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاندى. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇھىم بازاردىن مەھرۇم قىلىندى، سانائەت ماللىرى كېمىيىپ كەتتى، سودا ماللىرى ئوبوروتى توختاپ قالدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر كېلىپ چىقتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇششاق سودىگەرلەر كەمبەغەللىشىپ ۋەيران بولدى. ئەمما بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار بىلەن پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ بېسىمدارلىق قىلىش يولى بىلەن بازارنى مونوپول قىلىۋېلىپ باي بولۇشۇپ كەتتى.

بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقتىن كېلىپ چىققان مالىيە-دىكى قالايمىقانچىلىقمۇ چېكىدىن ئاشتى. مالىيە كىرىمى تۆگەپ، كەملەش كۆپەيدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن مالىيىدىكى كەملەشنى تولدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، پۇل بارغانسېرى پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۈزلۈك-سىز ئۆرلەشكە باشلىدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن تەڭ شىنجاڭغا كىرگەن كۆپ مىقداردىكى قورچاق ”مەركەزنىڭ فابى“لىرى مالىيە جەھەتتىكى بۇ خىل قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1944 - يىلى كۈزدە مال باھاسى 1943 - يىلدىكىدىن تۆت يېرىم ھەسسە ئۆرلىدى. سودا - سانائەتچىلەر ئىشسىز قالدى، خەلق تۇرمۇشى خارابلاشتى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىقلار تېخىمۇ كۈچەيدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە زور كۆلەمدىكى بيۇروكىرات ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتى ۋە ھەربىي چىقىملارنى قامداش ئۈچۈن (1943 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 20 مىڭ ئىدى، كېيىن تېزلىك بىلەن 100 مىڭغا يەتكۈزۈلدى) ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت باج ۋە سېلىقلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىسىنى ئېغىرلاشتۇردى. 1944 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۈرلۈك باج - سېلىقلارنىڭ تۈرى 20 نەچچىگە يەتتى. بۇ سېلىقلار 1937 - يىلى ئادەم بېشىغا 317 دوللار شىنجاڭ پۇلى بولسا، كېيىن ئادەم بېشىغا 2419 دوللار شىنجاڭ پۇلىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ يىلدا تۆلەيدىغان يەر بېجى

شۇ دېھقانىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خىل ئېغىر يەر بېجى پۈتۈنلەي دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكتىن، يەر ئىگىلىرى يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق بۇ سېلىقنى ئوتتۇرىچىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتتى.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى، لاياقەتسىزلىكى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇميۈزلۈك خىيانەتچىلىك قىلىشى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاشكارا پارىخورلۇق قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر پۈتۈنلەي ئاشكارا سودىگەرچىلىك تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. مەسىلەن، بىر شيەنجاڭلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالتە-يەتتە يۈز سەر تەڭگە، باۋجاڭلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر-ئىككى يۈز سەر تەڭگە خەجلەيتتى. بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىنلا، خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ، ئىلكىنى شوراپ-شۈمەپ، قانۇنسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا نۇرغۇن مىقداردا بايلىق توپلىۋالاتتى. مەسىلەن، يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر باۋجاڭ ئون يىل باۋجاڭلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى 30 مو يېرىنى 1500 موغا يەتكۈزگەن. بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانغان، قىسقىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر خىل قانۇنسىز يوللار بىلەن باي بولغانىدى.

ئەكسىيەتچى سىياسىي زۇلۇمنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىشى ئارقىسىدا فېئوداللىق

ئېكسپلاتاتسىيمۇ مۇشۇ مەزگىلدە ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئارانلا 6.77 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان پومېشچىكلار سىنىپى پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ 39.41 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. ئەمدى ئاھالىنىڭ 55.25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل ۋە ياللانما دېھقانلار يەرسىز ياكى يېرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ دەھشەتلىك فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. دېھقانلار يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى يەر ئىجارىسى ئۈچۈن بېرەتتى. تۈرلۈك ھەقسىز ئەمگەكلەر دېھقانلارنىڭ بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋاقتىنىڭ 20 ـــ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. بۇنىڭ تېشىدا فېئودال پومېشچىكلار سۇ ئىنشائات- لىرىنىمۇ مونوپول قىلىۋالغاچقا، دېھقانلار ھەر يىلى پومېشچىكلارغا سۇ ھەققى ئۈچۈن كۆپ مىقداردا پۇل تۆلەيتتى؛ دېھقانلار بۇ خىل فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىينىڭ سىقىشى ئاستىدا يىل بويى ئەمگەك قىلىپمۇ قورسىقىنى باقالماي ھايۋاندىن بەتتەر كۈن كەچۈرەتتى.

قىسقىسى، شىنجاڭ قانلىق زۇلۇم ئازابىدا ئىڭرىماقتا ئىدى ۋە مۇنداق زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقاچقا، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

# ئىككىنچى باب
# ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى

ئالدىنقى كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك، 1942 ـ يىلى جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننى سوڭ مېيلىڭغا ھەمراھ قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. بۇ ئۇنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى كېلىشى، ماھىيەتتە، شېڭ شىسەينىڭ ئورنىدا شىنجاڭنى باشقۇرۇشقا تەييارلىنىشى ئىدى. دېگەندەكلا ئۇ 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جياڭ جيېشى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

ۋۇ جۇڭشىن ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ياشلىقىدا ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان ۋە "تۇڭمېڭخۇي"غا قاتناشقان. 1911 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى نەنجىڭدا ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، ئۇ مەركىزىي ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋە گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، موڭغۇل ـ شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇزاق مۇددەت جياڭ جيېشى بىلەن بىللە ئىشلەش جەريانىدا بىر ـ بىرىنىڭ "كۆڭلىنى چۈشىنىشىپ" سىرداشلاردىن بولۇپ قالغان ھەم ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ كەتمىنىنى چېپىشتا ئالدىنقى ئاۋانگارتقا ئايلىنىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە "ئىشەنچلىك، يىراقنى كۆرەر سىياسىئون" دەپ ئاتالغان.

جياڭ جيېشىنىڭ ۋۇ جوڭشىننى شىنجاڭغا ئەۋەتىشىدە ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدە مەلۇم بىر جەريان، مۇددىئا بار ئىدى. ۋۇ جوڭشىن 1941 ـ يىلى كۈزدە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن موڭغۇل ـ شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ۋە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشياغا "پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش"كە ئەۋەتىلگەن. ۋۇ جوڭشىن 1939 ـ يىلى بۇيرۇق بويىچە دالاي لاما XIV نىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان مەركەز ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن لاساغا بارغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېگرا رايون ئۆلكىلىرىگە بىرىنچى باقمىغان. بۇ قېتىم گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشياغا كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىقى جايلاردىكى بەزى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋە ئۇلاردىن ھال سوراپ، ئۆزىنىڭ "ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى چۈشىنىدىغان ئەرباب" ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىشتا ئاز ـ تولا دەسمايە توپلىغان.

ۋۇ جوڭشىن چىڭخەيگە بارغاندا يەرلىك مىلىتارىست ما بۇفاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تېزلا ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەن، ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىققان. ئۇ ما بۇفاڭنىڭ ئۆز ئاكىسى ما بۇچىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ما بۇچىڭنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى ۋە ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ما بۇفاڭغا خېشى ئەتراپىدىكى جايلارنى مەركەزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. ما بۇفاڭ ماقۇل بولۇپ ۋۇ جوڭشىن بىلەن بىللە ئايروپىلاندا چۇڭچىڭغا بارغان. جياڭ جيېشى ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن رازى بولۇپ، ئوغلى ما شياۋشياڭغا بىر ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ما بۇفاڭ ئون يىلدىن ئارتۇق بېسىپ ياتقان خېشى كارد-

دورنى مەركەزگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ خېشى كاردورى ئارقىلىق شىنجاڭغا بېرىشىدا توسالغۇ قالمىغانلىقتىن، جىياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنىڭ بۇ خىزمىتىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان. ۋۇ جۇڭشىن بىلەن ما بۇفاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ شۇندىن باشلاپ ناھايىتى قويۇقلاشقان. بۇ قويۇق مۇناسىۋەت كېيىن ما بۇفاڭنىڭ ئىلكىدىكى چىڭخەي 5 ـ ئاتلىق كورپۇسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا چىقىشىنىڭ ئاساسىنىمۇ ياراتقان. ۋۇ جۇڭشىن بۇ قېتىم غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈشتە گەرچە شىنجاڭغا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا كېلىش نىيىتى باش كۆتۈرگەن ۋە "چېگرا رايونلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇتەخەسسىسى" دېگەن نامنى تېخىمۇ چىڭدىماقچى بولغان.

ئۇنىڭ سۇڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا كېلىشتىكى تۈپ مۇددىئاسى شېڭ شىسەينى ئالماشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىچە گومىنداڭ ئارمىيىسى 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئايروپىلان بىلەن توققۇز قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ "تومۇرىنى تۇتۇپ"، ئۇنى جىياڭ جيېشىنىڭ ئىت كاتەكدىن يالاق تېپىشقا قۇتراتقانىدى. شېڭ شىسەي يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالماي ئاغدۇرۇلۇپ چۈشكۈچە غىپپىدە چۇڭچىڭغا بېرىپ مىنىستىر بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن، شۇڭلاشقىمۇ "جايلىنىپ" كېتىشتىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان. جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ ئەندىشىسىنى سېزىپ، ئۆزى كاپالەتلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، جىياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بەرگەن ۋە چوڭراق ئەمەلدار ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى "ئوڭشاش"نى تەلەپ قىلغان. جىياڭ جيېشى بۇ ئىشقا ۋۇ جۇڭشىننى ئەۋەتكەن.

ئەمما، ۋۇ جۇگشىن قورقۇنچاق بولغانلىقتىن، شىڭ شىسەينىڭ ئادەمخور، ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى بىلگەچكە دەرھال كېلىشكە پېتىنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى ئۆز خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭنى ئەۋەتىشنى لايىق تاپقان ۋە ۋۇ جۇگشىننى بىللە بېرىشقا بۇيرۇغان. ئۇنىڭ ۋۇ جۇگشىننى بىللە بېرىشقا قايتا ـ قايتا بۇيرۇشى ئۇنى شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى.

سۇڭ مېيلىڭ بىلەن ۋۇ جۇگشىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن سىياسىي سودا ئېلىپ بارغان. سۇڭ مېيلىڭ شىڭ شىسەيگە جياڭ جيېشى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئالاقىنى تاپشۇرغان. بۇ ئالاقىدە شىڭ شىسەيگە دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەدە قىلىنغان، شىڭ شىسەي گومىنداڭ مەركەز ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوشۇلغان.

ۋۇ جۇگشىن بىلەن شىڭ شىسەي كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق شىڭ شىسەينىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى تۈگىگەندەك قىلغان. ئۇ دەسلەپتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تەۋە بىر دىۋىزىيە قوراللىق كۈچ قالدۇرۇپ جۇ شاۋ-لياڭنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، سۇڭ مېيلىڭ بىلەن ۋۇ جۇگشىن كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆز پىكرىدىن يېنىۋېلىش ئىپادىسىدىمۇ بولغان. بۇنداق لىكتاسىملىق تاكى جياڭ جيېشى ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغانلىقىنى جاكارلىغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

ۋۇ جۇگشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگۈچە بولغان ئارىلىقتا، جۇ شاۋلياڭ بۇ ۋەزىپىنى ۋاقىتىنچە

ئادا قىلىپ تۇردى. شىڭ شىسەي شىنجاڭدا بۇلاپ ـ تالاپ توپلىغان ئالتۇن، كۇمۇش، تىللا، ياقۇت، قاشتېشى قاتارلىق ئېسىل بۇيۇمـ لارنى 30 نەچچە ماشىنىغا بېسىپ، كۇچەيتىلگەن بىر روتا ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە چۇڭچىڭغا بېرىپ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولدى. ئۇ بۇ ”قۇرۇق“ مەنسەپ ئۇچۇن جىياڭ جېيشىغا يەنە 50 مىڭ سەر ئالتۇن سوۋغا قىلدى. جياڭ جېيشى گومىنداڭ ھۆكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، شىڭ شىسەينى مىنىستىر قىلىشتا چىڭ تۇردى. خەلقنىڭ قىساسى كۆپلۇكىنى بىلىدىغان شىڭ شىسەي كىشىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قورچاق مەمۇرىي پالاتاغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشقاندىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتقا چىقىشقا جۇرئەت قىلالماي ”مىنىستىر“لىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا رەئىس بولۇشمۇ ئاسانغا چۇشمىگەنىدى. شىنجاڭغا كەلسە بايلىق توپلاشنىڭ پۇرسىتى كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان گومىنداڭچىلار ئىچىدە رەئىس بولۇشنى تەمە قىلىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە لياڭ خەنساۋ ۋە جۇ جياخۇا ـ لارمۇ بار ئىدى. لياڭ خەنساۋ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سۇڭ مېيلىڭ، ۋۇ جۇڭشىنلار بىلەن ئورۇمچىگە كەلگەنىدى، ئۇنى گومىنداڭ پارلامېنت باشلىقى سۇن كې قوللايتتى ۋە تەۋسىيە قىلغانىدى. چېن گوفۇ، چېن لىفۇلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ CC تەۋەسىدىكى ئادەملىرىنى تەۋسىيە قىلاتتى. پەقەت جياڭ جېيشىلا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى خالايتتى ۋە بۇ پىكرىدە چىڭ تۇرغانىدى. جىياڭ جېيشىنىڭ كۆز قارىشىچە، ۋۇ جۇڭشىن چېگرا رايون ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللانـ

غان، چېگرا رايون خزمەتلرىدە "تەجرببسى بار" ئدى. ئۇنڭ ئۇستگە، ۋۇ جۇڭشن ئەنخۇي، گۇيجۇ ئۆلكلرىدە رەئس بولۇپ-تۇرغان، ۋەزىپە ئۆتگەن ۋاقتى بر يلغمۇ يەتمەيلا ئستېپا بەرگەندى. بۇ ئۇنڭدا "مۇستەقل پادشاھلق قارا نيەت يوق" لقنڭ ئسپاتى ئدى، جياڭ جيېشنڭ بۇ دەلل-ئسپاتلرى ئالددا شنجاڭغا رەئس بولۇش تەمەسدە يۈرگەنلەر ۋە ئۇلارنڭ ئارقا يۆلەنچۈكلرى رەت قلغۇدەك پاكت تاپالمغان، شۇنڭ بلەن ۋۇ جۇڭشن رەئس بولۇپ شنجاڭغا كەلدى.

ئۇ شنجاڭغا كېلپ ئۆلكلك ھۆكۈمەتنى تەشكل قلغاندا ئۆزننڭ يېقنلرىدن زېڭ شياۋلۇ بلەن جۇ كۈنتيەننلا بللە ئېلپ كېلەلدى. زېڭ شياۋلۇ ئۆلكلك ھۆكۈمەتنڭ باش كاتپى، جۇ كۈنتيەن ئۆلكلك ھۆكۈمەتنڭ ئەزاسى بولدى. خەلق ئشلار نازارتننڭ نازرى دېڭ شياڭخەي، مائارپ نازارتننڭ نازرى شۈي ليەنچى، تەمرات نازارتننڭ نازرى شې لنيۈنلەرنى چېن گوفۇ بلەن چېن لفۇ كۆرسەتتى. باشقا نازر ۋە ھۆكۈمەت خادملە-رىمۇ ھەر خل مەزھەپ، سستېملارنڭ ۋەكللرى ئدى. بۇلاردن شۇنى كۆرۈۋېلش تەس ئەمەسكى، گومنداڭنڭ شنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلشى ھەرگز شنجاڭ خەلقغە ئاز-تولا ياخشى ئش قلپ بېرشنى ئويلغانلقدن بولماي، ئۆز نەپسگە چوغ تارتش، چۆنتكنى لقلاشنى چقش نۇقتسى قلاتتى. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق ئكەنلكنى ئسپاتلدى.

ۋۇ جۇڭشن شنجاڭغا كەلگەندن كېيىن، ئۆزىچە شنجاڭنى "تۈزەش" سياسەتلرىنى ئېلان قلپ، بۇنى "شنجاڭنى ئدارە قلشنڭ ئۈچ ئەڭگۈشترى" دەۋالدى. ئۇنڭ بۇ "ئۈچ ئەڭگۈش-

تىرى": 1. شېڭ شىسەي قالايمىقان قامىغان كىشىلەرنى قويۇۋېتىش؛
2. ھەرقايسى جايلارغا تەسەللى بېرىش؛ 3. قوشنىدارچىلىق دىپلو-
ماتىيە مۇناسىۋىتىگە ھەيدەكچى بولۇش، دەپ كونكرېتلاشقانىدى.

ئۇ "قالايمىقان قامىغان كىشىلەرنى قويۇۋېتىش" دېگەن بولسىمۇ، تۈرمىلەردە ياتقان نەچچە ئون مىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قويۇپ بېرىشكە پائال كىرىشمىدى. بولۇپمۇ كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەر- ۋەر زاتلارنى قويۇپ بېرىش ئىپادىسىنىمۇ دەرھال كۆرسەتمىدى. بۇرھان شەھىدى، ما لياڭجۇن ئاخۇن، ليۇ ۋېنلۇڭ قاتارلىق ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى قويۇپ بەرگەندىن باشقا، كۆپ سانلىق كىشىلەرنى مەركەزدىن سوراقچىلار ئۆمىكى كېلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى. ھېلىقىدەك قويۇپ بېرىل- گەنلەرمۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قويۇشى ئۈچۈنلا قويۇپ بېرىلگەن بولدى ۋە دەرھال ئەمەلدارلىققا تەيىنلەندى. مەسىلەن: بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچى 1 ـ ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. ما لياڭجۇننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، ليۇ ۋېنلۇڭنى خەلق كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇمات يازدى.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، ۋۇ جۇڭشىن قويۇپ بەرگەن بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئەمەلدار ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا قويۇپ بېرىلدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ غەزىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى سوت ئەمەلدارى بۇ ×، پېڭ جىيۇەن، ليۇ خەنشىڭ قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ كۆپ يىللىق قولچوماقلىرى ئىدى، شېڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى قاماپ قويۇشى

”ئىت بىلەن ئىتنىڭ تالىشىشى“دىن بولغانىدى. بۇلارنى قويۇپ بېرىش ۋۇجۇڭشىنىڭ ”ئەڭگۈشتېرى“نىڭ ساختىلىقىنى ئىسپاتلىدى، كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇش بۇ ”ئەڭگۈشتەر“نىڭ ساختىلىقىنىمۇ ھالقىپ تۇرىدىغان سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

”ھەرقايسى جايلارغا تەسەللى بېرىش“تە، ئۇ رەئىس بولۇپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ”تەسەللى بېرىش ھەيئىتى“ تەسىس قىلىپ، بۇ ”ھەيئەت“كە كۆپ مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مەخسۇس ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى. بۇ ئەمەلدارلار بارغانلا يېرىدە يۇقىرى قاتلام ئەزگۈچى ئۇنسۇرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا پۇل بېرىپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇڭا، بۇ ”تەسەللى“ يۇقىرى قاتلامدىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنى ۋۇجۇڭشىن ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قىلىش رولىنى ئوينىدىكى، خەلق ئاممىسىغا قىلچىلىك پايدىسى بولمىدى. نەتىجىدە داۋرىڭى يوغان ”تەسەللى“ ئىپتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بولۇپ يىغىشتۇرۇلدى.

”قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش“ دېگەن ”ئەڭگۈشتەر“مۇ ئېغىزدىلا دېيىلىپ قېلىۋەردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىدا باش ئەلچى دەرىجىلىك بىر كونسۇل ۋە بىرنەچچە مۇئاۋىن كونسۇل بار ئىدى. كونسۇلخانىنىڭ كۆلىمىمۇ ناھايىتى زور ئىدى. ئۈرۈمچىدە يەنە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭمۇ كونسۇلخانىلىرى بولۇپ، بىردىن كونسۇللا بار ئىدى. ۋۇجۇڭشىن دىپلوماتىيە جەھەتتە ھەممىگە

ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، دېمىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كونسۇللىرىغا مايىل مۇناسىۋەت قوللاندى. ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە قىلغان ناھايىتى چوڭ ئىشى، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇقى بار بىر دىپلومات ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەلچىخانىسىدا كۆپ يىل مەسلىھەتچى بولغان ليۇ زېرۇڭنى پەۋقۇلئاددە تاشقى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى. ۋۇ جۇڭشىن ليۇ زېرۇڭنى بەك ئەتىۋارلىدى، ئۇنى چەت ئەلنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھاراقلىرى، قەنت-گېزەكلىرى بىلەن ئۇزمەي تەمىنلەشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇندىن باشقا، ۋۇ جۇڭشىن باھانە، پۇرسەت تاپسىلا كونسۇللارغا بولۇشچە زىياپەت بېرىپ، ساياھەت-تاماشا قىلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشتى. بۇ قىلىقلار ئۇنىڭچە "قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسى ئورناتقانلىق" بولاتتى.

ئومۇمەن، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ "ئۈچ ئەگىشىشى" گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان نەيرەڭلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلققە ھېچقانداق ئەمەلىي مەنپەئەت بېرەلمىدى.

ۋۇ جۇڭشىن "شىنجاڭنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىدارە قىلىش" دەيدىغان كۆز قاراش بويىچە، ئىككىنچى قەدەمدە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى ئاز، كۆپ مىللەتلىك، ئەھۋالى مۇرەككەپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 3 مىليون 800 مىڭ ئاھالە بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 200 مىڭدىن سەل-پەل ئارتۇقراق، ئىلگىرى

ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىش بولسا خەنزۇ خەلقى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايتتى، دېگەنلەرنى ئاساس قىلىپ شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە ئايرىپ ئىدارە قىلىش دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ تەكلىپى مۇنداق ئىدى: تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنى شەنبېي (تاغنىڭ شىمالى) ئۆلكىسى دەپ ئاتاش، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنى شەننەن (تاغنىڭ جەنۇبى) ئۆلكىسى دەپ ئاتاش، قەشقەرنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ كۇئېنلۇن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنى كۇئېنلۇن ئۆلكىسى دەپ ئاتاش، خوتەننى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ گەنسۇدىكى جيۇچۈەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىن قۇمۇل ئەتراپىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنى ئەنشى ئۆلكىسى دەپ ئاتاش، قۇمۇلنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ ئەنشى ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى خەنزۇدىن بولۇش، قالغان ئۈچ ئۆلكىنىڭ رەئىسىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئىچىدىكى مەركەزنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلىرىدىن سايلاش. بۇ تەكلىپنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلغاندا، شىنجاڭ ھازىر داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقىنىدا باشقىچە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ تەستىقلىمىدى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە قەشقەردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ دېڭ شياڭخەيىنى قوشۇمچە مۇدىر قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى بۇنىمۇ تەستىقلىمىدى. ۋۇ جۇڭشىنىڭ "بۆلۈپ - بۆلۈپ ئىدارە قىلىش" چارىسى ئەسلىدە بىر سۇيىقەست بولۇپ، ئۇلغىيىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي

ھەرىكەتلەرنى پارچىلىماقچى ئىدى، گومىنداڭ مەركىزى بۇ تەكلىپنى ئەستىقلىماسلىقتا يەنىلا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ ئىچىدە "ئۆلكە ئاتلاپ" راۋاجلىنىپ كېتىدۇ، دەپ قورقتى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ "تۆھپىسى" يەنە بۇتخانىلاردا ئىبادەت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرنى بىخۇدلاشتۇرۇشتا تېخىمۇ ئەكسىنى تاپتى. ئەسلىدە زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە يەردە كۆكزى بۇتخانىسى ۋە گۇەن يۈيمياۋ بۇتخانىسى ياساتقان بولسىمۇ، تاشلىنىپ قالغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاشۇنداق بۇتخانىلارنى رېمونت قىلىپ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئىبادەت قىلىشنى پۈتۈن ئۆلكىگە ئالاھىدە بۇيرۇق قىلدى. ئۈرۈمچىدىكى كۆكزى بۇتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، دەسلەپ ئۆزى بېرىپ ئىبادەتكە تەنتەنە بىلەن باشچىلىق قىلدى. خۇڭمياۋدىكى گۇەن يۈيمياۋ بۇتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ پۈتمىگەن بولسىمۇ، ئىبادەتكە ئۆزى بېرىپ باشچىلىق قىلدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭنى قانلىق باستۇرۇش ۋە زۇلۇمىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن ئىدارە قىلىپ ئاخىر ئومۇمىي خەلقنىڭ نەزىرىدىن قاتتىق چۈشۈپ كەتكەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قورال-لىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ تەختكە چىققاندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ سىپسىق جەندىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغانلىقتىن، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بېسىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن تېخىمۇ ئۇلغايدى. ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ بارا-بارا مەغلۇپ بولۇش ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋۇ جۇڭشىن گومىنداڭ مەركىزىگە شىنجاڭغا ئەسكەر

ئەۋەتىشنى، خەلقنىڭ كۆرەشلىرىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭغا قاراشلىق ما چىڭشياڭنىڭ 5 - ئاتلىق كورپۇسىنى يۆتكەپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ خەلق ئىنقىلابىي كۆرىشىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرالماي ۋە ئۆزىنىڭمۇ شىنجاڭدا تۇردۇۋېرىشكە كۆزى يەتمەي جياڭ جيېشىدىن ئىستىپا سورىدى.

1946 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ ئىستىپاسىغا تەستىق چۈشمەي تۇرۇپلا مەركەزدە يىغىن بار دېگەننى باھانە قىلىپ چۇڭچىڭغا بېرىۋالدى ۋە قايتىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قايتا ئۆزگەرتىلدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدا قىلغان - ئەتكەنلىرىمۇ زۇلۇم بولدى.

# ئۈچىنچى باب
# ئىنقىلابقا ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي تەييارلىق

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسەتتىكى ئەكسىيەتچىلىكى ۋە مىللىي زۇلۇمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى كەڭ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى زىيالىيلار قاتلىمى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭمۇ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى قورغىدى. 1940 ـ يىلدىن باشلاپ ئالتايدا خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيان قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر قاتار ئىنقىلابىي تەييارلىق ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ باردى. شۇ ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرى، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ئارىسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئېزىش سىياسىتىگە قارشى ئۆچمەنلىكى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيگەنىدى.

شېڭ شىسەينىڭ يالغاندىن تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ باسما ئەركىنلىكى بەرگەن دەۋرلىرىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ”ئالتە بۈيۈك سىياسەت“نىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشى ھەر مىللەت يېڭى زىيالىي

ياشلىرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر تەلىم-تەربىيە ئېلىش تارىخىي باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تېزلىك بىلەن تارالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كادىرلىرى ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللار ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي تەلىماتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن تەربىيىلەندى. كوممۇنىستلار شۇ ۋاقىتلاردا جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى، شۇنىڭدەك قانۇنىي ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا كەڭ دائىرىلىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. مانا بۇلار مىللىي ئاڭنى ئۆستۈرۈش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى زىيالىيلىرى بىلەن كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش جەھەتتە ناھايىتى زور ئاكتىپ رول ئوينىدى.

يەرلىك مىللىي يېڭى زىيالىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تېزلىكتە ئۆسۈشى، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى، شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي سىياسىتىنىڭ تەسىرى 1944-يىلدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى جەھەتتىن ئوبدان شەرت تەييارلىدى.

شېڭ شىسەينىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئالغان زىيالىيلار شىنجاڭنىڭ ھەر-

قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە بىر مۇنچە مەخپىي تەشكىلاتلارنى ئۇيۇش-تۇرغانىدى. مەسىلەن، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە يوشۇرۇن ھالدا "ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى"نى قۇردى. بۇ گۇرۇپپىلار نۇرغۇنلىغان ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلدى ھەم ئۇلارغا ئىنقىلابىي تەلىم-تەربىيە بەردى. ئۇنىڭ سىرتىدا ئۈرۈمچىدە "ماركسىزمچىلار ئىتتىپاقى"، ئاقسۇدا "ياش ئۇچقۇن ئىتتىپاقى" ۋە "مىللىي نىجادلىق"، ئىلىدا "ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى" قاتارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، 1944-يىلى 7-ئايدا ئالتاينىڭ جىمنەي ناھىيىسىدە "مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئىلىدا يەنە "ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلدى. جىمنەي ناھىيىسىدىكى "مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى"غا دەللىقان سۇگۇربايوۋ رەھبەرلىك قىلىپ قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

ئىلىدىكى "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ ئاساسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 1943-يىلى غۇلجىدا قۇرغان "ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى" ۋە ئۇ 1943-يىلى 9-ئايدا قۇرغان "ساۋاق-داشلار ئۇيۇشمىسى" ئىدى. بۇ ئىككى تەشكىلات "ئازادلىق تەش-كىلاتى" بولۇپ بىرلەشكەن چاغدا شۇ چاغدىكى شارائىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەركىبىدە ۋە ئوتتۇرىغا قويغان نىشانىسىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك كومىتېتىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، ئېلىخانتۆرە، مەھەممەتجان مەخسۇم، غۇلام قادىر، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇرۇئۇپ مەخسۇم، جانى يولداشوۋ، نۇرىدىن بەگ، سالمان باي، ئۆمەرجان قاتارلىق كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ

بلەن قاسمجان قەمبىرى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغار زىيالىي-
لارنىڭ، ئىلىخانتۆرە، مەھەممەتجان مەخسۇملار يۇقىرى تەبىقە
دىنىي زاتلارنىڭ، ئۇنىڭدىن باشقىلار چوڭ سودىگەر، پومېشچىك،
چارۋىدارلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. "ئازادلىق تەشكىلاتى" رەھبەرلىك
يادروسىنىڭ تەركىبى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ بولۇشىغا قارىماي،
ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق
نىشان ئاستىدا بىرلەشكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا "ئازادلىق تەشكىلاتى"
ئۆز ئالدىغا مۇنۇلارنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ قويغانىدى:

1. خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەپ بېرىپ،
ئاممىنى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا يېتەكلەش.

2. ئىلى رايونىدا قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنى
يوقىتىش.

3. پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار
بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش؛ ئەركىن، ئازاد، دېموكراتىك
ئۆلكە قۇرۇش.

"ئازادلىق تەشكىلاتى" يۇقىرىقى ۋەزىپىنى ئورۇنلاش يولىدا
زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ
ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىلغار زىيالىيلارنى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇش جەھەتتە بىرمۇنچە پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ
تەشكىلات گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ۋە خەلق
ھاكىمىيىتىنى تىكلەش يولىدا ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى
ھەمدە ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارنى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ

كۆرەشكە ئاتلاندۇرىدىغان يادروغا ئايلىنىپ، ئاخىر، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى غۇلجا خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

1943 ـ يىلى مەن غۇلجىغا كەلگەندە ئەھۋال جىددىي بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىكەن، خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ زىيالىي ياشلار ئارىسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىنقىلابىي روھ بارغانچە كۈچىيىۋېتىپتۇ، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ھەر خىل يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقات ۋاراقلىرى، چاقىرىقلىرى ۋە باشقا ھۆججەتلىرى يوشۇرۇن تارقىتىلىشقا باشلىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات»، «قازاق ئېلى» ۋە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىمۇ يوشۇرۇن كېلىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە ژۇرناللاردا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تەشۋىق قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىش تەشەببۇس قىلىناتتى.

مەن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئورۇنلىرى مېنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. مەسىلەن، گېزىتخانا تەھرىرلىككە، مائارىپ ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ۋە باشقىلار. مەن يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت ئاستىدا بۇ خىزمەتلەرنى رەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلىپ تۇرۇقلۇق ھەمىشە ئىشپىيونلارنىڭ پايلاقچىلىقى ئاستىدا يۈرۈش جېنىمغا قاتتىق تەگكەنلىكتىن، بولدىلا، باشقا يول بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزەي دېگەن يەرگە كەلگەندىم. شۇڭا مەن خۇسۇسىي ئىش بىلەن شۇغۇللىناقچى بولدۇم. بىزنىڭ تۇغقىنىمىز، ھامامىنىڭ

ئۇغلى ھاجى قارىي ماتاچىلىق بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ۋە باشقا تۇغقانلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن مەن ئۇ ئادەمگە كاسسىر بولۇپ ئىشقا كىرىشتىم. بۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىنىڭ سودىسىدا كۆپرەك سودىگەرلەر قىلىدىغان ئىش ماتاچىلىق بولۇپ قاپتىكەن. جەنۇبتىن چىققان ماتا-چەكمەنلەرنى ئىلىدا ئىشلىتىش ياكى باشقا ۋىلايەتلەرگە قەرز بېرىش بىلەن سودا قىلىدىكەن. مەن ئۆمرۈمدە سودا قىلىپ باقمىغان، كاسسىرلىقمۇ قىلىپ باقمىغانىدىم. كاسسىرلىق ئاددىي ئىش بولسىمۇ، بەزىدە مال سېتىشقىمۇ توغرا كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ماتا ساتقاندا سودىلىشىپ ساتىدىغان، سودىلىشىپ ئالىدىغان ئىش ئىدى. مۇقىم بىر باھا يوق ئىدى. ماڭا مال سېتىشقا توغرا كەلگەندە، مۇنداق سودىلىشىشنى زادى كېلىشتۈرەلمىدىم. ھاجى قارىي ئاكام مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، مېنى سودا قىلدۇرمىدى. ئۇ ئادەم ماڭا: "سودىگەرچىلىك دېگەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق دېگەن بولىدۇ، بىر تىيىن ئۇچۇنمۇ يالغان سۆزلەش، ئالداش كېرەك بولىدۇ، مۇنداق قىلمىغان ئادەم، راست سۆزلەيدىغان ئادەم، ئادىل ئادەم سودىگەرچىلىك قىلالمايدۇ، سىز مال ساتماڭ، پۇلنى يىغىپ ھېسابلاپ بەرسىڭىز، كاسسىرلىق قىلىپ بەرسىڭىز بولىدۇ" دېدى.

يەنە بىر ياقتىن سىياسىي ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ، بەزى يېقىن يولداشلار بىلەن يوشۇرۇن مۇزاكىرىلەرنىمۇ قىلىپ تۇردۇق. كونا ساۋاقداشلاردىن سەيپۇللايوۋ، ئىسمائىل ھېۋزۇللايوۋ، قاسىم پەرسايوۋ... قاتارلىق يولداشلار بار ئىدى، بەزىدە مەن ئۇلار تۇرغان ئىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە (كېيىن بىلىم يۇرتى دەپ ئاتالدى) بارىمەن. كۆپرەك ئۇلار بىزنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. تىنىپ قويىغان

تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە ژۇرناللارنى ئېلىپ ئوقۇپ مۇزاكىرە قىلاتتۇق. ۋەزىيەتنىڭ بارغانچە كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېقىن كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز نېمىلەرنى قىلىشىمىز لازىملىقىنى سۆزلىشەتتۇق.

بۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غۇلجىغا ناھايىتى "چوڭ دىققەت بۆلدى". ئۇلار غۇلجا ۋەزىيىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ھەربىي قىسىملارنى كۈچەيتكەندىن باشقا، ئۆلكىلىك گۇڭئەن گۇەنلىچۇنىڭ فۇچۇجاڭى ليۇ بىندېنى بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئۇ، غۇلجا ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بىلەن بىللە ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابىي زىيالىيلار ۋە خەلقنىڭ ھەرىكىتىنى تەقىپ قىلىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئاندىن ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى ۋە گۇمانلىق دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلەشتى. بۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر، بولۇپمۇ زىيالىي كادىرلار، ئىلغار ئادەملەر قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى، قاتتىق تەكشۈرۈلدى. مېنىڭمۇ كەينىمگە قويۇلغان ئادەملەر كۆپىيىپ، ئاۋۋالقى بىردىن ئۈچكە ئاشۇرۇلدى. بۇنى بىلىدىغان بىرسى ماڭا ئېيتىپ قويدى.

بۇ كۈنلەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن جىقراق سۆزلىشىدىغان بولدۇق، ئۇ بىزگە تۇغقانمۇ بولىدۇ، بۇ جەھەتتىن باردى-كەلدىمىزمۇ كۆپەيدى. بىر كۈنى ئۇ قاسىمجان قەمبىرىنى باشلاپ كەپتۇ، تالادىن كىرىپلا كۈلۈپ: "تازا چوڭ ئۇقۇشۇلماسلىق بولدى" دېدى. "نېمە؟" دېسەم، ئۇ مەسىلىنى ئېيتىپ بەردى. غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلى دۇباشىن دېگەن ئادەم (ئىلگىرى چۆچەكتىكى كونسۇل ئىدى) ئابدۇكېرىمگە: "چۆچەكتىن كەلگەن ئەزىزوۋ

دېگەن بىر ئادەم بار، شۇنى تاپ“ دېگەنىكەن، ئابدۇكېرىم ھازىرغىچە شۇ ئەزىزوۋنى تاپالماي ئىزدەپ يۈرۈپتۇ، كېيىن ”تاپالمىدىم“ دېسە، ”ئۇنىڭ سول قولىنىڭ باشمالتىقى يوق“ دەپتۇ. شۇندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەزىزوۋ دېگەن كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلىپتۇ. ئىلگىرى مېنىڭ فامىلەم دادامنىڭ ئېتى بىلەن ”تاشاخونوۋ“ دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن چۆچەكتە ”ئەزىزوۋ“غا ئۆزگەرتىۋالغاندىم، بۇنى ئابدۇكېرىم بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرسىمۇ ”ئەزىزوۋ“نى تاپالماي يۈرۈپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ كۈلۈپ: ”بۇ تازا قىزىق ئىش بولدى“ دېگەنىدى، قاسىمجان قەمبىرى: ”تۆگە مىنىپ يۈرۈپ، تۆگە ئىزدىگەن مانا مۇشۇ“ دەپ كۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئوچۇقراق سۆزلىشىدىغان بولدۇق. ئابدۇكېرىم، قاسىمجانلار ئۆزلىرى قاتناشقان ”ئازادلىق تەشكىلاتى“ دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى، تەييارلىقنىڭ جىددىي كېتىپ بارغانلىقىنى، ئىلىدا قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. تەشكىلاتقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان 12 ئادەمنىڭ تىزىملىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم بىلەن قاسىمجاندىن باشقىلىرى پومېشچىك، باي-سودىگەر ۋە يۇقىرى قاتلام روھانىيلىرى ئىكەن. بۇنىڭغا قاراپ دەماللىققا مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى. ئابدۇكېرىم: ”سوۋېت تەرەپنىڭ پىكرى شۇنداق، بۇ بىرلىك سەپ سىياسىتى، يۇقىرى تەبىقىلەردىنمۇ پايدىلىنىش كېرەك“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم: ”سىزنىڭ كەينىڭىزدە ئادەم بار، تەشكىلاتقا قاتناشماي يۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ، پات-پات سۆزلىشىپ تۇرايلى“ دېدى.

شەكىلدە بۇ تەشكىلاتقا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئادەم ئېلىخان-

تۆرە ئىكەن. ئېلىخانتۆرە چوڭ بىر موللا ھەم تېۋىپ بولۇپ، ئىلگىرى سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن، كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقانىكەن. بۇلتۇردىن بېرى ئۇ بەيتۇللا مەسچىتىدە نامازدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات يۈرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇ دىنىي تەشۋىقاتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئازادلىق تەرەپتىن دارىتىپ سۆزلەيدىكەن. مەنمۇ بىر قېتىم بېرىپ ئۇنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن ئابدۇكېرىم، قاسىمجان بىلەن سۆزلىشىپ تۇردۇق، ئەمما ئەھۋال بارغانسېرى جىددىيلەشتى، بولۇپمۇ نىلقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئازادلىق تەشكىلاتى مەجلىس ئېچىپتۇ، ئۇلار ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، ئىلگىرىكى قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسەمدىنمۇ يېنىۋېلىپ تەشكىلاتنىڭ ئىشىنى توختىتىپتۇ. ئېلىخانتۆرە: "بۈگۈندىن تارتىپ يىغىلمايمىز، سىنى مەن كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆرمىدىڭ" دەپتۇ. ئابدۇكېرىم بىلەن قاسىمجان ئۇنىڭغا قارشى چىقىپتۇ. ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى: "سىلەر قورقساڭلار بىز ئىنقىلاب قىلىمىز" دەپ مەجلىستىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماڭا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ خەۋپتە تۇرغانلىقىنى ۋە قاملىش ئېھتىمالىنى ئېيتىپ، سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەتىسى (1944 - يىلى 10 - ئاي ئىچىدە) كەچقۇرۇن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ كۈزمىن دېگەن رۇس دوستى بىلەن يوشۇرۇنچە سوۋېتكە كەتتى. قاسىمجان قەمبىرى شەھەر سىرتىدا ئۆزىتىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى كەينىدە، ياخشى ئېسىمدە قالماپتۇ، سەيپۇللايوۋمۇ قېچىپ كەتتى.

دىمەك، 1944 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىگە كەلگەندە ئىلىقا، غۇلجا شەھىرى جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا تۇراتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتـ چىلىرى بىر ياقتىن قاماپ، غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى باستۇرۇشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلىقا قوزغىلىڭىنى يوقىتىشقا قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئىنقىلابنىڭ بورىنى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوراللىق ئىنقىلابىي ـــ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە شەرت تەييارلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇ ئىنقىلابنى توسۇش قولىدىن كەلمىدى.

# ئىككىنچى قىسىم

# ئىلقا قوزغىلىگى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

# بىرىنچى باب
# ئىلقا قوزغىلىڭى

1940 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي رايونىدا چارۋىچى خەلقلەر شىڭ شىسەينىڭ چارۋىچى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. خەلقنىڭ بۇنداق ئىستىخىيىلىك قوراللىق كۈرىشى بىرنەچچە يىل داۋام قىلىپ شىڭ شىسەي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىغا قاتتىق زەربە بەردى.
1943 ـ يىلى مارتتا قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلەر ئۈچۈن 10 مىڭ ھەربىي ئات تاپشۇرۇش سىيلىقى چۈشۈردى. بۇيرۇقتا، ئەگەر ئات تاپشۇرمىسا، بىر ئات ئۈچۈن 700 دوللار شىنجاڭ پۇلى تاپشۇرۇش شەرت ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. بۇ ئات سىيلىقى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكتىن، بۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ خىل نارازىلىق كەيپىياتلار كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ، ئاخىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت پارتلىشىنىڭ بىۋاسىتە پىلتىسى بولدى.

1944 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىم يىلىدا شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەقەلىرى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 120 نەچچە كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى تەشكىللىنىپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش پائالىيىتى

باشلانغانىدى، 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 384 ـ تۇەنى بەن مىڭيى قىسىملىرى تەمىنات ئەترىتىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئالتايغا كېتىۋاتقىنىدا ئۇلارنى قازاق پارتىزانلىرى قاسان زاراتكاھلىقى ئەتراپىدا توسۇپ زەربە بېرىپ غەلىبە قىلغانىدى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلقا ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئۇلاستايدا ئىلى خەلقىنىڭمۇ رەسمىي قوراللىق پائالىيىتى باشلاندى. ئىشنى سىيىت، ئەكبەر، پاتىھ قاتارلىق كىشىلەر باشلىدى. سىيىت بىلەن ئەكبەر ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، سىلىق تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان قازاق چارۋىچىلىرى ئىدى. ئۇلار 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىققان، تۈرمۈش كەچۈرۈش يولى قالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان ۋە قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئېيىنتال دېگەن يېرىدە گومىنداڭنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قېچىپ يۈرگەن پاتىھ مۇسلىموۋ ۋە ئۇنىڭ مەخپىي ھەرىكەت ئەترىتىدىكى خەمىت، نۇرۇم، ھۇشۇر، ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭغا قارشى ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

پاتىھ مۇسلىموۋ ئەسلىدە ئىلقا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، شېڭ شىسەيگە قارشى مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ بۇ پائالىيىتىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كەلگەندىمۇ داۋاملاشتۇرغان. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قورچاق ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ مەخپىي پائالىيىتىنى سېزىپ قېلىپ، بۇ پائالىيەت ئىچىدىكى ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لايىدىننى (موڭغۇل) قولغا ئالماقچى بولغاندا، لايىدىن زەھەر يەپ ئۆلۈۋالغان، پاتىھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇ كېيىن قايتىپ كېلىپ بىر گۇرۇپپا ھەمراھلىرى بىلەن تارراق دائىرىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن. سىيىت بىلەن ئەكبەرنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشى بىلەن بۇ گۇرۇپپا تېخىمۇ جانلانغان.

پاتىھ قاتارلىقلار كۆرەشنى قوراللىق داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ ئاتقا قورال تېگىشىش چارىسى بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرغان. ئات تېپىشقا سىيىت بىلەن ئەكبەر مەسئۇل بولغان

1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پاتىھ، ئەكبەر، سىيىت، خەمىت، ئوسمان، غېنى باشچىلىقىدا رەسمىي پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەنگەن. ئۇلار ئۇلاستاي تاغ رايونىنى بازا قىلىپ، جالىنقول، جارتوغان، كۆكباي قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزگەن ۋە شۇ يەرلىك ئابرويلۇق زاتلار، قەبىلە باشلىقلىرى شۇنىڭدەك گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشىلەر، ئوۋچىلارنى پارتىزان ئەترىتىگە قوبۇل قىلىپ، يېىردم ئاي ئىچىدىلا ئۆز قوشۇنىنى 600 دىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا نىلقا ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 50 تىن ئارتۇق قوراللىق ساقچىلارنى باشلاپ ئۇلاستايغا بېرىپ ھەربىي ئات سېلىقىنى سۈيلىگەن، ئۇلار قايتاشىدا پارتىزانلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ، ئون نەچچە ساقچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. پارتىزانلار بىرمۇنچە قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالغان.

مانا بۇ نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاتقان تۇنجى ئوقى ئىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۇلاستاي جېڭىدىن خەۋەر

تاپقاندىن كېيىن، قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ تېگى غۇلجىلىق خۇيزۇ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندېنى ئەھۋال ئىگەللەپ، تاقابىل تۇرۇش ۋە قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى.

لېكىن، پاتىھ قاتارلىق پارتىزانلار ئۇلاستاينى بازا قىلىپ، نىلقا ۋە باشقا جايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى سۆكۈپ، ئۇنى يوقىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاشكارا تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇنداقلا گومىنداڭنىڭ تارقاق قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنىمۇ تەڭ ئېلىپ بارغانىدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇ قورغاسنىڭ كەگەنساي دېگەن يېرىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە سائەت ئېتىشىپ، ئەكسىيەتچى قوشۇنغا كېلىشتۈرۈپ دەككە بەردى. ئەكبەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلارنىڭ يەنە بىر ئەترىتى باسلەگەنداۋىنىدا گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىپ ئون نەچچە ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئىككى پىلىموت، 70 دىن ئارتۇق مىلتىق ئولجا ئالدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پارتىزانلارنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان كۈرەش پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالدى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋۇ جۇڭشىن كېلىشنىڭ ئالدىدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولۇۋاتقان گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ قورچاق 7 ـ دىۋىزىينىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دۇ دېفۇنى پارتىزانلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى. دۇ دېفۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئالداش ۋە باستۇرۇشنى تەڭ يولغا قويماقچى بولۇپ، بىر تەرەپتىن نىلقا ناھىيىسىگە "ھال سوراش ئۆمىكى" ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن 128 ـ دىۋىزىيەدىن بىر پەي ئەسكەر،

ساقچى ئىدارىسىدىن نەچچە ئون ساقچىنى ئۈچ ماشىنا بىلەن باس-تۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن، ئۇلار "باستۇرۇش" ئېلىپ بارىدىغان يەرگە يېتىپ بارغۇچە يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان پارتىزانلارنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. قاتتىق سارىسىمىگە چۈشكەن دۇ دېفۇ سۇيدۇڭدە تۇرۇشلۇق قورچاق ئاماندلىقنى ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى 4 - تۈەنىنىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى شى خەيشەننى بىر ليەن ئەسكەرنى باشلاپ توققۇزتارا ئار-قىلىق مېڭىپ پارتىزانلارنى يوقىتىشقا، قورچاق ئىلى ساقچى ئىدارى-سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇنمىننى بىر بۆلۈك ساقچىلار بىلەن بېرىپ نىلقىنى قوغداشقا ۋە شۇ يەردىكى ئەسكەر، ساقچىلار ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ پارتىزانلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى.

جاۋ جۇنمىن نىلقىغا بارغاندىن كېيىن ھەربىي ۋە ساقچىلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ پارتىزانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئون نەچچە ئادىمى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، سەككىز ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى، 20 نەچچە تال مىلتىقى پارتىزانلار تەرىپىدىن غەنىيمەت ئېلىندى. باشقىلار يارىدارلىرىنى سۆرەپ قېچىپ كەلدى. شى خەيشەن باشچىلىقىدىكى بىرليەن ئەسكەرمۇ توسۇپ زەربە بېرىشكە يولۇقۇپ قېچىپ كەتتى. دۇ دېفۇ ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگراما يوللاپ ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

1944 - يىلى 10 ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە پارتىزانلار جەنۇب، شىمال، غەرب ئۈچ تەرەپتىن نىلقا ناھىيىسىنى قورشى-ۋالدى. ئەكبەر قوماندانلىقى ئاستىدىكى بىرىنچى چوڭ ئەترەت ناھى-يىنىڭ غەربىگە، باي چېيورىن قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئىككىنچى

چوڭ ئەتـرەت ناھيـسنىڭ شىمالىي تەرىپىـگە، غەربىي قوماندانـلىق قىلـغان ئۈچىنـچى چـوڭ ئەتـرەت ناھىـيىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىـگە ئورۇنلاشقانىدى.

شۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ ناھىيە بازىرىدىـكى قوراللىق كۈچلىرى ساقچى ئىدارىسى، كۈلۈب ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا يىغىلغا-نىدى. پارتىزانلار ئالدى بىلەن ئون كىشىلىك زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، كۈلۈبنى ساقـلاپ ياتـقان دۈشمەنـگە ھۇجۇم قىلـدى. كېيىن ئۈچ تەرەپلەپ ناھىيە بازىرىغا تەڭلا ھۇجۇم باشـلىدى. ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا ناھىيە بازىرىدىكى خەلق ئاممىـسىمۇ ئۆزلۈكى-دىن قولىغا كالتەك، توقماق ئېلىـپ ھۇگا-سۈرەن بىلەن پارتىزان-لارنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ گومىنداڭـنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىـلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. دۈشمەن ناھىيىلـىك ھۆكـۈمەت قورۇسـىدىكى تايانچ نۇقتىلىرىنى قولدىن بېرىپ، كۈلۈب ۋە ساقچى ئىدارىسـىنىڭ قورۇسى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمى ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكـتە بولۇپ، ئەتراپىدا يەنە قوم تاغارلىرىدىن قورۇل-غان مۇستەھكەم ئىستىھكامى بار ئىدى. پارتىزانلارنىڭ قورال-ياراغ-لىرى مىلتىق، ئوق مىلتىقى، كالـتەك، چوماق بولغانلىقـتىن، ساقچى ئىدارىسـىنىڭ مۇداپىئەسـىنى دەمالـلىققا بۆسـۈپ ئۆتەلـمەي، جەڭ شىددەت بىلەن بىر سوتكا داۋاملاشتى. ئاخىر، پارتىزانـلار كۈلۈبقا ئوت قويۇۋېتىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمىنى پارتلىـتىۋەتتى. شۇن-دىن كېيىن ھۇجۇم خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. 10 ـ ئايـنىڭ 7 ـ كۈنى 140 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئاق بايراق چىقىرىپ تەسـلىم بولىدىغان-لىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن نىلـقا ناھىـيە بازـىرى پۈتۈنـلەي پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى.

پارتىزانلار نىلقا ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭ-نىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلىرىدىن 30 نەچچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 140 دىن ئارتۇقراقىنى ئەسىرگە ئالدى، 66 تال مىلتىق، 9 ماۋزىر، 150 گرانات، 10 مىڭ پايغا يېقىن ئوق غەنىيمەت ئالدى. نىلقا تۈرمىسىدە قاماقلىق ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 100 نەچچىنى ئازاد قىلدى.

جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پارتىزانلار شتابى ئوسمان چوپاننى ناھىيە ھاكىملىقىغا، ئورازقانىنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، جاقابايىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىسى، قورچاق ھاكىم چى لوشېڭ، قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فېڭ ۋېيجۈن ھەم قورچاق ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى، پارتىزانلارنى باستۇرۇشقا كەلگەن شى خەيشەن، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۈنمىن، شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ياردەم بېرىپ پارتىزانلارغا كۆپ قېتىم زىيانكەش-لىك قىلغان مىڭبېشى، چوڭ زومىگەر قاناتبەگ قاتارلىق بىر تۈركۈم گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەكسىيەتچى كاتتىباشلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

نىلقىنى ئېلىش جېڭىدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان خەمىت ئېغىر يارىلىنىپ كېيىن قۇربان بولۇپ كەتتى.

پارتىزانلار نىلقىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭنىڭ غالى-بىيەت مېۋىسىنى ساقلاش، ناھىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گۈرساي ۋە نىلقىدىن غۇلجا ناھىيىسىگىچە بولغان مازارغا چارلىغۇچى قىسىملارنى ئەۋەتتى ۋە

ئۇلاستايدىكى پارتىزانلار شتابىنى ئىلقا ناھىيە بازىرى ئىچىگە كۆچۈ-رۈپ كىردى. بۇ چاغدا يەرلىك ۋە ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن پىدائىي بولۇپ كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان نۇرغۇن ئامما گومىنداڭ ئەكسىيەتـ-چىلىرىگە قارشى كۈرەش سېپىگە ئاتلىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىزانلار شتابى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئۆز سېپىنى تولۇقلىدى، پارتىزانلار قوشۇنى 800 دىن ئېشىپ كەتتى. پارتىزانلار شتابى ئۇلارنى ئۈچ ئەترەتكە ئايرىدى. بىرىنچى چوڭ ئەترەتتە 300 گە يېقىن كىشى بولۇپ ھەممىسى قازاقلار ئىدى. ئەك-بەر بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، سىيىت مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. ئىككىنچى چوڭ ئەترەتتە 250 گە يېقىن ئۇيغۇر، موڭ-غۇل ۋە ئاز ساندىكى شىبەلەر بولۇپ غېنى ئۇنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ كۆپ قىسمى رۇسلار بولۇپ ستوۋ ئىۋان ئۇنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ شان-شۆھرىتى ناھايىتى تېزلا تاراپ كەتتى. پارتىزانلارنىڭ كۈچى تېكەس، توقسۇزتارا چېگرىسىغا، قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي، قاراسۇ شىمالىي تېغى، مازارنىڭ شىمالىي، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى سامىيۈزى ۋە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ياماتۇ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ مازاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىمالدىكى گۆرسايغا يۈرۈش قىلىپ، جىڭ ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ يەردىكى پەيچۇسوسىغا ھۇجۇم قىلىپ، جىڭ ناھىيىسىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگىچە قىستاپ باردى.

بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا دۇ دېفۇ قاراسۇ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن بىر قىسمىنى يىغىپ قاش دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئالدىن چارلىغۇچى قىسىملار نىلقا ناھىيە بازىرىغا تۆت كىلومېتر كېلىدىغان جايغا يېتىپ كەلگەندە، پارتىزانلار دەرھال خەۋەر تېپىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى ۋە تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. گومىنداڭ قىسىملىرى رەت قىلغاندىن كېيىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاپ، گومىنداڭ قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرمۇنچىسى نەق مەيداندا ئۆلدى ياكى يارىدار بولدى. ئۇلار قېچىش ۋاقتىدا ئون نەچچە ئادىمى دەريادىن ئۆتكۈچە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى. قالغان ئون نەچچە ئادىمى تىرىك ئەسىرگە چۈشتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا پارتىزانلار غۇلجا ناھىيىسىگە يېقىن تۇرك مەھەللىسى، قاراسۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋېلىپ قاتتىق ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنى تارمار قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەت بەدىلىگە مۇھاسىرىنى تەستە بۇزۇپ قېچىپ كەتتى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جاسارىتى ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ 8- ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قورچاق زاپاس 7- دىۋىزىيىسىنىڭ 19- پولكىنى تۆەنجاڭ پېيڭ جۇنىيى باشچىلىقىدا ئىلىغا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا قورچاق 7- دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋ رۇلىڭنى ئىلىدىكى دۇ دېفۇنىڭ ئورنىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى.

ساۋ رۇلىڭ "ئىلى ۋىلايىتى تىنچلاندۇرۇش قوماندانى" مەنسىپى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق بارلىق گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا، قورچاق ئامانلىق ساقلاش پولكىغا، تولۇقلانغان بىر تۈەن زاپاس ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن، ئۆزىچە بۇرۇن تۈزۈلگەن "ئىلى ۋىلايىتىنى تىنچلاندۇرۇش پىلانى" ۋە "نىلقا ئەتراپىدىكى باندىتلارنى تازىلاش پىلانى"نى تەرتىپكە سېلىپ، ئىلىدىكى جەڭگە سېلىشقا بولىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مازار، ياماتۇ ئارقىلىق شەرق تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا، كۈچادىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ تۈەنىنى رادىئو ئاپپاراتى بىلەن كۈچادىن چىقىپ مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ تېكەسكە كېلىشكە، ئۈرۈمچىدىكى قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 21 ـ پولكىنىڭ باشلىقى جاڭ شۈەنچۈننى پولكقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار ۋە مەزكۇر پولكنىڭ 1 ـ باتالىئوننى ئېلىپ ماناستىن جىڭغا ئاندىن جىڭ ئارقىلىق گۈرسايغا كېلىپ ئىلى تەرەپنى توسۇشقا بۇيرۇق بەردى.

ئەمما، 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نىلقا پارتىزانلىرى مازاغا قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى. مازار قولدىن كەتسە غۇلجا ۋە جىڭ تەبىئىي توساقتىن مەھرۇم بولاتتى. گومىنداڭچىلار ئەمدى نىلقىدىكى "باندىتلارنى تازىلاش" توگۈل ئۆزىنىڭ غېمىنى يېيىش كويىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ رۇلىڭ ماناستىن يولغا چىققان 21 ـ پولكنىڭ تۈەنجاڭى جاڭ شۈەنچۈنگە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ، 3 ـ باتالىئون شىخوغا كىرىپ جايلاشقاندىن باشقا، 1 ـ روتا جىڭغا، ئەسلىدە ساۋەندە تۇرۇۋاتقان 21 ـ پولكنىڭ 1 ـ باتالىئونى ماناسقا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرسۇن دەپ ئۇقتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالدامچىلىق

نەيرىگىنى ئىشقا سېلىپ 10 ـ ئايىنىڭ 21 ـ كۈنى قورچاق ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياگخەينى "تەش ـ
ۋىق ـ تەرغىپ" ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتتى.
دېڭ شياگخەي ئۆزى بىلەن بىرگە گوۋاڭ لۇ، سا راچۇن قاتارلىق
كىشىلەرنى ئېلىپ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
ھەر ساھە كىشىلىرى قاتناشقان 100 نەچچە كىشىلىك سۆھبەت يىغىنى
ئېچىپ، ھەر خىل ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنى يۈرگۈزدى. ئۇلار:
"ئىلقا ۋەقەسى شېڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت" دېگەن ـ
لەرنى داۋراڭ سېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى.
تۈرمىدىكى "جىنايەتچىلەر"نى قويۇپ بېرىش، جەسەتلەرنى ئالماشتۇ ـ
رۇش، مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش...
دېگەندەك نەيرەڭلەر بىلەن كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىنى قولغا
كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى ۋە خەلقنىڭ غەزىپىنى باسماقچى بولدى.

ئەمەلىيەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دېگىنى بىلەن قىلىقىنىڭ
بىردەك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. دېڭ شياگخەي "تەشۋىق ـ تەرغى ـ
بات" نەيرىگى ئىشلىنىۋاتقان چاغنىڭ ئۆزىدە، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ
كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى تاشداۋان
ئارقىلىق ئىلىقىغا ھۇجۇم قوزغىدى. پارتىزانلار شىتابى تاقابىل
تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئەكبەر رەھبەرلىكىدىكى بىرىنچى چوڭ
ئەترەتنى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە، ستوۋ ئىۋان
رەھبەرلىكىدىكى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنى قارىتۆپە، تۆتە قاتارلىق
يەرلەردە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەكبەرنىڭ چوڭ ئەترىتى
بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا باسلىگەنداۋىنىدىن ئۆتۈپ،
دۈشمەنلەرنى سايدا توسۇپ جەڭ قىلدى. بۇ جەڭ ناھايىتى شىد ـ

دەتلىك بولۇپ بىر سوتكا داۋاملاشتى ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئەجەللىك زەربە يەپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دۈشمەننىڭ سايدا 80 ئۆلۈكى، 70 تالدىن ئارتۇق مىلتىقى قېپقالدى. قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ بەزى ئەسكەرلىرىنى خەلق ئاممىسى تۇتۇۋېلىپ پارتىزانلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان "تەشۋىق-تەرغىب"نىڭ رەزىل ماھىيىتى خەلققە ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي يەنىلا ھەربىي يول بىلەن بېسىقتۇرۇش، سىياسىي جەھەتتە بىخۇدلاشتۇرۇش ۋە ئالداش، قورقۇتۇش چارىلىرىدىن ۋازكەچمىدى. ئۇلار ئاتالمىش "ئالتە ئوغرىغا قارشى تۇرۇش" تەرغىباتىنى ھە دەپ بازارغا سېلىپ، نىلقىدىكى خەلق قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى پەقەت "ئالتە ئوغرىنىڭ توپىلىڭى" دەپ كۆرسىتىشكە ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقى ۋە نەيرەڭلىرى تامامەن بىكارغا كەتتى. خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ ئوتلىرى كۈچلۈك يالقۇنجاپ، بارغانسېرى كېڭەيدى، خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ پاتىھ، ئەكبەر، غېنى، ئوسمان، نۇر، ھۇشۇر بۇ ئالتە نەپەر رەھبىرى ئاللىقاچان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ھۆرمەتلىك باتۇرلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ "ئالتە باتۇر" خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئاتلىنىپ گومىنداڭچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، نىلقا قوزغىلىڭىنى باشلاش، ئۇلغايتىشتا ۋە غۇلجا قاتارلىق باشقا بىرمۇنچە جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشتا كاتتا قەھرىمانلىق رول ئوينىغانىدى.

# ئىككىنچى باب
# غۇلجىنىڭ ئېلىنىشى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

غۇلجىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىنى توسۇش، باشقا جايلاردىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي ھازىرلىق ۋە مۇداپىئەسىنى غالجىرلىق بىلەن كۈچەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىلىقىدا پارتلىغان خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى غۇلجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى تاغلىق رايونلارغا جەلپ قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار غۇلجا شەھىرىدە ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك تاقابىل تۇرۇپ كېتەلمەيتتى. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، غۇلجا شەھىرىدىكى ئىنقىلابچى ياشلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. يەر ئاستى تەشكىلات “ئازادلىق تەشكىلاتى” ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىلغان تەشۋىقاتىنى يېڭىباشتىن جانلاندۇرۇپ، ئىلىقىدىكى قوراللىق پارتىزانلارنىڭ ئەمەلىي كۈرىشىگە ماسلاشقان ھالدا، ھەر مىللەت خەلقىنى قولىغا قورال ئېلىپ ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن قوراللىق بېسقۇنچىلىق سىياسىتىدە چىڭ تۇردى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى سۇلتانئۆيىس مازىرى، چوڭ قاراسۇ، كىچىك قاراسۇ ئارقىلىق ئۇلاستايىغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. پارتىزانلارنىڭ ئەكبەر باشچىلىقىدىكى بىرىنچى چوڭ ئەترىتى بۇيرۇققا ئاساسەن باسلىگەنداۋنىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشتىن تاشقىرى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنگەن ستوۋ ئىۋاننىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇن-لىرىغا كۆچلۈك زەربە بەردى ۋە گومىنداڭنىڭ 17 ئەسكىرىنى ئەسىر، 14 تال مىلتىقىنى ئولجا ئېلىپ، غەلىبە بىلەن ئۇلاستايىغا قايتىپ كەلدى. ئاققوي سېيىنى ساقلاپ تۇرغان پارتىزانلار ئىككىنچى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى غېنى بىر بۆلۈك پارتىزانلارنى باشلاپ ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا ئويىنغىلى كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساي ئېغىزىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىگەللىۋالغان بولسىمۇ، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش شتابى رەپىق، باي چىيۇرىن ئەترەتلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكتىن ئاققوي سېيى ئېغىزى قايتا تارتىۋېلىندى.

غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىمۇ قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق قىلدى. "ئازادلىق تەشكىلاتى" ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي ئۇلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىمەكتە ئىدى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ غۇلجىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنى تەييارلاش، تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش مەقسىتىدە

سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا بېرىپ قورال - ياراغ سېتىۋېلىش ئىشى ئۈستىدە جىددىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، غۇلجا خەلقىنىڭمۇ قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نىلقا پارتىزانلىرىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولدى. 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قورچاق زاپاس 7 - دىۋىزىيە 19 - پولكىنىڭ 2 - باتالىئونى ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھاۋادىن ماسلىشىشى بىلەن نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئاققوي سېيىغا جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم باشلىدى. بۇنداق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قىلىنغان ھۇجۇمدا، قورال - ياراغلىرى ئاز، ئاجىز پارتىزانلار ئاققوي سېيىنى تاشلاپ چېكىنىشكە باشلىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاققوي سېيىنىڭ ئېغىزىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، قاش دەرياسىنى ياقىلاپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلارنىڭ غېنى باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئەترىتى ھەممە تەرەپتىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ناھىيە بازىرىنى ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ چىقىپ ئۇلاستايغا چېكىندى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى كەچقۇرۇن نىلقا ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىنى بېسىۋالدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەنە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر روتا ئەسكىرى يەنە ئىككى ئايروپىلاننىڭ ماسلىشىشى بىلەن ھۇجۇم ياساپ غۇلجىدىن نىلقىغا بېرىشتىكى ئۆتەڭ قاراسۇنى بېسىۋالدى.

ئەتىسى، يەنى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئالدىنقى كۈندىكى غەلىبىسىدىن ئېسەنكىرەپ، تېرىسىگە سىغماي قالغان گومىنداڭچىلار ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھاۋادىن ماسلىشىشى بىلەن قاراسۇدىن ئۇلاستايغا ھۇجۇم باشلىدى. جالىڭقولدىكى پارتىزانلار ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىپ دۈشمەننى ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىپ كىردى، ئۇلاستايغا يىغىلغان

پارتىزانلار ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانلىقتىن، بېسىپ كىرگەن دۈشمەننى ئۈچ تەرەپلەپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ كەسكىن جەڭ قىلدى. پارتىزانلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئاجىز بولسىمۇ، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىپ قارشى تۇردى. مىلتىقى يوق پارتىزانلار قىلىچ، كالتەك، چوماق، پالتىلار بىلەن جەڭ قىلدى. بەزى چارۋىچىلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە سالما تاشلاپ ئېلىشتى. گىرەلەشمە جەڭ سەككىز سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلىپ، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان دالا قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئاخىر، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 47 سى ئۆلتۈرۈلۈپ، 12 سى ئەسىرگە ئېلىندى، ئۈچ پىلىموت، 32 مىلتىق، ئون ساندۇق ئوق ۋە باشقا بىرمۇنچە ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ناھايىتى ئازلىرى قېچىپ قۇتۇلدى. چۈنكى، پېتىراپ كەتكەن گومىنداڭچىلارنى يول، ساي، تاغ باغىرلىرىدا ھەر مىللەت ئاممىسى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ يوقاتقانىدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە پارتىزانلارنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى، بىرىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى ئەكبەر ئېغىر يارىدار بولدى (كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى)، ئەكبەرنىڭ ئىنىسى سىيىت ئۇنىڭ ئورنىدا بىرىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

بۇ قېتىمقى ئۇلاستاي ئۇرۇشىدىن كېيىن گومىنداڭچىلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت ۋالىي گاۋ ۋېي، قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىندېلەر

ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم سورىدى. تېلېگراممىدا: "ئىلقا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچى خەلق ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار قاش (دەرياسى)نى ياقىلاپ ھەرىكەت قىلىپ، سۈلتانئۆيىس مازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قوشۇنلىرىمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى جەڭدە نۇرغۇن ئادەم ۋە قورال - ياراغ زىيان تارتتۇق. يەرلىك ئاممىنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى... ئىلىغا بارغان ماشىنىلار قانغا بويۇلۇپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ماشىنىلار پۈتۈنلەي يارىدارلارنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر تېخىمۇ ئەنسىزلىككە چۈشتى....قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى پاتىھ، غېنى، ئەكبەر، قۇربان، بايچۇرىن. ئۇلاردا ھازىر 300 دىن ئارتۇق مىلتىق، 1500 دىن ئارتۇق ئادەم بار، ھەممىسى ئاتلىق. غۇلجىنىڭ پەنجىم، جېلىلىيۈزى، قورغاسنىڭ لوسىگۇڭ قاتارلىق يەرلىرىدە مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانماقتا...ئىلى ئېغىر تەھدىت ئاستىدا، شۇڭا تېزلىكتە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىڭلارنى سورايمىز" دېيىلگەن.

قوزغىلاڭچى پارتىزانلار شۇ كۈنى ئۇلاستايدا دەم ئالماقتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش شتابى قوشۇنلارنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ سۈلتانئۆيىس مازىرى دائىرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلدى.

غۇلجىدىكى "ئازادلىق تەشكىلاتى"، غۇلجىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تاشقى سەپلەرگە كېتىپ، شەھەر مۇداپىئەسىدە ئاز كۈچى قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە

كەلتۈرۈپ، تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. ھەممە ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ سۇلتانئۆۋەيس مازىرى ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاقىتلىق ۋازكېچىپ، ئۈچ تەرەپلەپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇ ئارقىلىق ئىچكى، تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ بىر يولىلا غۇلجىنى ئازاد قىلىشنى قارار قىلىپ ئىلقا پارتىزانلىرىغا ئالاقىچى ئەۋەتتى.

بۇ چاغدا پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 1500 دىن ئارتۇق بولسىمۇ، قورال‌لىق قوشۇنى 300 گە يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوراللار ئاددىي، يەرلىك قوراللار ئىدى، بىر قىسمى غەنىيمەت ئېلىنغان بولسىمۇ ئوقى كەمچىل ئىدى. لېكىن پارتىزانلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىش ئىرادىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. پارتىزانلار شتابى "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ يوليورۇقى بويىچە غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا پائال تەييارلىق قىلدى: پارتىزانلارنى "يوقىتىش" ئۈچۈن غۇلجىدىن چىققان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە بىر قىسىم كۈچىنى ئاۋۋالدا قالدۇرغاندىن باشقا، ئاساسلىق قىسىم ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئۇدۇللاپ غۇلجىغا قاراپ ماڭدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا ئالدىراش جىددىي تېلېگرامما يوللاپ: "غۇلجىدا قوزغىلاڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرماقتا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان قورال ـ ياراغلار شەھەرگە توشۇلۇپ بولدى!" دەپ خەۋەر قىلدى.

لېكىن، گومىنداڭچىلارنىڭ غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ

ئالدىنى ئالالىغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا دەلىلقان سۇگۇربايوۋ باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى جىمىنەي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن سارسۇمبە، ئۇرۇمچىنىڭ شىمالى ۋە مىچۇەن ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەنىدى، بۇنداق ئەھۋالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شەرقتىن ياكى شىمالدىن غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر يۆتكەشكە چامى يەتمەيتتى.

ئىلقا پارتىزانلىرى "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە غۇلجىغا رەسمىي ئاتلاندى. ئاساسەن قازاقلاردىن تەشكىللەنگەن بىرىنچى چوڭ ئەترەت سېيتىنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالى تەرەپىدىن، ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى چوڭ ئەترەت غېنىنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن، ئاساسەن رۇسلاردىن تەشكىللەنگەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پاتېننىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ئۈچ ئەترەتكە يەنە پاتىخ ئومۇمىي باش قوماندانلىق قىلدى، قوزغىلاڭچى پارتىزانلارغا كالتەك، ئارا، چوقماق، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان مىڭلىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئەگەشكەنىدى.

غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش ئىشى كۈتكەندىكىدەك دەمال ئوڭۇشلۇق بولالمىدى. چۈنكى، پارتىزانلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تەڭ يېتىپ كېلەلمىدى، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت تۇرپانيۇزىگە كېلىش بىلەنلا توختاپ قالغان، بىرىنچى چوڭ ئەترەت ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالغانىدى. پەقەت ئىككىنچى چوڭ ئەترەتلا ئەسلىدىكى پىلان بويىچە غۇلجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇباغا يېتىپ كېلىپ قورچاق ئىلى

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم باشلىدى، تۈرمىگە قامالغان-
لارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ پارتىزانلارغا ئەگىشىپ تەڭ ھۇجۇمغا
ئۆتتى. ئۇلار گىر بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، قورچاق گومىنداڭ
128 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 3 ـ باتالىيونى ئۈچ ئايروپىلاننىڭ ھاۋادىن
ماسلىششى بىلەن پارتىزانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. پارتىزان-
لاردىن تۆت ئادەم، 34 ئات ئۆلدى. چېكىنىش يەنىمۇ كۆپ بولۇپ
كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پارتىزانلار تۇرپانيۈزىگە چېكىنىپ
كەتتى ۋە ئۇ يەردىكى بىرىنچى، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتلەر بىلەن
قوشۇلدى.

شۇ كۈنى كەچتە پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئازادلىق
تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقىلاشتى.
قوماندانلىق شتابى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، ئالېكساندىر، رەھىمجان
سابىر ھاجى، ماناپ بېكتېمىروۋ ھەمدە قاسىمجان قەمبىرى، مازاروۋ
(رۇس) لاردىن تەركىب تاپقانىدى.

ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى غۇلجىغا ھۇجۇم
قىلىشنى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە بەلگىلىگەنىدى، بۇنى دۈشمەن
بىلىپ قالغاچقا، ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوۋېت ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە كۈنى بولغان 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەر
بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى، تۇرپانيۈزىدە تۇرۇشلۇق ئۈچ چوڭ
ئەترەتنىكى پارتىزانلار سىرتتىن ھەمدەملىششنى قارار قىلدى.
بۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى نىلقا، ئۇلاستاي،
سۇلتانئۇۋەيس مازىرى قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، شەھەر ئىچىدە
يەنىلا قورچاق 128 ـ دىۋىزىيە 382 ـ پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونى،
ئاۋئاتسىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى، قورچاق ئامانلىق ساقلاش 4 ـ

پولكى قاتارلىق قىسىملار جايلاشقان، ئادەم سانى 1500 دىن كۆپ ئىدى. لېكىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇلار يىغىنچاق ئەمەس، ئىلى ۋىلايەتلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسى، تېرە زاۋۇتى، لامپا زاۋۇتى، ھەرەمباغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشقانىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەڭ زەھەرلىك سۇيىقەستى شۇ بولدىكى، ئۇلار مىللىي ئۆچمەنلىك ئورۇقىنى چېچىپ "پارتىزانلار خەنزۇ بولسىلا قىرىپ تاشلىماقچى..." دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپ، غولجا شەھىرى ئىچىدىكى سودىگەرلەرگە ۋە بىر قىسىم خەنزۇ ئاممىغا قورال تارقىتىپ، ئۇلارنى پارتىزانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما، خەنزۇلار ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەزگۈچىلەر قوراللانغان بولسىمۇ، ئەمگەكچى خەنزۇ ئاممىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارقىتىلغان قوراللارنى ئېلىشتىن باش تارتتى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئۈچتە ئابدۇكېرىم ئاbbاسوۋ بىلەن ئالېكساندىر كۆپىنچە ئىلىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر، قازاقلاردىن تەشكىللەنگەن قوراللىق (ئاپتوماتلىق) 60 پارتىزاننى ئېلىپ، ئىككى تۈننى ئۇق ـ دورا، ئىككى پىلىموت، بىر مىناميوت بىلەن قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىبىنتال دېگەن جايىدىكى چېگرىدىن ئۆتۈپ، باياندائي ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلدى ۋە غۇلجىدىكى پارتىزانلارغا باشچىلىق قىلىپ قورچاق ساقچى ئىدارىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار تېزلىكتە قورچاق ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ غەربىدىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىناسىنى ئىشغال قىلىپ، شىددەتلىك ئوت كۈچى ئارقىلىق قورچاق ۋالىي مەھكىمە، قورچاق ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، كەسپىي شىركەت

ئارىلىقىدىكى قاتناش يولىنى قامال قىلدى.

ئىلقا پارتىزانلىرىمۇ ئۇلارغا ماسلاشتى. پارتىزانلارنىڭ غېنى باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئەترىتى قورچاق غۇلجا شەھەرلىك 1 - رايون ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىپ، قامىلىپ ياتقان 80 دىن ئارتۇق ئاممىنى قويۇپ بەردى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈچ دەرۋازا تەرەپكە توپلانغان پارتىزانلارغا جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئىككى سائەتلىك شىددەتلىك جەڭدە بۇرۇنقىغا يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى ئىككى چوڭ ئەترەتتىكى پارتىزانلارنىڭ بۆلۈنۈپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرى تۇرىدىغان پونكىتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرمۇ ئالالماي ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەنلا قالدى.

مۇشۇ كۈندىكى جەڭدە قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندې پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

جەڭ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىمۇ داۋام قىلدى. پارتىزانلارنىڭ سىيىت ۋە قۇربان بۇرھانىدىن باشچىلىقىدىكى بىرىنچى چوڭ ئەترىتى 600 دەك ئادەم (قورالى بارلىرى 170 ئادەم، قالغانلىرى كالتەك، نەيزە كۆتۈرگەن ئاممىۋى ئىدى) بىلەن دۈشمەننىڭ غۇلجىدىكى قورچاق سىلىڭبۇسىغا ھۇجۇم قىلدى. غېنى قوماندانلىق قىلغان ئىككىنچى چوڭ ئەترەت قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك باش ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك داۋام قىلىپ، پارتىزانلار

كەينى ـ كەينىدىن سايبويى، ئالتەشوئار كوچىسى، قورچاق سىلىڭبۇغا بارىدىغان كۆۋرۈكبېشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

تەمتىرەپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ "ئىلىنى تىنچىتىش" قوماندانى ساۋ رۇلىڭ غۇلجىدىكى ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە ساقچىلارغا ساقچى ئىدارىسى، ۋالىي مەھكىمە، كەسپىي شىركەتلەرنى جان تىكىپ قوغداش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق بېرىش بىلەن بىرگە ئىلقىدىكى چېن يۇگچيەن باتالىئونىغا كېچىلەپ غۇلجىغا كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ۋە گۆرساي، جىڭدىكى قورچاق 21 ـ پولكنىڭ تېزدىن غۇلجىغا كېلىشى توغرىسىدا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتتى، شۇنداقلا جاڭ شۈەنچۇننىڭ ئۆز تۈەنىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسىملىرىنى سۇلتانۋەيس مازىرىدىكى بازىسىدىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

پارتىزانلارنىڭ لېسكىن باشچىلىقىدىكى ئەترىتى ئۇرۇمچى ـ قورغاس تاش يولى ئۈستىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان كەڭسايىنى ئىگەللەپ، ئاكوپ كولاپ، يولىنى توسۇپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ-چىلارغا ياردەمگە كەلمەكچى بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. قورغاس تەرەپتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتىمۇ كونائېرتەي، چىڭسىخوزا قاتارلىق جايلارنى ئىگەللەپ ئۇلارغا ماسلاشتى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گومىنداڭ قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسى 21 ـ پولكنىڭ جاڭ شۈەنچۈن قوماندانلىق قىلىۋاتقان باتالىئونى شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن پارتىزانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ يېرىم كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ باتالىئوننىڭ تەركىبىدىكى ليەنجاڭ ۋاڭ جېنپىڭ، پەيجاڭ سۈي شىڭاۋ، ۋاڭ شۇبىڭ، ۋاڭ

زىڭفۇلار جەڭدە ئۆلدى. يەنە بىر لىيەنجاڭ يەن تاڭشېڭ بىلەن پەيجاڭ ۋۇ دېپىڭ يارىدار بولۇپ، بىرمۇنچە ئەسكەرلىرى ئۆلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە پارتىزانلار كوچا ئېغىزلىرىنى قامال قىلىۋېلىپ دۈشمەننىڭ تەمىنات لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. تۇەنجاڭ جاڭ شۇەنچۈن مازاردا تۇرۇشلۇق قالدۇق قىسىملىرىنىڭ غۇلجىغا ياردەمگە كېلىشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئەۋەتىشتىن تاشقىرى ئۆز ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ساۋ رۇلىڭغا تېلېگرامما بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى پۈتۈن شەھەر بويىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى "ھۇررا" ساداسىنى ياڭرىتىپ گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ساقچىلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە ئوق ئاۋازى تۇتاش كۆتۈرۈلۈپ، "قىر"، "چاپ" ئاۋازى شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە ساقچىلىرى قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. شۇ كۈنكى ھۇجۇم بىلەن ئۈچىنچى ئىسكىلاتنى ساقلاۋاتقان 400 دىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولۇپ ھەقىقەتكە قايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىكى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن پارتىزانلار قاتارىدا ئۇرۇشقا قاتناشتى.

بۇ كۈنكى ئۇرۇشتا پارتىزانلارنىڭ سىيىت بىلەن قۇربان بۇرھانىدىن قوماندانلىقىدىكى بىرىنچى چوڭ ئەترىتى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قورچاق قوماندانلىق شتابىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى.

قوماندانلىق شتابىدىكى گومىنداڭچىلار پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئەڭ كېلەلمىدى. ساۋ رۇلىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى، ئۇ يېڭىلگەن قالدۇق قوشۇنلىرىنى، ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ۋە يۇقىرى تەبىقە خەنزۇ سودىگەرلىرىنى باشلاپ ھەرەمباغقا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ چاغدا ئىلىقىدىن غۇلجىغا ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىپ، شەھەرگە كىرەلمەي ھەرەمباغقا تىقىلىۋالغانىدى. ساۋ رۇلىڭنىڭ قاچاقلىرى ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالدى.

پارتىزانلار قورچاق قوماندانلىق شتابىنى (ۋالىي مەھكىمىنى) ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىدىن 32 نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 22 تال مىلتىق ئولجا ئالدى. ئىلى قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىق شتابى قورچاق قوماندانلىق شتابى ئورنىغا كۆچۈپ كىردى.

قورچاق قوماندانلىق شتابىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى سىيىت ئېغىر يارىلاندى، شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۇلاستاي ئۇرۇشىدا يارىدار بولۇپ داۋالىنىۋاتقان ئاكىسى ئەكبەر بىلەن بىرۋاقىتتا قۇربان بولدى. سىيىتنىڭ ئورنىدا بىرىنچى چوڭ ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەنگەن قۇربان بۇرھانىدىن پارتىزانلارنى باشلاپ ھاۋا رايى ئىستانسىسىغا كىرىۋالغان گومىنداڭ-چىلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ 11 ئادىمىنى ئۆلتۈ-رۈپ، 27 مىلتىقىنى ئولجا ئالدى. ئۇلار مۇشۇ غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن روھلىنىپ داۋاملىق زەربىدارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسى ۋە قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارى-سىگە ھۇجۇم قىلىپ بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

پارتىزانلارنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن تەمتىرەپ قالغان گومىنداڭچىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭلار 11-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئىلى رايونىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ: "گەرچە ھازىر ھەربىي رادىئو پىريومنىك ئالاقىسى توسالغۇسىز ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، غۇلجىدىن سۈيدۈڭ، كەڭسايغا بارىدىغان تاش يول قاتنىشى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئېرتەي ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس باندىتلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، سۈيدۈڭ خەۋپ ئىچىدە، ئارشاڭ مۇھاسىرىدە قالدى. بورتالا، قورغاسلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. غۇلجىدىكى قوشۇنلىرىمىز باندىتلار بىلەن كېچە-كۈندۈز كوچا ئۇرۇشى قىلماقتا، چىقىم ئېغىر، ياردەم قىلىشقا، ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئايرودروم باندىتلارنىڭ زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقاچقا، چوڭ ئايروپىلانلار قونالمايۋاتىدۇ" دەپ پەرياد سالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تۇرپاندىن بىر باتالىئون، قاراشەھەردىن بىر باتالىئون ئەسكەرنىڭ ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېزدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىن بىر باتالىئون ئەسكەرنىڭ جىڭغا بېرىپ، ئىلىنىڭ تاش يول قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

پارتىزانلارنىڭ ئىلى قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئىككىنچى چوڭ

ئەترىتى قورچاق باش ساقچى ئىدارىسىگە ئىككى كۈن ھۇجۇم قىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا قورچاق باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي تۈرمىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى قىرغىن قىلىپ، ئۆزى چاپچال ئارقىلىق كۈرەگە قېچىپ كەتكەنىدى. پارتىزانلار قورچاق باش ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلغاندا گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىدىن 107 كىشىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. ۋە گاۋ ۋېي تېخى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن 200 دىن ئارتۇق ئاممىنى ئازاد قىلدى. 190 دانە ھەر خىل قورال، 300 دانە قول بومبىسى، 30 مىڭ پاي ئوق غەنىيمەت ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق تايانچ پونكىتلىرى قوزغىلاڭچى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بولدى، دۈشمەننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ھەرەمباغ، ئايرودروم، ئاۋىئاتسىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى، گۈيۋاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق ئازغىنا ئورۇنلارغا تىقىلىپ يېتىپ، جېنىنى ھاۋادىن تاشلانغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر بىلەن باقىدىغان كۈنگە چۈشۈپ قالدى.

"ئازادلىق تەشكىلاتى" مەخپىي ھەرىكەت باسقۇچىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز مەدەنىيەت ئاقارتىش كۇلۇبىدا تەنتەنىلىك چوڭ يىغىن ئېچىلىپ "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبى ۋە ھەيئەتلەر نامزاتلىرى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىلا "ئازادلىق تەشكىلاتى" رەھبەرلىك كومىتېتى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ

قارارلاشتۇرۇلغانىدى.

قارارغا ئاساسەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىچكى ئىشلار نازارىتى، تەپتىش نازارىتى، ئالىي سوت، مالىيە نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، دىنىي ئىشلار نازارىتى، ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى، ترانسپورت ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى: ئېلىخانتۆرە، ھاكىمبەگ خوجا، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مەھەممەتجان مەخسۇم، ھەبىب يونىچى، ئەنۋەر موسابايوۋ، ئوبۇلخەيرىتۆرە، ماسكولىيوۋ... قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى.

ئېلىخانتۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلەندى.

ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسىغا يېرىم ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ، دەپ قارار قىلدى. گومىنداڭ بايرىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، يېڭى ھۆكۈمەت بايرىقى ئېسىلدى. ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە «شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» نەشر قىلىش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلىندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت توققۇز ماددىلىق سىياسىي پروگراممىنى ئېلان قىلدى (بۇ پروگراممىدا بەزى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، 1945 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۆزگەرتىلگەن يېڭى توققۇز ماددىلىق پروگرامما ئېلان قىلىندى). ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

1. خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل ئىستىبدات سىياسەتلىرىنى بىكار قىلىش؛

2. ھۆكۈمەتنى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛

3. ئارمىيە خەلققە مەنسۇپ بولۇش؛

4. ھەممە مىللەت باراۋەر بولۇش؛
5. دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىش؛
6. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى خەلق سايلاش؛
7. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛
8. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛
9. ئۇيغۇر يېزىقىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان يېزىقى قىلىپ بېكىتىش.
سىياسىي پروگراممىغا ئاساسەن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:
ھەرقايسى جايلاردا ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوراللىق كۈچلەر ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق تەشكىللەش؛
پارتىزانلارنىڭ ھەربىي تەمىناتى ۋە ھەربىي ئاتلارنى بىر تۇتاش ھەل قىلىش؛
گومىنداڭنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مال ـ مۈلكى قىلىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئاساسىنى ئورنىتىش؛
شەھەر، بازارلاردا ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛
ئىلىدىكى پارتىزانلار مەخپىي قوماندانلىق شتابىنى رەسمىي باش قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، نامىنى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي باش قوماندانلىق شتابى" دەپ بېكىتىش؛
گومىنداڭ قوشۇنلىرى يەنىلا ھەرەمباغ، لياڭشاڭ ۋە ئايرودروم قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىگەللەپ يېتىپ، ئۇرۇمچىدىن ھەربىي ياردەم

كۆتۈۋاتقانلىقى، سۈيدۈڭ، كۆرە قاتارلىق يەرلەردە گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، باش قوماندانلىق شتاب تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ قورشۇۋېلىپ، يىل (1944 ـ يىل) ئاخىرىغىچە ئىلى رايونىدىكى گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش؛

2. ئاچال، كەڭساي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي ياردەمنى كۆپەيتىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛

3. ھەرقايسى جايلاردىكى تارقاق پارتىزان ئەترەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەرتىپكە سېلىش؛

4. ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلىرى ئولجا ئالغان قورال ـ ياراغ ۋە باشقا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قايتا تەقسىم قىلىپ، قورال ـ ياراغلىرى كەمچىل پارتىزان ئەترەتلىرىگە تولۇقلاپ بېرىش؛

5. گومىنداڭ ئىگەللەپ تۇرغان رايونلارغا رازۋېتكا قىسىملىرىنى ئەۋەتىش، كىچىك كۆلەمدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەش، شۇ يەردىكى خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشىگە يول قويماسلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلى ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز جايىدا يوقىتىش.

# ئۈچىنچى باب
# غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى

گومىنداڭچىلار ئىلى رايونىدىكى قوزغىلاڭچى پارتىزانلارنىڭ خەلق ھاكىمىيىتى ۋە بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا كۈنسايىن كۈچىيىپ ھەممە جەھەتتىن يېتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ تېپىرلاپ كېتىشتى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە ھەربىي كېڭەش ئېچىپ، ئۆزىنىڭ لەنجۇدىكى قوماندانلىق شتابىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىشنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلدىكى قورچاق 29 - ئارمىيە قوماندانى لى تيېجۈنىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلى تەرەپكە يۈرگۈزۈلىدىغان ھەربىي باستۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ھەربىي كېڭەشتە، جۇ شاۋلياڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش ھەربىي پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بەش يولغا بۆلۈنۈپ ئاتلانماقچى ئىدى. يەنى، كۈچەيتىلگەن بەش روتا ئەسكەر ئۈرۈمچى - قورغاس تاش يولىنى بويلاپ تەلكەداۋىنىدىن ئېشىپ، ئېرتەيدىكى ئىككى باتالىئون ئەسكەر بىلەن قوشۇلۇش، ئاندىن سۈيدۈڭدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىغا ھۇجۇم

قىلىش — بۇ، بىرىنچى يول ئىدى. ئىككىنچى يولدىكى ھۇجۇمنى كۆچەيتىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىئونى جىڭ، شىخولارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئاچالداۋىنىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش؛ ئۈچىنچى يول بىلەن ئىككى كۆچەيتىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى قاراشەھەرنىڭ داغىتىداۋىنىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، توققۇز تارا ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش؛ تۆتىنچى يول بىلەن كۆچەيتىلگەن بىر باتالىئون ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، مۇزاتداۋىنىدىن ئېشىپ موڭغۇلكۈرە ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلىش؛ بەشىنچى يول بىلەن بىر كۆچەيتىلگەن باتالىئون ئارشاڭ، سايرام ئارقىلىق مېڭىپ كەڭساي ۋە قورغاستا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ، غەربىي شىمالىي تەرەپتىن غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش.

جۇ شاۋلياڭ غۇلجىغا بەش يول ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەي، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەنە قورچاق زاپاس 7 - دىۋىزىيە ۋە 11 - دىۋىزىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، لى يۈيشياڭنىڭ قورچاق زاپاس 7 - دىۋىزىيە ۋە 45 - دىۋىزىيىنىڭ ئۈچ پولكىغا بىر ئورتاق قوماندانلىق قىلىپ غۇلجىدىكى قالدۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشنى بۇيرۇدى. لى يۈيشياڭنىڭ قوماندانلىق شتابى جىڭغا ئورۇنلىشىپ، غۇلجىدىكى قالدۇق قوشۇنلارغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بەرگەچ تۇرۇش ئۈچۈن، مەجبۇرىي ھاشار تۇتۇپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىپ ئايرودروم ياساتقىلى كىرىشتى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ باش قوماندان لى تيېشۈنگە تەستىقلىتىپ تۈزگەن بۇ پىلانى بويىچە

بىرىنچى يولدىكى قوشۇنلىرى ئۇرۇمچى ـ ئىلى تاش يولىنى بويلاپ، سەنتەي، سىمپەنتوزا، يېڭى ئېرتەي، كەڭساي، لوسىگۇڭ ئارقىلىق غۇلجىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلماقچى، يەنە بىر يولدىكى قوشۇنلىرى داخېيەنزىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئاچالداۋىنىدىن ئېشىپ، كۆكچىن تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ، شەرقتىن غەربكە، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا يۈرۈلۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن پەنجىمىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى.

جۇ شاۋلىياڭنىڭ ”بەش يول بويىچە ھۇجۇم قىلىش“ پىلانى بولسۇن، لى تىيېجۈن ـ لى يۈيشياڭنىڭ ”ئىككى يول بويىچە ھۇجۇم“ قىلىش پىلانى بولسۇن، ھەممىسى ئىنقىلابچى پارتىزانلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. جۇ شاۋلىياڭنىڭ ”بەش يول“ قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى يولدىكىلىرى كۆزلىگەن مەنزىلىگە كېلەلىگەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. قالغان ئۈچ يولدىكى قوشۇنلىرى تاغ يوللىرىدىكى قېلىن قار ۋە تەبىئىي توساقلاردىن ئۆتەلمەي چېكىنىپ كەتتى. لى يۈيشياڭنىڭ ”ئىككى يول“ بويىچە ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ ئاقمىدى، ئاخىر ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى قورچاق 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭى شى يېفىڭغا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى.

ئىلى ئىنقىلابىي پارتىزانلىرى بۇ كۈنلەردە تېخىمۇ شىجائەت بىلەن جەڭ قىلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىسھاقبېك مۇنونوۋ تاشقورغان ـ ئۈلۈغچات تەۋەسىدىكى پارتىزانلىرىدىن بىر باتالىيوندىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلدى ۋە تەخىرسىز ھەرەمباغنى مۇھاسىرە قىلغان پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ جەڭگە قاتناشتى. 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پارتىزانلارنىڭ بىر تارمىقى توققۇزتارا، تېكەس،

كۆنەس ناھىيىلىرى دائىرىسىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. تىرىپىرەن بولغان گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرى ۋە سودىگەرلەر قاراشەھەرگە قاچقاندا، پارتىزانلار يولتۇزدا قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ پۈتۈنلەي يوقاتتى. قارا شەھەرگە تىرىك بارالىغانلار بىر - ئىككى ھاكىم، ساقچى باشلىقى بولدى. پارتىزانلار ئائىلە - تەۋەلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارتىزانلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى موڭغۇلكۈرەدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتتى. بۇ يەردىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرىدىن ئاز بىر قىسمى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ مۇزاتداۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇغا قاچقان بولسىمۇ، قوغلاپ زەربە بېرىش تۈپەيلىدىن ئاقسۇ كونىشەھىرىگە تىرىك يېتىپ بارالىغانلىرى ئوندىن ئاشمايتتى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى موگوتنوۋ، ئىسھاقوۋ، سەيىد ئەخمەت پارتىزانلىرى يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن تۆت سائەتلىك كەسكىن جەڭدىن كېيىن قورغاس ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى ياخشى راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقان ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بولغۇسى جەڭ توغرىسىدا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى:

1. ئىلىدا ئىككى چوڭ ئەترەت قۇرۇش، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى

داۋاملىق تەقىب قىلىش، هاۋادىن پاراشوت قىسىملىرىنى تاشلاشنى توسۇش ۋە قالالدىكى قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

2. بىر چوڭ ئەترەت تەشكىللەپ، سۇيدۇڭ يېنىدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىپ، سۇيدۇڭ، كۇرەنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىش. ئاندىن ئېرتەيدىكى چوڭ ئەترەتكە ماسلىشىپ جەڭ قىلىش؛

3. بىر چوڭ ئەترەت تەشكىللەپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئېرتەيداۋىنىدىكى پارتىزانلارغا ياردەملىشىپ، داۋانىنى چىڭ ساقلاش ۋە بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش؛

4. بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاچال داۋىنىدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش. كۆكچىن، قوشئەمچەك، كۆكقامىر داۋانلىرىنى قامال قىلىش ھەمدە جىڭ، داخېيەنزى قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛

5. كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇزاتداۋىنىنى مۇداپىئە قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىمالغا چىقىشىدىن ساقلىنىش؛

6. جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو ئەتراپلىرىدا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە تارباغاتاي، ئالتاي، تاشقورغاندىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قولغا كەلتۈرۈش؛

ئىنقىلابىي قوشۇنلار بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەشكىللىنىپ تېخىمۇ تەرتىپلىك، تەشكىللىك كۈرەش بىلەن شۇغۇللاندى. 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ بىر روتىسى ۋە 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكىنى 20 نەچچە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزۇپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشقا يەنە ئەۋەتكەنىدى، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇلار كەڭسايغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پارتىزانلارنىڭ شىددەت بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئاپتوموبىللىرىنىڭ ھەممە-سىنى تاشلاپ قېچىشتى. بىر قىسمى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە، يەنە بىر قىسمى ستەيدە يوقىتىلىپ، ناھايىتى ئاز ئەسكەرلەرلا جىڭغا قېچىپ بېرىۋالدى. جۇ شاۋلياڭنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى.

غۇلجىدىكى ئىنقىلابچىلارمۇ ئايرودرومنىڭ رادىئو ئىستانسىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئايرودرومنى مىناميوت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانلىرى بۇ ئايرودرومغا قونالمايدىغان ۋە ئۇچالمايدىغان بولدى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ يەرگە قاۋىلىپ قالغان ئەسكەرلىرىگە ھاۋادىن ياردەم بېرىپ ھالاكەتتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپ 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 12 پاراشۇتتا ھەر خىل ماددىي ئەشيالارنى تاشلىغانىدى، پارتىزانلارنىڭ ئوققا تۇتۇشى بىلەن پەسرەك ئۇچۇپ، كۆزلىگەن جايغا تاشلىيالمىغان ئايروپىلان پاراشۇتىنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بازىسىغا تاشلاپ بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قورغاس پارتىزانلىرى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى، 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سىپىل ئاستىغا دورا كۆمۈپ پارتلىتىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ قورچاق ھاكىم جۇ چىشياڭنى تىرىك ئەسىرگە ئالدى. 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى سۈيدۈڭ 1 ـ پولكىنى قۇردى. موگوتنوۋ، ئىسھاقوۋ، سەيىد ئەخمەتلەر بۇ پولكنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ تەيىنلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى غېنى باشچىلىقىدىكى تەجرىبىلىك پارتىزانلاردىن 100 نەپچىسى ئېرتەيداۋىنىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىدىن يەنە 100 نەپچە كىشىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن داشگۇ، مازار ئارقىلىق ئاقسۇداۋىنىدىن ئېشىپ ئاقبايىتال، شىيىنتاراغا يۈرۈش قىلىپ ئارشاڭنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھورتالادا ئۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار كۈرەنى قورشىۋېلىپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە تۆۋەندىكى بەش شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. قوراللىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈرەدىكى گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرى تەسلىم بولۇشى كېرەك. ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئۇلار تەسلىم بولسا، كۈرە سېپىلىگە تىقىلىۋالغان گومىنداڭ ھەربىي، ساقچى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2. تەسلىم بولغاندىن كېيىن قورالالارنى يوشۇرۇشقا، بۇزۇپ يوق قىلىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

3. پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

4. كۆرەددىكى قورچاق ئاماندىقنى ساقلاش پولكىنىڭ تۆەنجاڭى چېن زىلياڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، قولغا ئېلىنمايدۇ ۋە سوراق قىلىنمايدۇ.

5. يۇقىرىدىكى ماددىلارغا بويسۇنماي جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر قاتتىق جازالىنىدۇ.

يۇقىرىقى شەرتلەرنى كۆرەگە قېچىپ بېرىۋالغان قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي، مېيىپ گومىنداڭ ھەربىيلىرى ساناتورىيىسىنىڭ باشلىقى گو يىڭ، كۆرە سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى گاۋ جىڭۋۇ قاتارلىقلار چىقىپ قوبۇل قىلغانىدى. لېكىن، كۆرەگە قايتقاندىن كېيىن قورچاق ئاماندىقنى ساقلاش پولكىنىڭ تۆەنجاڭى چېن زىلياڭ بىلەن بىر روتا ئەسكەر تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىدى ۋە ئىسھاقبېك بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىمىدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پارتىزانلار شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، كەسكىن جەڭ ئارقىلىق سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، قورچاق ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىنىڭ ئىككى ئاتلىق ئېسكادرونى، بىر توپچىلار روتىسى، پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق بىر ئەترەت ۋە ساقچىلاردىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق دۈشمەننى بىراقلا يوقاتتى. بىرنەچچە مىڭ ھەر خىل قورال - ياراغ غەنىيمەت ئالدى. چېن زىلياڭ، گاۋ ۋېيلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى ئۇرۇمچىدىكى باشلىقلىرىنى

قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى. كۆرە ئېلىنغان كۈنى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭنىڭ شەخسەن ئۆزى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىنى ھاۋادىن ”كۆزدىن كەچۈرۈش“كە كەلگەنىدى. لېكىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پارتىزانلارنىڭ ئوققا تۇتۇشى بىلەن ئايروپىلانى زەخىم يەپ، مىڭ تەسلىكتە ئۈرۈمچىگە قېچىپ بىرىۋالدى.

1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ يەنە بىر غەلىبىسى بايىنبۇلاقنى ئىشغال قىلىشى بولدى. ئەسلىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىبە مىللىتىدىن بولغان گۇاڭ لۇ، خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان لىيۇ بىگيى (لىيۇ بىندىنىڭ ئاكىسى ـــ ئىلياس) ئۇيغۇر تەلئەت مۇسايېۋ بۇ ئۈچ كىشىنى بايىنبۇلاققا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردىكى موڭغۇل ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئۈچەيلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاسىلىق قىلىپ، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى لو جىخۇي، تېكەس ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى شى جۈن، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ساۋ گېڭسىن بىلەن بىرلىكتە خوشۇت ناھىيىسىگە قېچىپ بېرىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولدى. گومىنداڭنىڭ قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق پولكىنىڭ تۈەنجاڭى سا چى بۇ ئۈچەيلەننى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، قاراشەھەرنىڭ قورچاق ۋالىيسى جى فېڭلۇ قوشۇلمىغانلىقتىن ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى. ئۇلار بارماقچى بولغان بايىنبۇلاقتا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ساقچى پەيچۇسى بار ئىدى. ئىلى پارتىزانلىرى تېكەس ئارقىلىق يۇلتۇزدىن ئۆتۈپ، بايىنبۇلاققا ھۇجۇم قىلدى ۋە شۇ يەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پەيچۇسىدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرىنى يوقىتىپ بايىنبۇلاقنى

ئىلكىگە ئالدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇ يەردە يۇلتۇز ناھىيىسى تەسىس قىلىپ، زاڭزۇ مىللىتىدىن بولغان تاڭ گېدېچياڭزىنى ھاكىم، موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان چاقاننى مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

1945 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن پارتىزانلار تېخىمۇ جانلىنىپ، يېڭى يىلدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ ئىلى ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەم ئالدامچىلىق نەيرىڭىنى ئىشقا سالسا، ھەم ھەربىي باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى يەنە بۇرۇنقى ساختىپەزلىكى بىلەن ئاتالمىش "نەسىھەت قىلىش ھەيئىتى" دېگەن نىمىنى قۇراشتۇرۇپ، شەرق ۋە غەرب ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ "نەسىھەت قىلىش"نى ئېلىپ بارغانىدى. لېكىن، ئۇلار گاۋ باۋيۈينى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيلىقىغا، لى مېڭبەينى ۋىلايەتلىك قورچاق باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئەلەنۋاڭنى ئالتاينىڭ قورچاق مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، مۇقاشنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ، بارىنى قابا ناھىيىسىنىڭ، كۆكنەي تەيجىنى جىمنەي ناھىيىسىنىڭ، خادىخەنى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. يۇقىرىقى قورچاقلار كېيىنلا ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ كۈچىنى پارچىلاش، ئازدۇرۇپ ئەل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولدى. گاۋ باۋيۈينىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى سۇلايمان، نۇرخوجىلار قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ھەربىي باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىياڭ جىيېشى شەخسەن ئۆزى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قاۋىلىپ قالغان قالدۇق جاھىللىرىغا يەل بېرىپ تېلېگرامما يوللاپ: "ستالىنگراد ئۇرۇشىنى بېسىپ چۈشكۈدەك روھ بىلەن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش" توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ۋە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش، قالدۇق قوشۇنلارنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراتتى. 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قورچاق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 45 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ شىجاڭى شىيې يىفېڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق قورچاق پىيادە ئەسكەر 1 ـ پولكىنى باشلاپ كۆكچىن تاغ ئېغىزىنى ياقىلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، غۇلجىغا ئاتلىنىش بىلەن تەڭ، مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ كونا ئېرتەيدە تۇرۇشلۇق پولكىدىن ئىككى روتا ئەسكەر چىقىرىپ، توقسۇن داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

يۇقىرىقى ئەسكەرلەردىن باشقا، قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ 1 ـ باتالىئونىمۇ قارداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۈچ تەرەپلەپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققان بۇ قوشۇنلار پارتىزانلار قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، غۇلجىدا قاۋىلىپ قالغان قالدۇق گومىنداڭچىلارنى قۇتقۇزۇۋالدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇلار 7 كۈن يول يۈرۈپ غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جىلىلىيۈزى ۋە پەنجىملەرگە يېتىپ كەلدى.

ئىلى پارتىزانلىرى قوماندانلىق شتابى غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭىدىن پارتىزان ئەترەتلىرى تەشكىللەپ، ئاچال بىلەن پەنجىم ئارىلىقىدا دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى ئېلىپ كىرىش، دۈشمەن سېپىنى چېچىۋېتىش، بۆلۈپ ـ

بۆلۇپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنى ئاساسەن دېگۈدەك يوقاتتى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ كونا ئېرتەيدىن كەلگەن ئىككى روتىسى پەنجىمگە كەلگەندە، پارتىزانلار ئۇلارنى قورشىۋېلىپ تولۇق يوقاتتى. 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىپ يېقىلىڭ ئۆزى باشلاپ كەلگەن قوشۇنلارمۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاز بىر قىسمى كۆكچىداۋىنىغا قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ 1300 ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى، 160 ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى، ئۈچ مىناميوت، 20 ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، 700دىن ئارتۇق مىلتىق غەنىيمەت ئېلىندى.

شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش، قاۋلىپ قالغان قالدۇق قوشۇنلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۇرۇنۇشى ئاخىرقى ھېسابتا تولۇق مەغلۇپ بولدى، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا تەرەپكە بۇرنىنى تىقىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى.

پارتىزانلار بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش ئۇرۇشىغا تەييارلاندى، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ تەرسا، جاھىل قالدۇق كۈچلىرى بېسىپ ياتقان ھەرەمباغنى مىناميوت بىلەن شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشنى ھۇجۇمنىڭ باشلىنىشى قىلدى، ھەرەمباغقا گويا ئوق يامغۇرى ياغدى، كۆيدۈرگۈچى ئوقلار دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ بىتچىتىنى چىقاردى. پىيادە پارتىزانلار مىناميوت ۋە پىلىموت ئوقىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە گومىنداڭنىڭ قورچاق پولك كوماندىرى جاڭ

شۇەنچۇنىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. كەچ سائەت ئوندا ئاۋىئاتسىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىنى ئىگەللەپ ئايرودرومغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇرۇمچىدىكى جۇ شاۋلياڭ ھەرەمباغ مۇھاسىرىسىدىكى دۇ دېفۇغا ئىلاج قىلىپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىش توغرىسىدا تېلېگراممىا ئەۋەتتى. ھەممە قوشۇنلىرىدىن ئايرىلغان دۇ دېفۇ مىڭ كىشىلىكتەك مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە يېقىن ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇھاسىرىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى، ئۇ غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى پىلىچى دېگەن سايغا بارغاندا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پارتىزانلارغا دۇچ كەلدى. جەڭ بىر كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى. دۇ دېفۇنىڭ قاچاق قوشۇنلىرى ئالدىنقى ماڭالمىدى، كەينىدىن زەربە بېرىپ قوغلاپ كەلگەن پارتىزانلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ زەربىسى قوشۇلۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. دۇ دېفۇنىڭ ئۆزى ئېغىر ياردار بولدى. شتاب باشلىقى ساۋ رۇلىڭ، پولك كوماندىرى پېڭ جۇنيى، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋ تيەنجۇ قاتارلىق ئەمەلدارلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. گومىنداڭ ئىلى پىرقە بۆلۈمىنىڭ شۇجىجاڭى جاڭ يۈي ئەسىرگە ئېلىندى.

غۇلجا پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

مۇشۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم بىلەن قازىنىلغان غەلىبە ناھايىتى زور بولدى. پارتىزانلار جەمئىي 8776 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى (بۇلارنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، يۇقىرى تەبىقە پومېشچىك، گۆرۈكەش، سودىگەر قاتارلىقلار ئىدى)، 2000 دىن ئارتۇق مىلتىق، 98 ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، بەش مىناميوت، ئىككى زېنىت پىلىموت، 54 ئايروپىلان

(بۇلار دېيەرلىك ئۇچالمايتتى، چۈنكى ئايرودرومنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا زەخمى يېگەن، زاپچاسلىرى بۇزۇلغانىدى)، 16 ئاپتومو- بىل، سەككىز رادىئو ئالاقىلىشىش ئاپپاراتى ھەم نۇرغۇن ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى.

شۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. شەھەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا كېچە-كۈندۈزلەپ ناخشا-ئۇسسۇل ساداسى ياڭراپ تۇردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان ئەزگۈچىلەرنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن كەلمەسكە كەتتى.

# تۆتىنچى باب

## مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى، قىسىملارنىڭ بۆلۈنۈشى، كوماندىرلىق تۈزۈمى ۋە ھەربىي ئۇنۋان، ئوردېن، مېدال ھەممىدە مۇكاپاتلاش تۈزۈمى بېكىتىلدى. چۈنكى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ قولغا كەلگەن غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغداپ قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن تارقاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنداق قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىمۇ پىشىپ يېتىلگەنىدى.

1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تارقاق ھالەتتىكى 50 دىن ئارتۇق پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، غۇلجا پولكى، سۈيدۈڭ پولكى، كەڭساي ئاتلىق پولكى، تېكەس ئاتلىق پولكى ۋە بىرقانچە مۇستەقىل باتالىئون، دىۋىزىئون، روتا، ئېسكادرونلار قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى رەسمىي تەيىنلەندى (يۇقىرىقى قىسىم بىرلىكلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ نامى ۋە كوماندىرلىرى يىغىندىن ئىلگىرىلا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، تەركىبى ۋە پائالىيىتى پارتىزانلىق ھالەتتە ئىدى).

1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر يىغىنىدا يۇقىرىدىكى پولك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بىرلىكتىكى ھەربىي قىسىملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئاساسەن غۇلجا شەھىرىدە تەنتەنىلىك ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ كۈنى مۇنتىزىم قوراللىق قىسىم ـــ مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ۋە بۇ كۈن مىللىي ئارمىيە بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى. مۇنتىزىم 15 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئازادلىق ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قوراللىق كۈرىشىنىڭ يېپيېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ مۇنتىزىم ھەربىي قىسىملارمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ سۈيدۈڭ ئاتلىق پولكى، غۇلجا I ئاتقۇچى پولكى، غۇلجا II ئاتقۇچى پولكى، كەڭساي ئاتلىق پولكى؛ تېكەس ئاتلىق پولكى؛ يەنە ئۈچ مۇستەقىل باتالىيون، ئىككى مۇستەقىل دىۋىزىيون ۋە باشقا بىۋاستە قىسىملار تەشكىل قىلىندى. بۇ قىسىملارنىڭ ئومۇمىي جەڭچى ۋە ئوفىتسېر شتاتى 12000 بولدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا مارشال ئۇنىۋانى بىلەن ئېلىخان تۆرە، قوماندانلىقىغا گېنېرال لېيتېنانت ئۇنىۋانى بىلەن پالىنوۋ، مۇئاۋىنلىرىغا گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوۋ، ئابدۇرەھىمجانلار تەيىنلەندى.

كېيىنرەك، مىللىي ئارمىيە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەپ ئۈچ بىرىگادىغا، جەڭ مەيدانى مەركىزىي فرونت، شىمالىي فرونت، جەنۇبىي فرونت

دەپ ئۈچ فرونتقا بۆلۈندى. مەركىزىي فرونتنىڭ جەڭ يۆنىلىشى ئۈرۈمچى، شىمالىي فرونتنىڭ جەڭ يۆنىلىشى ئالتاي ـ تارباغاتاي، جەنۇبىي فرونتنىڭ جەڭ يۆنىلىشى جەنۇبىي شىنجاڭ بولۇشى پىلانلاندى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئارقىلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قايتىدىن تەشكىل قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەشكىللەشتە، ھۆكۈمەتنىڭ 17 ھەيئەت ئەزاسى، ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى، باشقا تارماقلارنىڭ مەسئۇل خادىملىرى سايلاپ چىقىلدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى سىياسىي پروگرامما ئىلان قىلىنىپ، يېڭى ھۆكۈمەت بۇ سىياسىي پروگراممىنى ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى قىلدى. بۇ يېڭى سىياسىي پروگرامما ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ئاۋۋالقى توققۇز ماددىلىق خىتابنا-مىگە قارىغاندا ئىلغار بولۇپ، بۇرۇنقى خىتابنامە ئوتتۇرىغا قويغان بەزى خاتا كۆز قاراشلارنى ئاساسەن تۈزەتتى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت يېڭى سىياسىي پروگراممىغا ئاساسەن بارلىق خىزمەتلىرىنى پائال يولغا قويدى. جەمئىيەت ئىنتىزامىنى بۇزغان بۇلاڭچى، لۈكچەكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىملىق ئەھمىيەتلىك قارار چىقىرىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى: پۇل بېسىپ تارقاتتى، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن دېھقانلارغا پۇل، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز

بەردى؛ بانكا، يەر ئاستى بايلىقى، ئورمانلار دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىندى، "غالىبىيەت زايومى" تارقىتىش يولى بىلەن مالىيە مەنبە-سىدىكى بىر قىسىم قىيىنچىلىقلار ھەل قىلىندى.

ھۆكۈمەت مەدەنىيەت-مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپىي تېخنىكوم ۋە باشقا خىلدىكى مەكتەپلەرنى پائال قۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇشى، بالىلارنىڭ مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشىغا بىرقەدەر ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي مەشغۇلاتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن كۇلۇبلار ياسالدى، ياكى ئەسلىدىكى كۇلۇبلار رېمونت قىلىندى، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئەدەبىيات، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۈنۈملۈك ياردەملەر بېرىلدى.

يېڭى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار جەھەتتىمۇ جانلىق ۋە تەشەببۇسكار پىلان بىلەن ئاكتىپ ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئالدىن بەلگىلەنگەن بۇ ھەربىي پىلاننىڭ تەلىپى مۇنداق ئىدى؛ چۆچەك بىلەن ئالتايغا بارىدىغان ئۇرۇمچى ۋە جىڭنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاپ، چۆچەك بىلەن ئالتاينى ئازاد قىلىش؛ ئىلى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى يوللارنى ئىش-غال قىلىش ئارقىلىق قاراشەھەر ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش؛ تاشقورغان ئەتراپىدىكى پارتىزان كۈچلىرى ئۇلغايتىپ، قەشقەردىن خوتەنگە بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلارغا تەھدىت سېلىش؛ شىخو، ماناس، جىڭ ۋە

تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قوراللىق پارتىزانلار ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ قاتناش لىنىيىسىگە تەھدىت سېلىش؛ ئازادلىق فرونتى بولغان ماناس دەرياسى ۋادىسىنى مۇستەھكەم فرونتقا ئايلاندۇرۇش بىلەن، مۇشۇ كۈچ ئارقىلىق ئۈرۈمچىنى ئازاد قىلىش.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يۇقىرىقى ھەربىي پىلانغا ئاساسەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. ھەرقايسى قوراللىق قىسىملار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تېزلىك بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇملىرىنى قانات يايدۇردى.

يېڭى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى نازارەت ۋە باشقا بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىغىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، قاتىلاڭچىلىق ئىچىدە خىزمەت قىلاتتى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ دەسلەپ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ساقچى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. كېيىنرەك ئۇ ھەربىي سىياسىي بۆلۈمگە يۆتكىلىپ، ساقچى ئىشلىرىغا رەھىمجان تەيىنلەندى. ئابدۇرۇئوپ مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدىن كاتىبات بۆلۈمگە يۆتكەلگەن، ئەمەلىيەتتە باش كاتىپلىقنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ كاتىبات بۆلۈمگە چىقىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرى تەرتىپلىك، راۋان يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوزغىلىپ غۇلجا شەھىرى ئاساسەن ئېلىنىپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، گېزىت

چىقىرىش باشلانغاندا، گېزىتخانىدا ئىشلىدى. كېيىن مەركىزىي ھۆكۈ-
مەت كاتىبات ئىشخانىسىغا كېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى، ھۆكۈمەتنىڭ
خىزمەت تەرتىپى، ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا بىر بەلگىلىمە ئىشلەش
كېرەك بولۇپ قالغانىدى، باش كاتىپ ئابدۇرەئوپ مەخسۇمنىڭ
قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيتتى، بىر ھەپتە ئۆتمەي ئوبدانلا بىر بەل-
گىلىمە لايىھىسى مەيدانغا چىقتى. كېيىن سۈرۈشتۈرسەك، بۇ لايىھىنى
ئەخمەتجان قاسىمى ئىشلىگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ تالانتلىق بىر ئادەم ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە تونۇلدى.
كېيىن ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخانتۆرە ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پىكىرلىرىگە ئېتىبار قىلىدىغان بولدى.
ئەمدى ئەخمەتجان قاسىمى ئەمەلىيەتتە باش كاتىپ ئىدى. ئۇ
ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش، ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلى-
سىنىڭ قارار لايىھىلىرىنى، ئەمر-پەرمانلارنى تەييارلاش قاتارلىق
ئىشلارنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلىدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسىدە
تالاش بولغان مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پىكرى ھەل قىلغۇچ رول ئويناي-
دىغان بولدى.

بارا-بارا ئەخمەتجان قاسىمى ھەممەيلەننىڭ ھۆرمەتلەيدىغان
ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. 1945-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەل-
گەندە، ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە
ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمىنىڭ پودپولكوۋنىك (كېيىن پولكوۋنىك)
دەرىجىلىك باشلىقى بولدى. گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن بولغان
سۆھبەت مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ
ئەزاسى بولۇپ سۆھبەتكە قاتناشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ۋەكىللەر
ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ 11 ماددىلىق بىتىمگە قول قويدى. شۇن-

داق قىلىپ، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، زور رول ئوينىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي رەھبىرى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا جەڭگىرى بار، ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلىدىغان ئوت يۈرەك ئادەم ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئاساسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا كوممۇنىستلاردىن، بولۇپمۇ شۇ چاغدا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن يولداش لىن جىلۇدىن ئالغان. ئۇنىڭ لىن جىلۇغا بولغان ھۆرمىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاندىن ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق يىغلاپ كەتكەن ۋە مۇنداق بىر مەرسىيە يازغانىدى:

شۇم خەۋەر كەلگەندە ئۆرۈمچى تامان،
ياشلىرىم بولدى بۇلاق، بولدى قىيان.
نۇر چاچار مەڭگۈگە ئۇستازنىڭ روھى،
ئىنقىلابىي جۈرئىتى ياشنار ھامان.
ئۇ يېتىشتۈرگەن كۆچەت ئۆستى ئىمەن،
ئىلىدا قىلدى ئادالەت تۇغى جەۋلان.
ئۈچ ۋىلايەتتىن تومەن تولپار چۈشتى بەيگىگە،
يۈركىنىپ يالقۇنغا بۇندا تاغ ـ داۋان.

چۈشتى سەكراتقا تامام ئالۋاستى ـ جىن،
خۇددى تاشتەك ئۇيۇشقاچ ئىشچى ـ دېھقان.
جەڭگە ئاتلاندۇق كېرىپ كۆكرەك مانا،
ھەق تۇغنى رەڭلىگەي ئۇز بىزدىكى قان.

1938 ـ يىلى شىڭ شىسەي ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ دادىسىنى قولغا ئالغاندا، ئۇ تېخى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىنى پۈتتۈرۈشكە ئۇلگۇرمەيلا "خائىن پەرزەنتى" دېگەن نام بىلەن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغان، 1939 ـ يىلى يەنە ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنغان.

ئۇ 1942 ـ يىلى سۈرگۈن مۇددىتى توشۇپ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ياش زىيالىيلار ئارىسىدا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئازادلىق تەشكىلاتىدىكى رولى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيە ھەم تەشكىلىي ھازىرلىقىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ قامىلىش ئالدىدا سوۋېتكە قېچىپ كەتتى، كېيىن يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدا ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى ئوتىنى ئاچتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيلى ئۇ قايسى ساھەدە ئىشلىمىسۇن، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ۋە كادىرلارنى ھەم ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىدى. مەن شەخسەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋدىن ئۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدا جىق تەربىيە ئالغانىدىم. كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە بىر قىسىم زىيالىي ياشلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدۇق. بۇ ۋاقىتلاردا

بىز ئەخمەتجان قاسىمنىڭ چوڭ تەربىيىسىنى ئالدۇق. ئەخمەتجان قاسىموۋ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا قايىل ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتنى ياقلاشتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇشتا ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. مەيلى رەئىس ئېلىخانتۆرە بولسۇن، مەيلى باشقا ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولسۇن، خاتا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ياكى ئىش ئۈستىدە خاتا مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي قەتئىي كۆرەش قىلاتتى.

بۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق بىرنەچچە ئىلغار كىشىلەر بار ئىدى، بۇ ئاز بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ھۆكۈمەت مەجلىسلىرىدە باشقا يۇقىرى تەبىقىغە ۋە دىنىي ساھەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك جىددىي كۆرەشلىرى بولۇپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ باشچىلىقىدىكى ئىلغار زىيالىيلار قوشۇنى ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن ئۆسۈپ، يېتىشىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە چوڭ روللارنى ئوينىدى.

يېڭى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا مەن مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدىم، شۇ كۈنلەردە ئالدى بىلەن نازارەت ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلىش، ئىش تەرتىپلىرىنى ئورنىتىش، نازارەتتە ئىشلەيدىغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەقسىم قىلىش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئىشلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئىلگىرى بار بولغان مەكتەپلەرنى ۋە مەكتەپ خادىملىرىنى، ئوقۇتقۇچى-

لىرىنى تىزىملاپ، يېڭى ئوقۇش پروگراممىلىرىنى تۈزۈپ، ئوقۇشنى يولغا قويۇۋەتكەنىدۇق. 1945 ـ يىل 1 ـ ئايغا كەلگەندە مائارىپ نازىرى ھەبىب يولىنچى ۋاپات بولۇپ، مەن شۇ يىلى 13 ـ مارتتىكى 33 ـ سانلىق ھۆكۈمەت مەجلىسىنىڭ قارارى بىلەن نازىرلىققا تەيىنلەندىم. شۇ كۈنلەردە سەيپۇللايوۋ سوۋېتتىن قايتىپ كەلدى، ئۇ كېلىپلا مائارىپ نازارىتىغا ئىشقا چۈشتى. بۇ چاغدا مائارىپ ساھەسىدىكى ئىشلار خېلى ئالدىراش بولدى، مەن، سەيپۇللايوۋ ۋە ئەنۋەرخانبابا بىرنەچچىمىز بۇ ئىشنى مائارىپ ساھەسىدىكى ياش زىيالىيلار بىلەن بىللە ئىشلىدۇق. بىركۈنى ئەتىگەندە ئىدارىگە بارسام رەئىس ئېلىخانتۆرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە چاقىرغان خېتى تۇرۇپتۇ. بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم ماڭا بىر ھۆكۈمەت بۇيرۇقىنى تاپشۇردى، بۇنىڭدا مېنىڭ دەرھال بىر "قەشقەر پولكى" دېگەن قىسىم تەشكىللەشكە تەييارلىق قىلىشىم كۆرسىتىلگەنىكەن. بۇيرۇقنى ئېلىپ ئىدارىگە قايتىپ، يولداشلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ھەرىكەتكە كىرىشتىم. يىگىتلەردىن ئەسكەر ئېلىش لازىم بولغانلىقتىن، بىرەر ھەپتىدە 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تىزىملىدۇق، ئۇلارنىڭ كۆپى قەشقەرلىق، تەبىئىي، ئاتۇشلۇقمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. سۇدەرۋازىسىدىكى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنى پولك شتابى قىلدۇق، بىر قىسىم قورال بار ئىدى، ئەسكەرلەرنى شۇنىڭ بىلەن قوراللاندۇردۇق ۋە ئاز ـ تولا تەييارلىق قىلدۇق. بىركۈنى ھەرەمباغقا ۋە ئايرودرومغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىدا مېنىڭ "پولكىم"نى يېڭى ھايات مەھەللىسىگە بېرىپ باشقا قىسىملارغا ياردەملىشىپ ھۇجۇمغا قاتنىشىش كۆرسىتىلىپتۇ. ئاخشامدا تېخى يىگىتلەردىن تىزىملىنىپ ئانچە تەربىيە كۆرمىگەن

ئەسكەرلەرنى ئېلىپ، يېڭى ھايات مەھەللىسىگە باردۇق، كېچىچە ئورۇن ئىگەللىدۇق، تەييارلىق قىلدۇق، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاندى. بىز باشقا بىر قىسىمنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇجۇمنى باشلىدۇق. ئۇ يىلى قار قېلىن يېغىپ، قاتتىق سوغۇق بولغانىدى، ھۇجۇم قىلىپ بۇتخانىغا يېقىن بارغاندا دۈشمەن پىلىموتى بىزنى يېقىن كەلتۈرمىدى. تاڭ ئېتىپ قالدى، قارنى كولاپ يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. قانچە قىلساقمۇ ئالدىغا ماڭالمىدۇق. تاكى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەرگىچە باش كۆتۈرەلمەي قارنىڭ ئىچىدە يېتىشقا توغرا كەلدى. كېيىن يېڭى ھايات مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كەلگەن قىسىملار بىلەن بىرلىشىپ بۇتخانىغا ھۇجۇم قىلدۇق.

بۇتخانا ئېلىندى. شۇ كۈنكى ھۇجۇمدا قوراللىق جەڭچىلەردىن باشقا قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ جەڭگە قاتناشقان پۇقرالارمۇ ناھايىتى جىق ئىدى. خەلقنىڭ گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بولغان كۈرەش ئىرادىسى پەۋقۇلئاددە قىزغىن ئىدى. جەڭ، "ھۇررا" ئاۋازلىرى، "ئامىن-ئامىن" دېگەن خەلقنىڭ ھۇگا-سۈرەنلىرى ئاستىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولدى. ئۇ كۈنى قاردا ئۇزاق يېتىپ، خېلى جىقمىزغا سوغۇق تەگكەنىدى، ماڭمۇ سوغۇق تېگىپ قىزىتما بولۇپ، بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدىم. بىر كۈنى ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن مائارىپ نازارىتىگە بېرىڭ، دېگەن تېلېفون كەپتۇ، ئىدارىگە بارسام يەنە ئېلىخانتۆرىنىڭ: "سىزنىڭ ئىدارىگە قايتىپ كېلىپ يەنە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىڭىز قارار قىلىندى" دەپ يېزىلغان بۇيرۇقى تۇرۇپتۇ. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم، مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاقساپ

قالدىكەن، دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلاپقى ۋاقتىدا مائارىپ خىزمىتىنى تۇتقۇش جەريانىدا بىرنەچچە كۆڭۈللۈك ھەربىي كاماندىرمۇ بولغان بولدۇم.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئىشنىڭ يېڭىدىن باشلانغانلىقىغا قارىماي شۇ يىلنىڭ يەنى 1944 ـ ، 1945 ـ ئوقۇش يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خېلى ئىشلار قىلىندى. ئىشقىلىپ، مەكتەپلەر ئېچىلدى، يېڭى پروگرامما بىلەن دەرسلەر باشلاندى، مۇئەللىملەر مەسئۇلىيەت بىلەن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. مەكتەپ-لەرنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرى يامان ئەمەس ئىدى. يازلىق ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن، تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى ئاچتۇق، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئوقۇش ئىشلىرى يەنى 1945 ـ ، 1946 ـ يىللىق ئوقۇش يىللىرىنى خېلى ئوڭۇشلۇق باشلىۋالدۇق.

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى ۋە ئۈرۈمچىگە يۈزلىنىش

## بىرىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى

1945 ـ يىلى ئىيۇندا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى چۆچەككە ھۇجۇم قىلىپ، دۆربىلجىن بىلەن شىخو يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە دۆربىلجىن بىلەن بۇرچىن تاشيولىنى بۇزۇپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلدى.

مۇشۇ ئىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كېتىۋاتقاندا تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە بارىدىغان ھەربىي قىسىم بىلەن بىرگە بىر ھۆكۈمەت ھەيئىتىمۇ بىللە بېرىش قارار قىلىنغانىدى. بۇ ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئالىي سوتنىڭ باشلىقى مەھەممەتجان مەخسۇم دېگەن كىشى تەيىنلەنگەن، مەن بۇ ھەيئەتنىڭ باش كاتىپى ئىدىم.

بىز ھەربىي قىسىملارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ بورتالاغا باردۇق، بورتالادا بىر ھەپتە تۇرۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىز ئۈستىدە تەييارلىق قىلدۇق. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەربىي قىسىملار شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال شەھەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى رەتكە سېلىش، دۈشمەندىن قولغا چۈشكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ تىزىملاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدى.

بىزنىڭ بورتالادا تۇرۇپ ئىشلىگەن تەييارلىقىمىز، يۇقىرىقى ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ئىدى. بىز تەشۋىقات تېزىسلىرىنى تەييارلىدۇق. مۇھىمى ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىللىنىش قائىدىسىنى ئىشلەپ پۈتتۈردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن تارباغاتايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قىسىملار ئالدىمىزدا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر-ئىككى كۈن يول مېڭىپ، كىرەي ناھىيىسىگە قاراشلىق ساز دېگەن بىر يايلاۋدا بىر-ئىككى كۈن توختىدۇق. بۇ ياققا بىزدىن ئىلگىرى توختى ئەلىموۋ باشلىق بىر پارتىزان قىسمى ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلار تارباغاتايدىن شىخوغا بارىدىغان تاغ ئارىسىدىكى ياماتۇ دېگەن يەرنى ئېلىپ، خېلى ئوبدان ئوتتۇق قازىنىپتۇ، بىرمۇنچە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپتۇ، خېلى جىق قورال-ياراغ ئولجا ئاپتۇ، چۆچەك بىلەن شىخو ئارىسىدىكى يولنى ئۈزۈپتۇ. بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تەييارلىقلىرىمىزنى پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، چۆچەككە قاراپ ماڭدۇق. ئەلىموۋ پارتىزانلىرى تاغ ئارىلاپ دۆربىلجىنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىز دۆربىلجىنگە يېقىن كورتى دېگەن يەرگە بارغاندا ھەربىيلەر تۇرغان بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق، بىر ئۆيگە كىرسەك گېنېرال پالىنوۋ (سوۋېت مەسلىھەتچىسى) ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئوفىتسېرلىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئالدى. بىر كىچىك جوزىنى ئايلاندۇرۇپ تۆت يەشىك قويۇلغانىكەن، جوزىدا تاماق ۋە هاراق-شارابلار تۇرۇپتۇ. ئۇ بىزگە يەشىكلەرنى كۆرسىتىپ: "قېنى ئولتۇرۇڭلار، مانا بۇ بەك ئېسىل ئورۇندۇقلار" دېدى. قارىساق بۇ تۆت يەشىكتە ئالتۇن بار ئىكەن. ئەسلى گومىنداڭچىلار ئالتايدىكى ھەربىيلەرنىڭ ھەم

مەمۇرىيلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەرنى، شۇنىڭ بىلەن خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ئون نەچچە ماشىنىغا ئۇلتۇ-رۇپ، ھەربىيلەرنىڭ قوغدىشىدا ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىققانىكەن. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۆربىلجىنگە يېقىن بارغاندا بۇلارنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. پالنوۋ دېگەندەك، راستتىنلا بىز ئېسىل ئورۇندۇقلارغا يەنى ئالتۇن قاپلانغان يەشىكلەرگە ئولتۇرۇپ تاماقلاندۇق، هاراق ئىچتۇق، دەم ئالدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە دۆربىلجىنگە قاراپ ماڭدۇق. بىز بارساق بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۆربىلجىننىڭ بېرىسىدىكى ئېمىل دەرياسىنىڭ بۇ ياقىدا كۆرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانىكەن. دۈشمەن ئەسكەرلىرى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قارشىلىق كۆرسىتىۋې-تىپتۇ. ئەتىگەندە باشلانغان ئۇرۇش چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەرگىچە داۋام قىلدى. كېيىن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دەريانىڭ يۇقىرى-تۆۋەن تەرەپلىرىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئىككى يېنىدىن زەربە بەرگەندىن كېيىن، دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. قاچمىدىغىنى چۆچەككە قېچىپ كەتتى، ئۆلگۈرەلمىگەنلىرى تەسلىم بولدى.

دۆربىلجىننى ئالدۇق، كەچقۇرۇن بىزنىڭ قوشۇنىمىز چۆچەككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىز ناھىيىنى تىنچلاندۇرۇش، ناھىيىلىك ھۆكۈ-مەتنى تەشكىل قىلىش ئىشلىرى بىلەن بولدۇق. شيەنجاڭ (خەنزۇ) بىر قىسىم كادىرلىرى بىلەن قولغا چۈشتى. ئۇنى يەنە بىر تۇڭگان، بىر قازاق ئاقساقالغا قوشۇپ، تەسلىم بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىپ چۆچەكتىكى دۈشمەنلەرگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ شەھەرنى ئىگەللىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىز شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. شۇنداق قىلىپ، 1945-يىلى 31-

ئىيۇل كۈنى چۆچەك شەھىرى ئازاد قىلىندى. ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەم سوۋېتكە قېچىپ كېتىپتۇ، شۇڭا چۆچەك سوقۇش بولمايلا ئېلىندى. ئەمدى بىز بىر تەرەپتىن چۆچەكنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشىغا كىرىشتۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئالتايغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى قىلدۇق.

بىزنىڭ ھەربىي قىسىملىرىمىز بىزدىن ئىلگىرىرەك يۈرۈپ كەتتى.

بىز چۆچەككە بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن سوۋېتتىن مەنسۇر ئەپەندى ۋە ھاجىيوۋلار كەلدى. بىز بىر ياقتىن جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنە بىر ياقتىن ۋالىي مەھكىمىسىنى ۋە باشقا مەمۇرىي ئورۇنلارنى تەشكىل قىلىشقا، گېزىتخانىنى ئىشقا سېلىش، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتۇق. تارباغاتاينىڭ مەشھۇر چارۋىدار مۆتىۋەرلىرىدىن باشۋاي دېگەن ئادەم ۋالىي بولدى، مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن ۋالىي بولدى. ھاجىيوۋ باش كاتىپ بولدى. بىرنەچچە كۈنلۈك ئىش ناھايىتى ئالدىراش بولدى. ئىشلار بىرئاز تەرتىپكە چۈشكەندىن كېيىن. بىز چوڭ مەجلىس ئاچتۇق، بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرى، مۇندىن كېيىنكى ۋەزىپە، ھەربىر ئىدارە، ئورگانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى، چۆچەك شەھىرىدىكى خەلق ئاممىسى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى سۆزلەندى. مەجلىستە بىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مەھەممەتجان مەخسۇم سۆز قىلدى. كېيىن مەنسۇر ئەپەندى سۆز قىلدى، مەنمۇ سۆز قىلدىم. مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا بىرقانچە زىيالىي ئاياللارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىللىي ئارمىيىگە ياردەم قىلىش

باشلاندى. بىرمۇنچە ئاياللار ئاشۇ مەيداندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزۈك، بىلەزۈك، زىرە، ھالقىلىرىنى تەقدىم قىلدى، بىرمۇنچە قىز-يىگىتلەر ئۆزلىرىنى مىللىي ئارمىيىگە تەقدىم قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەسكەرلىككە يېزىلدى. كېيىن بايلار، چارۋىدارلار، قىلىدىغان ياردىمىنىڭ سانلىرىنى ئېيتىپ تىزىملاتقۇزدى. ياردەم بېرىلگەن پۇل، مال نەرسە سانى ئاز بولمىدى. بۈگۈنكى مەجلىس ئومۇمەن ياخشى ئۆتتى. شۇ كۈندىن تارتىپ چۆچەك شەھىرى بويىچە تېخىمۇ ياخشى، يېڭى، كۆرەشچان ھايات باشلاندى.

بۇ كۈنلەردە مېنىڭ قىلغان ئىشىم ئۆمەككە، ۋالىي مەھكىمىسىگە ياردەملىشىشتىن باشقا، گېزىتنى چىلك تۇتۇپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. چۆچەك ئەسلىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، زىيالىيلار سانى جىق، ئىلگىرى گومىنداڭ ۋاقتىدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بىر جاي بولغىنى ئۈچۈن، كادىرلار ۋە ئامما ئاسانلا تەشكىللىنىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ كەتتى. ئىشلار بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشىراق، تېزرەك يۈرۈشۈپ كەتتى.

چۆچەكنىڭ ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ قالغاندىن كېيىن (چۆچەك ئازاد بولۇپ، بىر-ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بولسا كېرەك.) ئېلىخانتۆرە چۆچەككە كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەخمەتجان قاسىمى، سوۋېتلىك مەسلىھەتچى مۇخسىن ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى. بىز كادىرلار ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارھەم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى قارشى ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردۇق.

ئېلىخانتۆرە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولىيورۇقلىرىنى بېرىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. بىز ئەخمەتجان قاسىمى، مۇخسىن،

مەنسۇر ئەپەندى ۋە باشقىلار بىلەن ئالتايغا يۈرۈش قىلىش، ئالتاينى ئازاد قىلىشنىڭ كونكرېت ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتۇق. چۆچەكنىڭ ئىشلىرى بىرەر قۇر رەتكە چۈشۈپ يولغا سېلىنغاندىن كېيىن، تەييارلىقلىرىمىزنى تۈگىتىپ ئالتايغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ھەربىي قىسىملىرىمىز بۇ چاغدا خېلى ئىلگىرى كېتىپ قالغانىدى. ئۇلار بىرىنچى قەدەمدە قوبۇقسارنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن بۇرچىنغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. بىز جەڭنىڭ نەتىجىسى ئاشۇ پىلان بويىچە ئاياغلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. شۇڭا تېز يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. يول ناچار، كاتاڭ، سۇسىز چۆللەردىن ئۆتەتتى. شۇڭا سەپىرىمىز ئانچە ئوڭاي بولمىدى. قوبۇقسارغا بىرەر يۈز كىلومېتىر قالغاندا، بىر چۆل ئوتتۇرىسىدا شوپۇرىمىز قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ماشىنىنى ھەيدىيەلمەي قالدى. بىر ماشىنىدىكى 20 نەچچە ئادەم سۇسىز (ئالغان تامىقىمىزمۇ ئاز ئىدى) بىر كۈن ياتتۇق. ھەممەيلەن بىر-بىرىمىزدىن سۈرۈشتۈرسەكمۇ، شۇنچە ئادەم ئىچىدە ماشىنا ھەيدەشنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. بۇ ناھايىتى ئەلەم قىلاتتى. شۇ يەردە مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالمىسام زادى بولمايدىكەن، دەپ ئىرادە باغلىغانىدىم (دېگىنىمدەك، كېيىنرەك ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدىم).

ئەتىسى كەينى تەرىپىمىزدىن بىر ماشىنا يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنا بىزنىڭ ماشىنىمىزنى كەينىگە چېتىپ قوبۇقسارغا ئېلىپ ماڭدى. بىزنىڭ ھەربىي قىسىملىرىمىز قوبۇقسار شەھىرىنىڭ بېرىسىدىرەك بىر تاغنىڭ يانباغرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋېتىپتۇ. بىز بېرىشنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپ بىر كۈن ئۇرۇش

قىلىنغانىكەن، بىز بارغاندىن كېيىن، چۈشتىن ئىلگىرى سەل پەسەيگەن ھۇجۇم، چۈشتىن كېيىن يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

قوبۇقساردا گومىنداڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل، جەڭگىۋارلىقى خېلى يۇقىرى ئىكەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تارباغاتاي بىلەن ئالتاي يولىنىڭ قاتناش راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكەلگە خىل قوشۇننى جايلاشتۇرغانىكەن.

كېيىن بىزنىڭ قولىمىزغا گومىنداڭچىلارنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن بىر تېلېگراممىسى چۈشتى. ئۇنىڭدا: "سىلەر ئالتاي، قوبۇقسار، چۆچەك بىر داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتى. بۇ ئۈچ پۇتنىڭ قايسىبىرى سۇنۇپ كەتسە داڭقان تىك تۇرالمايدۇ" دەپ يېزىلغانىدى. بىزنىڭ ھەربىي قىسمىلىرىمىز بۇ داڭقاننىڭ چۆچەكتىن ئىبارەت بىر پۇتىنى ئاللىقاچان سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمدى قوبۇقسار بىلەن ئالتايدىن ئىبارەت ئىككى پۇتى قالغان بۇ داڭقان يېرىم قىيسىيىپ ياتاتتى. قوبۇقساردىكى دۈشمەنىنىڭ ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئايدىڭلىشىپ قالغانىدى.

قىسمىلىرىمىز ئۈچۈن شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى. شەھەرنىڭ ئەتراپى غىلاپ تۈزلەڭ بولغانلىقتىن ئۇدۇلدىن بۆسۈپ كىرىش قىيىن ئىدى. بىز بىر پىدائىيلار قىسمى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدۇق. لېكىن ئۆلۈش-يارىلىنىش كۆپ بولۇپ كېتىپ، ھۇجۇمچىلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلدى. بىز ئەمدى كېچىلىك قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇق-دە، قىسىملارنى كەچقۇرۇنغىچە تەييارلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن شەھەرگە ھۇجۇم باشلاندى، بىرقانچە سائەتلىك شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن شەھەر قولغا ئېلىندى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى قېچىپ چىقىپ يولدا قولغا چۈشتى، بىر قىسمى شەھەردە تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن قوبۇقساردىكى ئۇرۇش غالىبىيەت بىلەن تامام بولدى.

قوبۇقسار شەھىرىدە تۇرۇشقا بولمايتتى، ئىسسىق، يازنىڭ كۈنى ئادەم ئۆلۈكى، ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكى سېسىپ، شەھەر ناھايىتى پاسكىنىچىلىققا پېتىپ كېتىپتۇ، قولغا چۈشكەن دۈشمەن قىسىملىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ھەربىي قىسىملىرىمىز ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى، بىز شەھەردىن چىقىپ، قوبۇقسارنىڭ ساۋۇر تېغىنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق ۋە ئاندىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش قاتارلىق باشقا ئىشلار بىلەن ئىككى-ئۈچ كۈن تۇردۇق. بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى كېلىپ، بىزنى ئوققا تۇتۇپ، ئامانلىق بەرمىدى. بۇ چىغلىق، تۈپتۈز يەر بولغاچقا، چىغلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈپ تۇرۇپ ئايروپىلانغا ئوق ئاتتۇق، ئايروپىلانلار پىلىموتقا تۇتۇپ قول بومبىلىرىنى تاشلاپ ئايلىنىپ كېتەتتى، بىز بىلەن بىللە قالغان ھەربىيلەردىن بىرئاز چىقىممۇ بولدى.

قوبۇقساردىن يۆتكىلىپ، بىز ئاۋۋال جىمنەيگە باردۇق، جىمنەي ئاللىقاچان ئازاد بولغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن جىمنەي ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئالتاي ئازادلىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتى ھەرىكەت قىلاتتى، بۇ تەشكىلاتنى موللا ئىسلام شاگىزۇڭ دېگەن بىر ئادەم باشقۇراتتى. شۇ تەشكىلات نامىدىن، گاھىدا ئاشۇ موللا ئىسلام شاگىزۇڭ نامىدىن تەشۋىقات ۋاراقلىرىمۇ تارقىتىلاتتى.

بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئالتايغا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پارتىزان قىسىملىرى جىمنەينى ئاسانلا قولغا ئالغانلىقتىن، شەھەرگە كىرىپلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ۋە باشقا جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بولدۇق.

جىمنەي بىلەن بۇرچىننىڭ ئارىسىدا خادىۋاڭنىڭ يايلاۋسى دەپ ئاتالغان بىر جاي بار ئىدى. بۇ ساۋۇر تېغىنىڭ ئۇ تەرىپى بولۇپ، ياخشى يايلاۋ ئىكەن. شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق، ئاساسىي ۋەزىپىمىز، چارۋىدارلاردىن مىللىي ئارمىيىگە ياردەم توپلاش ئىدى. رامزان زالىڭ (زالىڭ دېگەن ئوكىرداي دېگەن مەنىدە ئىكەن) دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇردۇق. خەلق بىزنى ياخشى كۈتتى، ئويۇن-تاماشىلارنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، خېلى جىق مال ياردەم قىلدى.

ئاندىن بىز بۇرچىنغا يۈرۈپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى بىر تاغنىڭ باغرىغا چۈشتۇق. بىزنىڭ ھەربىي قىسىملارنىڭ شتابى شۇ يەرىكى بىر سايىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، بىز بۇ يەردە ئالتاي پارتىزانلىرىنى كۈتمەكچى ھەم بۇرچىنغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدۇق. بىزدىن ئىلگىرى قىسىملار بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتەلمەپتۇ، بىز بارغان كۈنى كەچلىكى بۇرچىندىكى دۈشمەنلەر دەريادىن ئۆتۈپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، لېكىن دەرھال زەربە بېرىپ چېكىندۈردۇق، ئەتىسى بىز ھۇجۇم باشلاپ دەريانىڭ يۇقىرى-تۆۋىنىدىن بىر ئىلاجى قىلىپ ئۆتىۋالدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ياندىن ھۇجۇم قىلىش ھەم ئالدىدىن مىنامىيوت ئېتىش چارىلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كېيىن دەرياغا سال (بۇ سالنى دۈشمەن قىسىملىرى ئۇ ياققا تارتىۋالغانىكەن)

سىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىمىز دەريادىن ئۆتۈپ، يېرىم كۈنلۈك قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن بۇرچىن قولغا ئېلىندى. شەھەر قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ھەربىيلىرى قېچىپ كەتكەنىكەن، ئازغىنا ئادەم قولغا چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قىسمىلىرىمىز سارسۇمبىگە قاراپ ماڭدى. بىز شەھەرنى تەرتىپكە سېلىش، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش قاتارلىق ئادەتتىكىچە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن بىزمۇ سارسۇمبىگە قاراپ ماڭدۇق،

بىز يېرىم يولغا بارغاندا سارسۇمبىدىن خەۋەرچى كېلىپ، ئالتايدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ تاشقى مۇڭغۇلىيە تەرەپكە قاراپ قاچقانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئالدىراپ ماڭدۇق. بىراق سارسۇمبىگە يېقىن چىمىرچېك دېگەن يەرگە بارغاندا ماشىنىمىزنىڭ بېنزىنى تۈگەپ كەتتى. كىشىلەردىن ئات سوراپ ئېلىپ بىر بۆلۈكىمىز ئاتلىق، بەزىلىرىمىز پىيادە ئالتاي شەھىرىگە قاراپ ماڭدۇق، 30 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يولنى خېلى قىيىندا بېسىپ، ئەتىسى سەھەردە شەھەرگە كىردۇق، سارسۇمبە پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ بولغان، بىزنىڭ ھەربىي قىسمىلىرىمىز قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. بىز شەھەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خىزمەتكە كىرىشتۇق. دۈشمەن قىسمىلىرى تاشقى مۇڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن بارغاندا ئالتاي پارتىزانلىرىدىن بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۆتكۈزمەپتۇ. بۇ پارتىزانلارنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە ئابدۇرۇسۇل دېگەن بىر باتۇر بار ئىكەن (كېيىن بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشتۇق، ئاق ساقال، لېكىن سالامەتلىكى ياخشى، ئېگىز بويلۇق، قىياپىتىدىنمۇ باتۇرلۇق چىقىپ تۇرغان بىر ئادەم ئىكەن)، ئۇ كۆپ

غەيرەت كۆرسەتىپتۇ. پارتىزانلار 200 دەك ئادەمكەن، دۈشمەن 2000 دىن ئارتۇق بولسىمۇ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن پارتىزانلار تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋېلىپ ئۆزلىرىنى جىق كۆرسىتىپ پەم ئىشلەتكەنلىكتىن دۈشمەننى سايغا سولاپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىپتۇ. ئارقىدىن سارسۇمبە تەرەپتىن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز بارغاندىن كېيىن دۈشمەن ئىلاجى يوق تەسلىم بوپتۇ، دۈشمەن ۋالىيسى قوشۇمچە ئالتاي ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى يەنە باشقا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ سارسۇمبىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن ئۇلارنى غۇلجىغا ماڭغۇزدۇق.

شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن بىز ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتۇق. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا ئوسمان، مۇئاۋىنلىقىغا دەلىلقان ۋە باشقا ئىدارىلەرگە مەسئۇل كادىرلار تەيىنلەندى. ئالتاينى ئېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىخانتۆرە ئالتايغا يېتىپ كەلدى. يەنە ئەخمەتجان قاسىمى، مۇخسىن ۋە بىرنەچچە كىشى بىللە كەلدى. بىرقانچە كۈن بۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن بىز بىللە غۇلجىغا قايتىدىغان بولدۇق، ئېلىخانتۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقىلار غۇلجىغا ماڭدى، مەن چۆچەككە باردىم. چۆچەكتە قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار بار ئىدى، ئاندىن باشقا، ئېلىخانتۆرىلەر ئالتايغا كېلىشتە ئايىمنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، چۆچەككە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن، چۆچەككە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇردۇم، خىزمەتلەرنى بىرقۇر تەكشۈردۇق، ئۇلاردا يىغىلىپ قالغان بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار ئىكەن، ئۇلارنى ياردەملىشىپ بىر تەرەپ قىلدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىغا قايتتۇق.

شۇنداق قىلىپ 1945 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئېيىغا كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەت تامامەن ئازاد بولدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھازىرلىقى ياخشى تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەربىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش باشلاندى، چۆچەك ئېلىنغاندىن كېيىن شىخو ئېلىندى، شىخودا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن يەنىخەي، ئالاۋسونلار قولغا ئېلىنىپ، بىزنىڭ ھەربىي قىسىملىرىمىز ماناس دەرياسىغا يېتىپ باردى. ماناس دەرياـ سىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ، شۇ يەردە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا چوڭ تەييارلىق قىلىنىپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىتىم توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

# ئىككىنچى باب
# ياشلار تەشكىلاتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى

1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئىنقىلابىي زىيالىيلار قوشۇنى شەكىللىنىپ چىقتى. ئۇلار ئۆز ئۇستىگە تىخىمۇ ئېغىر يۈك ئارتىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئۆز كۈچىنى تەشكىللىشى، ئىنقىلابىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشى لازىم بولدى.

لېكىن، ئىلغار ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتلىرى باشتىنلا ئوڭۇشلۇق راۋاجلانغىنى يوق. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدە ھەم جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشەببۇسلىرىغا ۋە پائالىيەتلىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى، بۇلار يۇقىرى تەبىقىدىكى فېئودال كۈچلەر، باي ـ پومېشچىكلار ۋە دىنىي روھانىيلارغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلىگۈچىلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى غەشلىك، باتناش، ئىختىلاپلار بىرىنپ ـ بىرىنپ جىددىي كۈرەشكە ئايلاندى.

روھانىيلار، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلار نازارىتى ھەممە خىزمەتلەرگە دېگۈدەك ئارىلىشاتتى. ئېلىخانتۆرىنىڭ ئۆزى بىر دىنىي ئادەم بولغاچقا، ھەممە ئىشلارغا دىنىي نۇقتىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى، جىمى خىزمەتلەرگە ئاشۇ نۇقتىدىن ئارىلىشاتتى ۋە بەزى ئىلغار،

تەرەققىيات قىسمىتى بار ئىشلارغا ئاڭلىق، ئاڭسىز تۈردە توسقۇنلۇق قىلاتتى.

مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ نازىرى ئىدىم. ئەمما، مەن غۇلاچ تاشلاپ خىزمەت قىلالمايتتىم. چۈنكى، ئىككى يېقىمدا ئىككى مەسلىھەتچى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى، يەنە بىرى دىنىي مەسلىھەتچى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قانداقلىكى ئىش قىلىشقا توغرا كەلسە بۇ ئىككى مەسلىھەتچىنىڭ بەرگەن پىكىرلىرىگە قۇلاق سالماي بولمايتتى. دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ھەممە ساھەلەرگە، بولۇپمۇ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا قويغان تەلىپى قاتتىق، ئارىلىشىشى زىچ ئىدى. ئۇلار ھەتتا نېمە قىلماسلىقنى قەدەر بەلگىلەپ بېرەتتى، دەرسلىك پروگراممىلار ۋە سەنئەت مەزمۇنلىرىغا قەدەر قاتتىق ئارىلىشاتتى. بۇ، تەبىئىيكى، پىكىر ئىختىلاپلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ، زىددىيەتلەر ئاۋۇغانسېرى بىر ـ بىرىگە يول قويمايدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەنە شۇنداق يېڭى كۈرەش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىلغار ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە توغرا كەلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈرەشنى مۇۋاپىق ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتالايتتى.

ئاشۇنداق ۋەزىيەت تەلىپى بىلەن، 1945 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ”ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى“ تەشكىل قىلىندى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ رەئىسلىككە سايلاندى. ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىنى ۋە

كۆرەش پرىنسىپلىرىنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

ياشلار تەشكىلاتى ئاۋۋال ئىلى ۋىلايىتىدە، كېيىن تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ناھايىتى تېزلىكتە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ كېڭەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلىدى ۋە ئاكتىپ كۆرەش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ ھال تەبىئىيكى، ئىجتىمائىي ئىككى ياقلىقنى پەيدا قىلماي قالمىدى، كۆرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. جەمئىيەتتىكى مۇتەئەسسىپ قالاق كۈچلەر، بولۇپمۇ روھانىي دىنىي كۈچلەر يۇقىرى تەبىقىدىكى ۋەكىللىرىگە ھەم ھۆكۈمەت ئىچىدىكى يۆلەنچۈكلىرىگە تايىنىپ، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئازادلىق دېموكراتىك ھەرىكەتنى ئۇتتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىدىيە جەھەتتە ياشلارغا يېڭى دېموكراتىزملىق ئىدىيە، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ سىنىپىي كۆرەش تەربىيىسى ۋە كەلگۈسى سوتسىيالىزم ھەم كوممۇنىزم توغرىسىدا ئاساسىي بىلىم تەربىيىسى بېرىشنىمۇ ئويلىغانىدى، ئەمما ئەمەلىيەت مۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى.

شۇنداقتىمۇ، جىددىي كۆرەش ئىچىدە ئىلغار ياشلار كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۇلغايدى، ياشلار تەشكىلاتى كېڭەيدى. ھەربىر ھەرىكەتتە ئىنقىلابىي ياشلار مەركىزىي تەشكىلاتتىن تارتىپ ناھىيىلىك تەشكىلاتقىچە تەشكىللىك ئۇيۇشۇپ ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇشۇنداق ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلغايغان كۈچى بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ ھېسابلى-

شىشىقا مەجبۇر بولىدى. يەنى، ئۇلار ياشلار تەشكىلاتىنى بىر سىياسىي كۈچ دەپ تونۇشقا باشلىدى. لېكىن، بۇنداق تونۇش بىلەنلا ئۇلار ياشلار تەشكىلاتىنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللىيالمايتتى، چۈنكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتپەرەسلىكى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلار ئەمدى بالدۇرقىدەك ستىخىيىلىك قارشى تۇرۇشتىن پىلانلىق، تەشكىللىك قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى، بولۇپمۇ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشىغا كاشىلا، توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. ياشلار تەشكىلاتى گەرچە ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ، تەشكىللەپ، ئۇلار ئارقىلىق پۈتكۈل خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىقىي تەربىيە ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ ئىنقىلابىي ئىدىيىنى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەلىماتىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئىلغار ياشلار تەشكىلىي مەسىلىنى يېڭىباشتىن ئويلاشقا مەجبۇر بولدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاۋۋال ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ باشچىلىقىدا "ماركسىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى" مەخپىي قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ گۇرۇپپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى بىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى بۇ گۇرۇپپىنى قەتئىي تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا "پىكىر بەردى"، ئەمەلىيەتتە بۇيرۇق قىلدى. كېيىن

يەنە مەخپىي "پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى" قۇرۇلدى. بۇنىمۇ ئۇلار بىلىپ قېلىپ قارشى تۇردى. بىز ئۇلار بىلەن قايتا-قايتا سۆزلىشىپ، نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر تەشكىلات قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز، ئىنقىلاب ئەمدى باشلاندى، بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئىنقىلابىمىز ئەمەس، ئۇزۇل-كېسىل قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنقىلاب تېخى ئالدىمىزدا. ئۇ ئىنقىلابقا تۇيۇقسىز بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭغا پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە تەشكىلىي تەييارلىق كېرەك. بىز ھېچ بولمىغاندا ئىلغار ياشلارنى ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئەتىكى كۈن توغرىسىدا، كەلگۈسى توغرىسىدا، بولغۇسى سوتسىيالىزم ۋە ئومۇمىي غايە كوممۇ-نىزم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم، ماركسىزمنى ئۆگە-نىشىمىز لازىم، دەيتتۇق. ئۇلار بولسا، بولمايدۇ، شارائىت پىشىپ يېتىشمىدى، ۋەزىيەت كۆتۈرمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرسىلەر، دەيتتى. بىز، قارىغۇلارچە مېڭىشقا بولمايدۇ، ھازىردىن باشلاپ سىنىپىي كۆرەش، ئىدىيىۋى كۆرەش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسى سىنىپىي كۆرەشكە، يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىنىش كېرەك، دەيتتۇق.

ئۇلار ئۇنىماۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئۆز ئالدىمىزغا بىر مەخپىي پارتىيە قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. 1945-يىل 12-ئاي ئاخىرىدا ئاۋۋال يەتتە يولداش مەسلىھەتلىشىپ "خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نى قۇرۇشنى قارار قىلدۇق (بۇ قىسقارتىپ "خ ئى پ" دەپ ئاتالدى). ئارقىدىنلا پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى تەشكىل قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەشكىلىي تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتۇق. پارتىيىنىڭ پروگرامما-

سىنى، نىزامنامىسىنى تەييارلاپ، كۆرەش نىشانىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە كېڭەيتىشكە كىرىشتۇق.

يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى تەييارلىقلار ئاساسىدا پروگرامما، نىزامنامىنى يەنىمۇ پىششىقلاپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدۇق. مەركىزىي كومىتېت ئۇنى بىر ھەپتىدىن ئوشۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق باشلاپقى لايىھە سۈپىتىدە تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى پروگرامما ھەم نىزامنامىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي، ئىدىيىۋى ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكى يەتتە كىشى ئىدى: ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ (رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇللا زاكىروۋ.

بىز ئىچكى جەھەتتە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى يەنە "لېنىنچىلار پارتىيىسى" دەپمۇ ئاتىدۇق. "لېنىنچى" دېگەن سۆزنىڭ ھەربىر ھەرپىنى باش ھەرپ قىلىپ ھەممىمىزگە يوشۇرۇن ئىسىم قويدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ — "لېتىپ"؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ — "ئىلغار"؛ سەيپىدىن ئەزىزى — "نۇر"؛ ئەسئەت ئىسھاقوۋ — "ئىلدان"، ئابدۇللا زاكىروۋ — "نىجات"؛ ئەنۋەر خانبابا — "چولپان"، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ — "ئىجاد". بولدى. بىراق بىز "لېنىنچى" دېگەن نام بىلەن يوشۇرۇن ئىسىملىرىمىزنى مەخپىي تۇتۇپ، ئۇنى پەقەت ئۆزئارا ۋە پارتىيە ھۆججەتلىرىدىلا قوللاندۇق.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ يۇقىرىقى يەتتە ئەزاسى پارتىيىنىڭ

نىزامنامىسىگە ئاساسەن ۋەزىپە تەقسىم قىلىشۋالدۇق. ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ رەئىس بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى تەشۋىقات ئىشلىرىنى تۇتتى. ئەسئەت ئىسھاقوۋ تەشكىلىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. ھەربىي ئىشلارنى مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، دېھقانلار خىزمىتىنى سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئەنۋەرخانبابا باشقۇرىدىغان بولدى. ئابدۇللا زاكىروۋ كاتىبات ئىشىغا مەسئۇل بولدى.

بىز سىرتقا قارىتا پارتىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتۇق. پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا يەككە - ئايرىم قوبۇل قىلىش، ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپا بىرلىكى بويىچە ھەرىكەت قىلىش، پارتىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشنى تۆمۈردەك ئىنتىزام بىلىپ قاتتىق رىئايە قىلىشنى ھەمىشە تەكىتلەپ تۇردۇق. بىزنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىمىزنى شۇ چاغدىكى ئالاھىدە شارائىت بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ زۆرۈر ئىدى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ قارشىلىقىدىن، توسقۇنلۇقىدىن ساقلىنىش كېرەك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىز پارتىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىدىن يوشۇرۇن تەشكىللىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن، ئالدىنقى قېتىملاردىكىدەك قارشىلىق قىلىشى ۋە تارقىتىۋېتىشكە "بۇيرۇق" قىلىشىدىن ساقلىنىشىمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇلار بىلىپ قالسا، بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمىدى، بىزنى كۆزىگە ئىلمىدى دەپ نارازى بولۇشى، ھەتتا بىزگە "سوۋېتكە قارشى" دەپ قالپاق كىيدۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

شۇنداقتىمۇ شۇ چاغدىكى كۆرىشىمىزگە ئومۇمەن تەجرىبىلىك،

پىشقان بىر كوممۇنىزمچى پارتىيىنىڭ ياردىمى بولمايمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇرۇۋاتقان ئورنىمىز، قىلىۋاتقان ئىشىمىزدىن ئالغاندا بۇنداق پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىدى. شۇڭا بىز مۇزاكىرىلىشىپ، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقى، پروگراممىسى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارشى بولمايدىغان بىرەر ئادەمنى تېپىپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويساق، دېگەن قارارغا كەلدۇق. غۇلجىدا شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، مەسلىھەتچىلەر بىزنى قوللىمايتتى، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ ئۇلار مەسلىھەت بېرىدىغان ۋەزىپە دائىرىسىدە ئەمەس ئىدى. غۇلجىدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭغا ئېيتىشىمۇ بىئەپ، چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئىش دائىرىسىگە كىرمەيتتى. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش قارارىغا كەلدۇق. شۇ چاغلاردا ئۆزى موسكۋادا تۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئارىلاپ-ئارىلاپ غۇلجىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ ئادەم بىر قېتىم غۇلجىغا كەلگىنىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەممە ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتتۇق. ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىن ۋە مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلدى: "بولدۇ، ئىشىڭلارنى داۋام قىلىۋېرىڭلار. پارتىيەڭلارنى مەخپىي تۇتۇڭلارمۇ بىر ھېسابتا ياخشى، ھازىرچە باشقىلار بىلمەي تۇرسۇن. ئەڭ مۇھىمى، پارتىيەڭلار جەمئىيەتتە ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن. ئىجتىمائىي ئورۇنلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا شارائىتىڭلار

مۇرەككەپ. بۇنداق ئەھۋالدا، سىلەر پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان
بەزى كۆچلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. سىلەرنى، ھەرد-
كىتىڭلارنى مەن بىلدىم، ئەمدى موسكۋامۇ بىلىدۇ" دېدى ئۇ.
بىز ئۇنىڭ سۆزىنى مەركىزىي كومىتېت ئىچىدە يەتكۈزدۇق، ئۇنىڭ
پىكرىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەۋېرىشنى قارار قىلدۇق.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى
سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراما، نىزامنامىلىرىگە ئاساسلىنىپ
تۈرۈپ تۈزۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ نەزەردە تۇتۇلغانىدى. پارتىيىنىڭ مەقسىتى،
پارتىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى نىشانى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى.
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە ۋە
پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىغە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي دېموكراتىك
ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛
كېيىن، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب
ئېلىپ بېرىش؛ پارتىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش دەپ بېكىتىلگەنىدى. بۇ يېتەكچى پروگراما، ئومۇمىي
ۋەزىپە پروگراممىنىڭ باش قىسمىغا ئوچۇق يېزىلغان، پارتىيىنىڭ
يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم دەپ كۆرسىتىلگەن، ماركسىزم
كلاسسىك ئەسەرلىرى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك
دەستۇر دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي
ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ سىنىپىي ئەھۋالىنى
مۇھاكىمە قىلىش، سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى تەتقىق قىلىش
ئاساسىدا، شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق كۈرەش ئۇسۇللىرىنى

قولىلىنىش ئارقىلىق سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئۇچۇق بەلگىلەنگەندى.

بىز شۇڭغا ئاساسەن چاپچال ناھىيىسى بىلەن غۇلجا ناھىيىسىنى نۇقتا قىلىپ ۋەزىپە بۆلۈشۈۋېلىپ، فېئودالىلىق تۈزۈم ۋە دېھقانلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەم تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ باردۇق. شۇ چاغنىڭ شارائىتى تۈپەيلىدىن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئۇچۇق ـ ئاشكارا، چوڭقۇر بولالمىغان ۋە يەنىمۇ كەڭرى، تېخىمۇ كۆپ جايلارغا بارالمىغان بولساقمۇ، بىر مۇنچە ماتېرىياللارغا، پايدىلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاندۇق.

بۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈ ـ مەت ئىچىدىكى ۋەكىللىرىگە، دىنىي ساھەدىكى روھانىيلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم ئىتتىپاقلىشىش ـ پايدىلىنىش، ھەم پرىنسىپلىق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

بۇ پارتىيىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ۋەزىپىسى، مىللىي ئارمىيە ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئاۋۋال مىللىي ئارمىيە ئىچىدە پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئانچە كەڭ دائىرىدە ھەرىكەت قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇ مىللىي ئارمىيە ئىچىدىكى ياشلار تەشكىلاتىدىن پايدىلى ـ نىپ، يەرلىك ئورۇنلارغا قارىغاندا بىرقەدەر چوڭقۇرراق ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ باردى. پارتىيىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئىچىدىكى ئىدىيىۋى خىزمەتنى پارتىيە پرىنسىپلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىش خېلى ئوڭاي بولدى.

1946 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام

تەشكىلاتلىرى غۇلجا شەھىرىدىن تاشقىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىرمۇنچە ناھىيىلىرىدىمۇ قۇرۇلۇپ بولدى. كېيىن تارباغاتايدا، ئالتايدا ۋىلايەتلىك شۆبە تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1946 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، يەنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 4000 دىن ئېشىپ كەتكەندى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئەنە شۇنداق بىرقەدەر كەڭ تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرى ئارقىلىق ئۇچۇق ياشلار تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى كىشىلىرىدىن (رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ئىدى) تارتىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە بولغان مەسئۇل كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقتىن، بۇنداق پايدىلىق تەشكىلىي ئىمكانىيەت خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ياشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىشىدا ئوبدان رول ئوينىغانىدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ ئىشلىشىگە توغرا كەلدى. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئۈرۈمچى ۋە باشقا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا خەلق كۈچلىرىنى تەشكىللەش، ئۇلغايتىشقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى. مەركىزىي كومىتېت ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ ئىلغار ئىنقىلابىي ياشلىرىدىن تەشكىللەنگەن "شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى" دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلاتنى كوللېكتىپ بىلەن ئۆزىگە قوشتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان لى تەييۈي،

لو جى، چېن شىخۇا، خې رۆي، يۈي جىيەنلىن قاتارلىق يولداشلار خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىر قاتار تەشۋىق- تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ چوڭ بىر ئۇتۇقلۇق ئىشى شۇ بولدىكى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 1946- يىلى 11- ئايدا قورچاق "مىللىي قۇرۇلتاي"غا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭغا بېرىش پۇرسىتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر غالىبىيەت مېۋىسى. شۇنداقلا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي زىيالىيلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ بىر مەھسۇلى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا، مەخپىي تۇرغان ئەھۋالدا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە غايەت چوڭ رول ئوينىدى. يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، خەلق ئىنقىلابىي

پارتىيىسى شىنجاڭدا قۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتى. گەرچە ئۇ قۇرۇلۇپلا جۇڭگو كۇڭچەنداڭىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ھەرىكىتىدە ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ جۇڭگو كۇڭچەنداڭى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئېنىق ۋە توغرا كۆرسەتمىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن قىلغان ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ توغرا ئىزغا چۈشتى.

ئەلۋەتتە، ئۇمۇ كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى، شۇ ۋاقىتتا، شۇ شارائىتتا ئۇنىڭ كەمچىلىكسىز، نۇقسانسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي كەمچىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆز پروگراممىسىدا، شىنجاڭدا كەمبەغەل ھەم ياللانما دېھقانلارغا تايىنىپ ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ مەسىلىدە، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا پرولېتارىياتنىڭ تېخى مۇستەقىل سىنىپ بولۇپ مەيدانغا چىقمىغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇ پرولېتارىيات سىنىپىغا تايىنىشنى، دېھقانلار مەيداندا ئەمەس، پرولېتارىيات مەيداندا تۇرۇشنى پروگراممىسىدا ئېنىق كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. دېمەك، بۇ نۇقتىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئاز-تولا دېھقانلار پارتىيىسى كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ قويدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ يەنە بىر كەمچىلىكى شۇكى، ئۇ مىللىي مەسىلىدە ئۆز پوزىتسىيىسىنى دەسلەپتىلا ئوچۇق ئېلان قىلمىدى. ئۇ پروگراممىسىدا شىنجاڭنىڭ مىللىي مەسىلىسى شىنجاڭ-دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەل قىلىنىدۇ، دەپ

ئومۇمىي، مۇجمەلرەك بىر پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ 1947 ـ يىلدىن كېيىنلا شىنجاڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ھەل قىلىنىدۇ، دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شۇ مەقسەت ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى، مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلدى.

# ئۈچىنچى باب
# جەنۇبقا يۈرۈش

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ جەنۇبقا يۈرۈش ھەققىدىكى «سەپەر خاتىرىسى»دە مۇنداق يازغان:

"...(1945 - يىلى) ئىيۇل ئېيىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەھبەرلىك ماڭا ئۇلۇغ ئەھمىيەتلىك جەنۇبقا يۈرۈش بۇيرۇقىنى ئۇقتۇردى. شۇ مەزگىلدىن تارتىپ بۇ بۇيرۇققا بىنائەن جىددىي تەييارلىق باشلاندى.

ھەقىقەتەندە جۇمە كۈنى يۈرۈش مېنىڭ خىيالىمدا يوق ئىدى. ئەمما جۇمە كۈنى ئېنىق مېڭىش توغرىسىدا پەيشەنبە كۈنى بۇيرۇق چۈشتى. ئۇ كۈنى بۇ بۇيرۇق بىزنى ھودۇقتۇرغىنى يوق. چۈنكى بىز سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تەييارلىقلارنى بىرقەدەر ھازىرلاپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە ھەركىم ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

مەن ئۆزەمنىڭ بۇ سەپەرگە چىقىشىمنى ئۆيدىكىلەرگە، خۇسۇسەن ئاپامغا بىلدۈرمەي چەتتىن ھازىرلىق قىلىپ يۈردۈم. ئەمما قانداق قىلىپكىن پەيشەنبە كۈنى ئاپام ئۇقۇپ قالغان...

مېنىڭ ئاپام 60 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر موماي. ئۇ ماڭا بەك ئامراق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مېنىڭ بىر ياققا بېرىشىمنى

ژادى خالىمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ قوللانغان چارىلىرى بولسا:
تاماق يېمەسلىك، ئۇخلىماسلىق، ئەڭ ئاخىرىسى يىغلاش ۋە
ئالداش... ئىدى. لېكىن مېنىڭ سەپەر قىلىشىمنى تۇيۇپ قالغان
ئاپامدا پەيشەنبە كۈنى يۇقىرىدىكى چارىلەر پەقەت كۆرۈلمىدى.
مەن ئويلايمەن، ئاپامۇ باشقا مومايلارغا ئوخشاش ئازادلىقنىڭ
تەشناچىلىرىدىن بولسا كېرەك... بۇنىڭدىن مەن ئىشىنىمەنكى، بىزدە
ئازادلىققا تەشنا بولمىغان بىرمۇ كىشى يوق!

بۇ كۈنلەردە مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمەت-
چىلىرى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي قورالى — ھەر تىلدىكى تەشۋىقات
ۋاراقلىرىنى ناھايىتى جىددىي ھالدا ھازىرلىماقتا. 'ئالدىنقى سەپتىكى
ئەسكەرلىرىمىزگە'، 'ئۇن دۈشمەننى يوقاتقان يىگىتكە تەگسۇن!'،
'بىرىمىز يىقىلساق؛ ئونىمىز تەييار!...' دېگەن يىپەكتىن تىكىپ
يېزىلغان قول ياغلىقلار، مايكىلار، ياستۇق قاپلار... تەييارلىغان.
مەن بۇ ئارىلىقتا تەشۋىقات بۆلۈمىگە كىرىپ چىقىپ، سەپەرگە
تەييارلىق قىلماقتا ئىدىم، ئەمما يوشۇرماسلىق كېرەككى، نېمە
ئۈچۈندۇ ياكى ئۆزەممۇ يىگىت بولغانلىقىمدىنمۇ، ئىش قىلىپ،
'ئۇن دۈشمەن ئۆلتۈرگەن يىگىتكە تەگسۇن!' دەپ يېزىلغان قول
ياغلىقتىن بىرى مېنىڭ قولۇمغا تېگىشىنى ۋە شۇ ياغلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىش كۆرسىتىشنى شۇ ھامانلا كۆڭلۈمگە پۈكتۈم...

جۈمە كۈنى مېڭىشىمدىن خەۋەردار بولغان دوستلۇرۇم پەيشەنبە
كۈنى كۆڭۈللىرىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىشقا ئۇرۇندى؛ ھەممىسىنىڭ
سۆزلىرىنى يىغىپ كەلگەندە: 'سەن ياش، ئۆزەڭنى ياخشى ساقلا،
غەلىبە قازان، مەن ئۈچۈن بىر دۈشمەننى ئۇشۇق يوقات...' دېگەن
يادىكار سۆزدىن ئىبارەت؛ بىرنەچچە دوستلۇرۇم قول ياغلىقلارنى

يوللۇق قىلدى. بۇ ياغلىقلارنىڭ ئۈستى ئەنە شۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەندىكى خەتلەر بىلەن تولغان، 'ھەر ۋاقىت دۈشمەننى يوقىتىش، ئۆزىنى ساقلاش، غەلىبە قازىنىش!' — ھازىرقى خەلقلەرنىڭ بىردىنبىر مۇھىم ئازادلىق شوئارىدۇر.

پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىمدا يەنە بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، ئۇ دەسلەپكى سۆزىنى قىلىپ، 'خەلققە زىيان كەلتۈرمە! ئىنقىلابقا قارشى چىققانلارنى، دۈشمەن-لەرنى ئەلۋەتتە يوقىتىش كېرەك!' دەپ باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئېغىز سۆزى كۆرۈنۈشتە ئاددىيغىنا ئىككى ئېغىز سۆز بولغان بىلەن ھەقىقەتەندە ئۇ ئادالەت ۋە ھەقىقانىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەرنىڭ سىياسىي پروگراممىسى. بۇ ئىككى ئېغىز سۆز بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىي كۈرەش پرىنسىپلىرىدىندۇر. مەن ھېس قىلدىمكى، ئۇ قانچە كۆپ ئورۇندالسا، شۇنچە ئارتۇق ئۈمىد ۋە شۆھرەت تۇغدۇرسا كېرەك.

كېچىچە دېگۈدەك ئاپامنىڭ ياردىمى بىلەن مېڭىشقا ئاتلاندىم. ئاپام پات-پات قارايدۇ. ئەمما سۆز قىلالمايدۇ. مەنمۇ قېرىشقاندەك ئاپامنىڭ يېنىدا بىر مىنۇت ھەم جىمجىت ئولتۇرماي ھەر خىل ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇردۇم. تاڭمۇ ئاتتى، بىر پىيالە چاي ئىچىپ ئاپام بىلەن خوشلاشتىم-دە، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدىم. ئاپام: 'يېڭىپ قايت!' دېگەن سۆز بىلەن كۆزىدىن ئۈنچىدەك ياش تۆكتى. ئەمما بۇ ياش ئېچىنىش يېشى ئەمەس، بەلكى غەلىبە يېشى، ئامەت يېشى، شادلىق يېشى!... چۈنكى ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھېچقايسىسىدا ئېچىنىش يېشى يوق ۋە بولۇشى ھەم مۇمكىن ئەمەس!

ئەتىگەنــدە سائەت سەكــكىزدە بىر دوســتۇم بىلەن خۇشــلىششقا باردىم، ئۇمۇ ئۇشۇق سۆز قىلمــدى، پەقەت: 'تېز قايتىپ كەل!' دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى. ھەقىقەتەن مەن ھېس قىلمەنكى، ئۇ مېنىڭ تېز قايتىــشىمــنى ئەمەس، بەلــكى غالىبىيەتنىڭ تېز ۋۇجۇدقا چىقىشىنى تىلەيدۇ.

بىز مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ماشىنــغا ئولــتۇرۇپ يولــغا چىقتۇق. ئۇلار (رەھبىرىي كادىرلار ۋە دوستلار) بىزنى جىرغىلاڭغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مەن بىزنىڭ ئىنقىلابــچىــلار ئىچىدە ئەڭ كــچىكى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇلار مېنى ناھايــتى ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ چوڭــلىرىنى ئاتا، قالغانــلىرىــنى ئاكا دەپ ئاتايــمەن، ئۇلار مېــنى ئۇكام دەپ ئاتىشــدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يول بويى قولمۇقول تالىشىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزىدۇ. كۆپ نەسىھەت سۆزلــرىنى قىلــشىدۇ، قىلغان نەسىھەتلىرى دوستانە ۋە سەممىي ئىدى، شۇنداق قىلىپ جىرغىلاڭ- غىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئايرىلىش ۋاقتى يېقىنلاشــتى. ھەممىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. ئۇلار ھەممــسى بىر ئېغىزدىن: 'سالامەت بېرىپ، سالامەت قايتىڭلار! غالىبىيەت قازىنىشىڭلارغا بىز تىلەكداش!' دېيىشىدۇ.

مەن ئىنىق ۋەدە بېرىــمەنــكى، بىز سالامەت بارــمىز، سالامەت قايتىمىز، غالىبىيەت چوقۇم بىزنىڭ! چېلىشمۇ، يېڭىشمۇ بىزنىڭ!..."

(ئەپسۇسكى، بۇ سەپەر خاتىرىســنىڭ داۋامــى تېپىلمــدى، ئەمما، ئابــدۇكېــرىــمنىڭ شۇ سەپــەردىن قايتــقانــدىن كېــيىن، بۇ يۈرۈش توغــرىــسىدا ھەم ئىشەنــچ، ھەم ھەســرەت بىلەن سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرى ھازىرقىدەك يادىمدا).

1945 - يىلــنىڭ ياز كۈنــلىرى، تەڭــرىــتاغ باغــرىدىــكي ياپلاقتا

بىر قىسىم ئاتلىق قوشۇن تۆتتىن قاتار بولۇپ، تاغ يوتىسىغا كۆتۈ-
رۈلمەكتە، بۇ مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭغان
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوشۇنى ئىدى. قوشۇنىنىڭ
ئالدىدا بىر ئەر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا ئون كىشىلىك چارلامچى
ئەترەت كېتىپ بارماقتا. ئاتلىق ئەسكەرلەر قاتارىنىڭ ئالدىدا
ھەربىي بايراق كۆتۈرگەن ئەسكەرنىڭ كەينىدە پولك كوماندىرى
سوپاخۇن كېتىپ بارىدۇ. قوشۇنىنىڭ كەينىدە — بىر ئەر يۈز مېتىر
يىراقلىقتا قوشۇن كوماندىرى قاسىمجان قەمبىرى بىلەن كومىسسار
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە....

1945 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي
ئارمىيىسى ئەسلى پىلان بويىچە ئىلگىرىلەپ، شەرقتە ماناس دەريا-
سىغىچە يېتىپ بارغان، شىمالدا بولسا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنى ئازاد
قىلىپ، ئالتايغا ھۇجۇم باشلىغانىدى. ئەمدىكى پىلان ئۈچ ۋىلايەت
تولۇق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە
ماسلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ قوراللىق ھەرىكەت باشلانماقچى
بولغان. ئابدۇكېرىملەر باشلاپ ماڭغان قوشۇن ئاقسۇنى ئېلىپ،
گومىنداڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئۈرۈمچى - قەشقەر ئالاقىسىنى ئۈزۈۋې-
تىش ۋە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش؛ تاشقورغان پارتىزانلىرى بولسا
قاغىلىق، يەكەننى ئېلىپ، ھەم ئۇلۇغچاتنى ئىشغال قىلىپ، مىللىي
ئارمىيە قوشۇنىغا جەنۇب ھەم غەرب تەرەپتىن ماسلىشىپ قەشقەرگە
ھۇجۇم قىلىش؛ خوتەن ۋىلايىتىدە، تۇرپاندا خەلق قوزغىلاڭلىرىغا
تەييارلىق قىلىنغان، قۇمۇلدا بولسا، ئونانباي، سىيىت باتۇر،
دۆلەتخانلارنىڭ پارتىزان كۈچلىرى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ
مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن تەڭ، قالغان يەتتە

ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىدە قورالىلىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، گومىن-
داڭ قىسىملىرىغا تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم باشلانماقچى ئىدى.
مۇشۇنداق بولغاندا، بىرىسى ئالتە ئاي، نېرىسى بىر يىل ئىچىدە
شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ما بۇفاڭ قىسىم-
لىرى شىنجاڭغا كېلىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز
ئەندىشە قىلغان ئىدۇق، لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي
شىمالدا خۇ زۇڭنەن بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ بارغانچە چوڭ غالىبى-
يەت قازىنىشى بىلەن ما بۇفاڭ شىنجاڭغا ھەربىي كۈچ ئەۋەتەلمەي-
دىغان بولۇپ قالدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سەكسەن مىڭ
ئەتراپىدىكى قورقۇپ ھالى قالمىغان ئەسكەرلىرى يۇقىرىقىدەك
ئومۇمىي ھۇجۇم باشلانغاندا، خەلق قورالىلىق كۈچلىرىگە بەۋا
كېلەلمەيتتى.

ئابدۇكېرىم قاسىمجان بىلەن سوپاخۇنىنىڭ قىسمىنى ئېلىپ،
ئەنە شۇ ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك پىلان بويىچە قوشۇن باشلاپ
جەنۇبقا يۈرۈش قىلغانىدى.

بۇ قوشۇن مۇزداۋاندىن ھالقىپ چۈشۈپ ئۇ يەردە دۈشمەنىنىڭ
200 دەك ئەسكىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تاغ يوتىسىدا ئىككى-
ئۈچ كۈن دەم ئالدى ۋە ئىلگىرى يۈرۈپ كەتكەن چارلىغۇچىلارنىڭ
قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. كېيىن چارلىغۇچىلار قايتىپ كېلىپ
خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تاشيولدىن
قەشقەر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جىق ئەمەس
ئىكەن، قورال-ياراغ ۋە باشقا تەمىنات نەرسىلىرىنى يۈكلىگەن
ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. بايدا گومىنداڭنىڭ ئىككى يۈزدەك
ئەسكىرى بار ئىكەن، 40-50 ساقچىسى بار ئىكەن، لېكىن ئۇلار

ئىلىدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ كېلىشىدىن قورقۇپ ئاران تۇرىۋاتقان: ئاقسۇدا بولسا، خەلققە ھاشا سېلىپ، كونا-يېڭى ئىككى شەھەرنىڭ سېپىللىرىنى كۆتۈرۈپ ياسىتىۋېتىپتۇ. گومىنداڭنىڭ قاماش-ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى بارغانچە كۆپىيىپ، خەلق تاقەتسىزلىك بىلەن ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەن. ئابدۇكېرىملەر مەسلىھەتلىشىپ ئاۋۋال باينى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن ئاقسۇغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلار شوتا دېگەن يەردىن مېڭىپ، تاغدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، سول ياققا بۇرۇلۇپ بايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ قوشۇننىڭ كېلىشىدىن بايدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى، ئەسكەر دائىرىلىرى ۋە خەلقمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

قوشۇن باي ناھىيىسىگە يېقىنلاشقاندا، ناھىيىگە كېتىپ بارغان ۋە ناھىيىدىن چىققان ئادەملەرنى تۇتۇپ قېلىپ، ناھىيە بىلەن ئارىلىقتىكى ئالاقىنى قامال قىلدى. شۇنداق قىلىپ ناھىيە بىلەن كىشىلەرنىڭ بېرىش-كېلىشى ئۈزۈلگەنلىكتىن، شەھەرگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى، قوشۇن بىر-ئىككى كۈن مېڭىپ، باي ناھىيىسىنىڭ چەت يېزىلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوخشاشلا يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ ماڭدى، يېزا خەلقى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنى ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. پىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يېزىلغانلارمۇ بارغانچە كۆپىيىۋەردى. لېكىن يېزا خەلقى ھەربىي تەرتىپكە بويسۇنۇپ، شەھەر بىلەن باردى كەلدى قىلمىدى.

قوشۇن شەھەرگە ئون نەچچە كىلومېتر كېلىدىغان بىر يېزىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخلىككە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. كۈندۈزى كەچكىچە دەم ئالدى ھەم تەييارلىق قىلدى، پۇقراچە كىيىم بىلەن كەتكەن

چارلىغۇچىلار ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن باشلىقلارغا دوكلات قىلدى. گومىنداڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئەھۋالىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىكەن. لېكىن، ئۇلار ناھايىتى ئەندىشىدە قاپتۇ. شەن ياڭۇل ۋە ھەربىيلەر تۇرغان جاينىڭ تاملىرىنى ئېگىزلىتىپ، تۆشۈكلەر ئېچىپ تەييارلىنىۋېتىپتۇ، ئەتراپقا كوپلىگەن پوتەيلەرنى ياساپتۇ. خەلققە ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتىپ، ھەتتا زورلۇق بىلەن ئاشلىق، گۆش، يەم ـ خەشەك توپلاۋېتىپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۆزى ئېلىپ كەلگەن شەھەر خەرىتىسىنى باشلىقلارغا كۆرسىتىپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مۇزاكىرە بولۇپ ئاخىر مۇنداق قارار قىلىندى: "قوشۇن تۈن يېرىمىدا قوزغىلىپ ئۈچكە بۆلۈنۈپ، شىمال، غەرب، شەرقتىن تاڭ ئالدىدا تەڭ ھۇجۇم باشلاش ۋە بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى توسۇش؛ دۈشمەننىڭ بىر ئادىمىنىمۇ قاچۇرماسلىق. ئۇدۇلدىن بارىدىغان ئەسكەرلەرنى سوپاخۇن باشلاپ بېرىپ، گومىنداڭ قىسىملىرى تۇرغان جاينى نىشانلاش.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇستتا، تاڭ قاراڭغۇسى تېخى كۆتۈرۈلمىگەن، باي شەھىرى تېخى ئويغانمىغان، گومىنداڭنىڭ چارلاش ئەسكەرلىرىنىڭ كوچىدا ماڭغان ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان پەيتتە، مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى بەلگىلەنگەن جايلارغا بېرىپ، تاڭ يورۇشىنى كۈتۈپ ياتتى. قوشۇن يوشۇرۇنۇپ ياتقان شۇ ئەتراپتا گويا بىرمۇ ئادەم يوقتەك، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

تاڭ يورۇشى بىلەن ھۇجۇم سىگنالى بېرىلدى، ئەسكەرلەر ئۈچ تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئاۋۋال ئوق چىقارماي شەھەر كوچىلىرىغا كىرىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن چېرىكلەر تۇرغان

يەرگە يېقىنلاشقاندا، دۈشمەن تەرەپ بىلىپ قېلىپ ۋالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىدى. قوشۇن بىر ياقتىن ئوق چىقىرىپ، بىر ياقتىن "ھۇررا!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئىلگىرىلەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى، ساقچى ئىدارىسىنى ۋە چېرىكلەر تۇرغان جاينى قورشىۋالدى. بىرنەچچە سائەت جەڭ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بارلىق كۈچى بىلەن تىركىشىپ ئۇرۇش قىلدى. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى مادىخۇڭ دېگەن تۇەنجاڭ كۈچادىن 300 ئەسكەر بىلەن كېلىپ دۈشمەن كۈچى كۆپەيدى. مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى ۋاقتىلىق چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مىللىي ئارمىيە 9-ئاينىڭ 2-كۈنى كۈچنى توپلاپ ھۇجۇم قىلىپ باينى ئازاد قىلدى.

جەڭ توختاپ شەھەر تىنچىغاندىن كېيىن، كىشىلەر كوچىغا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قوشۇننىڭ تەشۋىقات ئەترىتى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، خەلققە ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن شەھەر خەلقى كوچىلارغا تولۇپ، چوڭ داغدۇغا قىلدى، شەھەرنىڭ ئازادلىقىنى تەبرىكلەپ ۋە مىللىي ئارمىينى قارشى ئېلىپ، كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن توپ-توپى بىلەن كېلىپ تۇردى. بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرى ۋە زىيالىيلار ئابدۇكېرىم ۋە قاسىمجانلار تۇرغان يەرگە كېلىپ باي خەلقى نامىدىن مىللىي ئارمىيىنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى ۋە ھەرقانداق ياردەمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى شەھەردە ئەسىرلەرنى بىر ياققا يىغىش، دۈشمەننىڭ قورال-ياراغلىرىنى ھېسابلاپ ئېلىش، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئالاقە ھۆججەتلىرىنى رەتلەپ ئېلىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى، خەلق

ئاخشا ـ ئۇسسۇل، داقا ـ دۇمباق بىلەن قوشۇننىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە كەچكىچە داغدۇغا قىلىدى. ئەتىسى ئابدۇكېرىم قاسىمجان بىلەن شەھەر مۆتىۋەرلىرى ۋە بىر قىسىم زىيالىيلارنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا، ئوسمان داموللانى باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ياسىن ئاخۇننى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى ئېلان قىلىندى، كۆپچىلىك تولۇق قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ناھىيىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى مەيدانغا كەلدى.

قوشۇن بايدا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ تېگىشلىك تەييارلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى.

بۇ قوشۇن بىرنەچچە كۈنلۈك تېز يۈرۈش بىلەن، ئاقسۇ بېقىندىكى جام دېگەن يەرگە كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ بىرەر يۈزچە قاراۋۇل چېرىكلىرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ ئىلگىرىلىدى. ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، گومىنداڭ ھەربىيلىرى شەھەر سىرتىدا قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە، كونا ـ يېڭى ئىككى شەھەر سېپىلىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىدى. مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئاۋۋال كونا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭ چېرىكلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى ئاقسۇ يېڭى شەھەرگە قاچتى. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گومىنداڭ ھەربىيلىرى چوڭ كۈچ بىلەن كونا شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلدى. مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ۋاقىتلىق شەھەرنى تاشلاپ چېكىندى (بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا گومىنداڭنىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكىرى بولۇپ، سان جەھەتتىن مىللىي ئارمىيە قوشۇنىدىن خېلى يۇقىرى

تۈراتتى). مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئون كۈن ۋاقىت ئىچىدە كۈچنى توپلاپ قايتا تەييارلىق قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كونا شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلدى ۋە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ۋاقىتتا، غۇلجىدىن بىر قىسىم ئەسكەر كەلدى. مىللىي ئارمىيە قىسمىدىن باشقا خەلق پىدائىيلىرى قوشۇلۇپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغۇچىلارنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭغا يەتكەنىدى. ئەمما گومىن-داڭنىڭ ئون مىڭغا يېقىن ئەسكىرىي كۈچى شەھەر ئىچىدە قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىش ئاسان بولمىدى. ئۇرۇش 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلدى.

شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت خېلى ئىلگىرىدىنلا ئىچكىرىدى-كىگە ئوخشاش شەھەر ـ شەھەرلەرگە چوڭ سېپىللارنى سېلىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە قورغانى قىلىپ كەلگەن. مەنچىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى باشلانغاندىن كېيىن شىنجاڭدا بۇنداق شەھەر سېپىل-لىرى كۆپەيتىلىش بىلەن بىرنەچچە نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ سېپىل-لىرى قايتىدىن ئېگىز ياسىلىپ، پۇختا ئىشلەنگەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن سېپىل-لىرى ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئالاھىدە قورغانلىرى ئىدى. جۈملىدىن ئاقسۇ يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى پۇختا ياسالغان بولۇپ، شۇ ۋاقىت-تىكى قوراللىق ئۇرۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىشتە خېلى ئوڭايلىق بېرەتتى. شۇڭلاشقا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ سېپىلگە بۆسۈپ كىرىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىشى ئاسان بولمىدى.

شۇ كۈنلەردە ئابدۇكېرىم ۋە قاسىمجانلار شەھەر ئىچىدىن يوشۇ-رۇن قېچىپ چىققان بىرنەچچە ئىلغار ياشلاردىن ئېغىر پاجىئەلىك

بىر خەۋەرنى ئاڭلىدى: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق بىر قىسىم ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى پاجىئەلىك يوسۇندا ئۆلتۈرگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم قاتتىق قايغۇردى، ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغلىغاچ "ئەپسۇس، بىز بۇ قەھرىمانلارنى قۇتۇلدۇرالمىدۇق. كېچىكىپ قالدۇق" دېدى. قاسىمجان ۋە باشقا ھەربىي باشلىقلار ئابدۇكېرىم بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قۇربانلار ئۈچۈن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي شائىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە بىللە ئوقۇغان، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىست يولداشلارنىڭ تەربىيىسىدە ئوقۇپ يېتىشكەن. مۇتەللىپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۆتكۈر، ئىلغار شېئىرلىرى بىلەن نام چىقىرىپ، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. مۇتەللىپنىڭ يېڭى مەزمۇندىكى ئىلغار شېئىرلىرى شۇ ۋاقىتلاردا ئابدۇكېرىمگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان. ئابدوكېرىم بۇ ياش تالانتلىق شائىرغا چىن ئىخلاس قىلىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئىدىيە بىرلىكى ئاساسىدا يېقىن دوستلارغا ئايلانغانىدى. ئابدۇكېرىم 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ساۋەنگە ھەيدىلىپ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە سەپدىشى مۇتەللىپتىن ئايرىلدى. شۇندىن كېيىنلا شېڭ شىسەي باشقا ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدا مۇتەللىپنىمۇ ئاقسۇغا قوغلىدى، مۇتەللىپ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، "قاينام ئۆركىشى"

دېگەن تەخەللۇس بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، شۇ زاماننىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلدى. ئۇ ئاقسۇدا بىر قىسىم ئىلغار ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، "ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى" دېگەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئىدىيە ھەم تەشكىلىي جەھەتتىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشنى ئۇلغايتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، يەنى 1944-يىلىدىن باشلاپ، مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ دۈشمەن ئىچىدە تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلاشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ تۇرغان ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، قىسماققا ئالدى ۋە ھەر خىل يوللار بىلەن تەھدىت سالدى. كېيىن ئۇلارنى قولغا ئالدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى كۈرەشلىرىنى توختاتمىدى بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئاخىر ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان كۈنلەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇتەللىپ باشلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى پاجىئەلىك يوسۇندا چېپىپ ئۆلتۈردى. مۇتەللىپ بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە: مۇنىرىددىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا داۋۇت، سېيىت ئابباس (ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئىنىسى)، مەۋلانىجان تۇردى ۋە ئابدۇللا روزى قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان شائىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەرىپەتلىك ياشلار بار ئىدى.

ئابدۇكېرىم ساۋەندىن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، 1943-يىلى مۇتەللىپ بىلەن ئىككى قېتىم يوشۇرۇن ئالاقىلاشتى، ئۇلار ئىككى

سەپتە تەڭ كۆرەش قىلىش، ئاخىرى غالىبىيەت بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇلىرىنى بايان قىلىشقانىدى. ئۇلار چوڭ ئۇتۇقلۇق ئىنقىلابىي كۆرەشلەرنى قىلدى، بىراق بۇ ئىككى دوست ئارزۇلىرىغا يېتەلمىدى. شۇڭا مۇتەللىپنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاش ئابدۇكېرىم ئۈچۈن بەك ئېچىنىشلىق، چوڭقۇر قايغۇلۇق خەۋەر ئىدى. ئۆز ئىنىسىنىڭ قۇربان بولغانلىقىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەي قالمىغان.

ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇشۇۋاتقان كۈنلەردە، گومىنداڭنىڭ كۇچادىن ئەۋەتىلگەن قىسىملىرى يېقىنلاپ قالدى. ئابدۇكېرىم، قاسىمجانلار بولسا، بىر ياقتىن غۇلجىدىن ياردەم سورىدى، يەنە بىر ياقتىن يەرلىك ياش دېھقانلار بىلەن قوشۇننى كېڭەيتىپ، شەھەرنى چاپسانراق ئېلىشقا تەييارلىق قىلدى. غۇلجىدىن ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرمۇ كەلگەنىدى، بىراق تۇيۇقسىزدىن چاپسان قايتىش توغرىسىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن بۇيرۇق كەلدى. بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار ياخشى بىلەتتى، ئەمما ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۇلارغا خېلى ئېغىر كەلدى. ئابدۇكېرىم غۇلجىدىن يۈرۈشنىڭ ئالدىدا، بەزى دوستلاردىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تامام بولۇپ قالسا، شىنجاڭنىڭ قوراللىق ئۇرۇشىنىمۇ ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدى. 9-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توختىدى، شۇڭا بۇلارغا كەلگەن بۇيرۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توختاش بىلەنلا باشلانغان تىنچلىق سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يالغۇز ئاقسۇدىلا ئەمەس، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراتقان ھۇجۇم قىلىش پىلانى ھەم بىز يۇقىرىدا ئېيتقان پۈتۈن

شنجاڭنى ئازاد قىلىش ستراتېگىيىلىك ھەربىي پىلانىمۇ توختاپ قالدى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇكېرىم، قاسىمجان، سوپاخۇنلار مۇھاسىرىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# تۆتىنچى باب
# تاشقورغان ئىنقىلابى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بارلىق زۇلۇمىنى، پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىنىڭ دەر-دىنى يەتتە ۋىلايەتكە چاچتى، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە خارابلاشتى. مالىيە جەھەتتە شىبېك شىسەي قۇرۇق-داپ قويغان شىنجاڭ خەزىنىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ھېچقانداق نەپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئىقتىسادىي قىيىنچى-لىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى سۈپىتىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى كۆپلەپ قەغەز پۇل تارقىتىپ سۈنئىي پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، ئەمگەكچى خەلق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقى ھەددىدىن ئاشتى. ئوفىتسېرلەر ئەسكەرلىرىنىڭ ئايلىق مائاش ھەتتا تاماق راسخوتلىرى-دىن تارتىپ خىيانەت قىلىۋالغانلىقتىن، ئەسكەر-ساقچىلار ھە دېسىلا خەلقنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ئالدىدا يەتتە ۋىلايەت خەلقىمۇ كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى. ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەرلىرى ۋە دىنى

زاتلارمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش سېپىگە قوشۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ بۇ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ھەم ئەمەلىي رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى تاشقورغاندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە، ئاۋۋال 100 دىن ئارتۇق خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تاشقورغاننىڭ ناھىيە بازىرى، تاغارما، سۇبېشى، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلارغا بۆلۈنۈپ، بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاپ، شۇ جايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، يۇقىرىقى جايلارنى تولۇق ئازاد قىلدى. تاشقورغاندا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇردى ۋە قىسىملارنى رەتلەپ، قوماندانلىق شتاب تەشكىللەپ، تاشقورغاندىن باشلىغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى ئوپال، تاشمىلىقىچە كېڭەيتىپ، ئالدىنقى چارلاشنى قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگىچە يەتكۈزدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر ئۇرۇش قىلىش لىنىيىسى ئاقتۇ، يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىنى نىشانلاپ، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ، ئاساسىي جەھەتتىن خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىندى. پامىر ئېگىزلىكىدىن قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان چېگرا رايونلىرى ئىنقىلابىي خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە چۈشتى.

1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم شەرتلىرىگە ئاساسەن، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاشقورغاننى ئاساس قىلغان ھالدا بىر بۆلۈك خەلق قوراللىق كۈچلىرى قالدۇرۇپ قويۇلۇپ، باشقا قىسىملار تارقىتىۋېتىلدى. مەن بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئېسىمدە قالغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

## 1. تەييارلىق باسقۇچى

تاشقورغاندىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقى ئېتىلىشتىن ئاۋۋالراق، يەنى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلغانىدى. بۇ يىغىنغا ھەرقايسى جايلاردىكى تەشكىلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى مەسئۇل كىشىلەر، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالاقىچىسى، پامىر ئېگىزلىكىدە ھەرىكەت قىلغۇچى قوراللىق ئەترەتنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان. ئۇلار گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ كانۋويى مايور ئەھمەت ۋە مەخسۇس خىزمەتچىسى قوچقار، قوراللىق ھەرىكەت قىلغۇچى ئەترەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن نۇراجى، قادىر ئاخۇن، ھەسەن ئەپەندى شىبىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، كېيىن قايتىپ چىققان يەكەن ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى قاسىمتاش، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سايىتبەگ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى

كارۋانشاھبەگ، يېڭىساردىن كەلگەن ئابدۇغوپۇربەگ، يەكەندىن كەلگەن ئابلاجان، ئاقتۇدىن كەلگەن ئۇمىراقۇل، قاغىلىقتىن كەلگەن ئابدۇخېلىل ۋە قۇددۇسخان خوجا، پوسكامدىن كەلگەن مىر ئەھمەت قازى، ھۇشۇربەگ، قوشراپتىن كەلگەن سىدىقخان خوجا، مەكىتتىن كەلگەن ئابدۇقادىر خەلپە، ئابدۇقادىر رايىددىن، مارالبېشىدىن كەلگەن ئابدۇرەھىم سابىر (بۇ كىشى ناھىيىلىك ساقچىنىڭ جۇيجاڭى ئىدى)، ئاتۇشتىن كەلگەن ئابلامەھمۇت، قەشقەر شەھىرىدىن كەلگەن ئەمەتخان مەخسۇم ۋە يەنە بىر كىشى (ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ)، قاغىلىق چۆپلۈكتىن كەلگەن ھەسەنبەگ، مۇھەممەت ئەيسا، تاھىربەگ، يېڭىسار قىزىلىدىن كەلگەن ساۋۇت قارىي، مۇھەممەت ئىشان، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 35 ـ پولكىدىن كەلگەن خوجا ئەخمەت (خالىيەنجاڭ) قاتارلىقلار.

بۇ يىغىندا، ئاساسەن خەلقئارا ۋەزىيەت، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرىپ يېزىلغان خېتى ئوقۇلغان؛ 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەر تاغلىرىدا ۋە ھەرقايسى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق ھەرىكەت، تەشكىلىي خىزمەت ۋە باشقا پائالىيەتلەر تونۇشتۇرۇلغان.

يىغىن ئاخىرىدا تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تەييارلىقنى پۇختا قىلىش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر پىكىرگە كېلىپ، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كەتكەن.

مانا بۇ تاشقورغاندا پارتلىغان خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ

دەسلەپكى ئومۇمىي تەشكىلىي تەييارلىقى ئىدى.

يىغىندىن كېيىن 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە بولغان يېرىم يىل ئىچىدە ھەرقايسى جايلار ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن تەشكىلىي ۋە تەشۋىقىي تەييارلىقلارنى خېلى پۇختا ئىشلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىلبويىدا، ساتىباي باشچىلىقىدا 180 دىن ئارتۇق كىشى، بورتوقايىدا، سايىتبەگ باشچىلىقىدا 400 چە كىشى، ئوپال، تاشمىلىق، بورىختاي، ئويتاغ ئەترابلىرىدا قاسىمتاش باشچىلىقىدا 1200 گە يېقىن كىشى جەم بولغان ۋە خىزمەت خېلى ئەترابلىق ئۇيۇشتۇرۇلغان.

تاشقورغاندا، 1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 70 چە كىشى كارۋانشاھبەگ، تاشتۆمۈربەگ، ئوبۇلقاسىمبەگ، تاھىربەگ، ئەمەت قىرغىز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەم بولغان. بۇلارغا تاشقورغان تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان نۇراجى، ھەسەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئەترەت ھەمدەم بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، 14 ـ فېۋرال يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى جايلارنىڭ تەشكىلات ۋەكىللىرىمۇ ھەرقايسىسى ئۆز ئەترابىغا 40 ـ 50 دىن ئەزا توپلاپ، خەلق ئىچىدە تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئاخبارات گۇرۇپپىلىرى سىياسىي ۋە ھەربىي ئاخبارات توپلاشنى پائال ئېلىپ بېرىپ دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى، ھەربىي قوماندانلارنىڭ ئەھۋالى، ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىغان.

مۇشۇ چاغلاردا يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگىنى ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن تۈرمىدىن چىققان يولداش ئابلىز مۇھەممەدىنى قەشقەردىكى يەرلىك

ئەشكىلاتىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسمىي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقى پۇختا ئىشلەندى.

## 2. قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە تولۇق قوراللانغان، جەڭگىۋار، جەسۇر قوزغىلاڭچىلاردىن 140 دىن ئارتۇق كىشى رەسمىي ھەرىكەت باشلىدى. ھۇجۇم قىلىش نىشانى سۇبېشى، تاغارما، بۇلۇڭكۆل، تاشقورغان ناھىيە بازىرى ئىدى. شۇ ئورۇنلار-نىڭ ھەربىرىگە نەچچە ئون كىشلىك قوزغىلاڭچىلار ئەۋەتىلگەن، يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، يەنە 20 نەپەر قوزغىلاڭچى پارتىزان دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن چىچەكلىكداۋانغا ئەۋەتىلگەن.

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا گومىنداڭنىڭ تاشقورغاندا 400دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى.

بەلگىلەنگەن مۇددەتتە باشلانغان ھۇجۇم ئاساسەن كۆتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، سۇبېشى، تاغارما، بۇلۇڭكۆللەر ئالدى ئوق ئېتىلىشى بىلەنلا، ئارقىسى يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىشغال قىلىنغان، پەقەت تاشقورغانلا ئالتە سائەت داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. تاشقورغاندىن قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەلدىر، قوغۇشلۇق ئارقىلىق تويلابۇلۇڭغا تىكىۋەتكەن، قوزغىلاڭچىلار 227 تال مىلتىق، بىر ئېغىر پىلىموت، ئۈچ يېنىك پىلىموت، 120 نەچچە يەشىك

ئوق-دورا ۋە يەنە نۇرغۇن ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالغان،

## 3. قوزغىلاڭ غەلىبىسىدىن كېيىن

قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئازادلىق بىلەن تەڭلا خەلقنى ئويغىتىش، تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇيۇش-تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان، نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېزلا كۆپەيگەن. شۇنداقلا گومىنداڭدىن قالغان بارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئاپپاراتلار بىكار قىلىنىپ يېڭى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى تەشكىل قىلىنغان: مەمۇرىي ھۆكۈمەت، قوزغىلاڭچى-لارنىڭ ئىنقىلابىي قوماندانلىق شتابى ھەم ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان.

مەمۇرىي ھۆكۈمەت ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى بولۇپ ھەممىگە رەھبەرلىك قىلغان. مەمۇرىي ھۆكۈمەت باشلىقى كارۋان-شاھبەگ، مۇئاۋىنى غۇلامخان، پەخرىي رەئىس ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بولغان، باشقا ھەرقايسى تارماقلارغىچە مەسئۇل كىشىلەر بەلگىلەنگەن.

قوماندانلىق شتابىغا گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك پەخرىي قوماندان، غۇلامخان قوماندان، ئەبەيدۇللا مەخسۇم، ئەزىزبەگ توختىبايوۋلار سىياسىي-ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئازادلىق تەشكىلاتىغا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم پەخرىي رەئىس، غۇلامخان رەئىس، كارۋانشاھبەگ مۇئاۋىن رەئىس بولغان ھەمدە تەشكىلاتنىڭ بىرنەچچە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بېكىتىلگەن.

يۇقىرىقى خىزمەتلەر 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە ئىشلىنىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى ئېلان قىلىنغان، گومىنداڭنىڭ بارلىق تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، ھەرقايسى تارماقلاردا ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلاردا دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىلغان، باج ـ سېلىقلار ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرۇش قائىدىسى بويىچە تۆلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

قوراللىق قىسىملار رەتلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنىغان، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى قىسىملار ئىككى لىنىيىگە، يەنى قەشقەرنى ئاساس قىلغان ئوبيتاغ لىنىيىسى ۋە يەكەننى ئاساس قىلغان قىزىلتاغ لىنىيىسگە ئايرىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوسمان باتۇر قوماندانلىقىدا بىر ئېسكادرون تەشكىللىنىپ يېڭىسار ئەتراپىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قالدۇرۇلغان، يەنە گارنىزون قۇرۇلۇپ، شېرىنبەگ قوماندانلىقىدىكى 27 كىشىلىك شتابنىڭ يېتەكچىلىكىدە چېگرا قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغان. جايلاردىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر بۆلۈك ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرمۇ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا بىر بۆلۈك كۈچ قوشقان. شۇنداق قىلىپ خەلقنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئۇلغايغان.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، جەنۇبىي شىنجاڭ بولۇپمۇ تاشقورغان، ئۇلۇغچات ئەتراپلىرىدىكى خەلق ئامىسىنىڭ ئېڭى خېلى بالدۇردىنلا تۆۋەن ئەمەس ئىدى. 1940 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇرۇمچى، ئىلى، قەشقەرلەردە تەشكىللەنگەن ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى ئاقسۇ، خوتەنگىچە كېڭەيگەن. 1943 ـ يىلى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېك ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئەتراپىدا پائال

ھەرىكەت قىلىپ 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قورالىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقىنى ئىشلىگەن ۋە قوزغىلاڭنى ئۇلۇغچاتتىن باشلاپ قەشقەر، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىگىچە كېڭەيتىشنى پىلانلىغان. بىرىگادا كوماندىرى سالاھىيىتى بار ئىسھاقبېكنىڭ بۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بارالىشىدا شۇ ۋاقىتتىكى "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ رولى كىچىك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىنمۇ بار ئىدى، يولداش خۇ جيەن ئەنە شۇنداق كوممۇنىستلارنىڭ بىرى ئىدى.

يولداش خۇ جيەن شۇ چاغلاردا تاشقورغان چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ليەنجاڭ بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ تاشقورغاندا تۇرغان چاغلىرىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاشقورغاندىكى سودا ۋە پوچتا ۋەكالەتخانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىدە بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يولداش خۇ جيەن زامىرنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن يەرلىك ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان يېڭى ئىدىيىنى تەشۋىق ۋە تەشەببۇس قىلغان. زامىرمۇ خۇ جيەننىڭ مەنىۋى ياردىمىدە "ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغان، شۇنداق قىلىپ ئازادلىق، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىلغار ئىدىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئاڭ خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

شېڭ شىسەينىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇتقۇن قىلىشى ئەۋج ئالغان ئېغىر يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي كۆچلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى تۇتقۇن قىلىندى ۋە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان زامىرمۇ بار. شېڭ شىسەي ئۇنى مۇئاۋىن تۈەنجاڭ (تۈەنفۇ) قىلىپ ئۆستۈر-

گەن بولۇپ، ئاۋۋال 35 ـ تۇەنـگە يۆتكەپ كېيىن قاماققا ئالدى ۋە ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئىسھاقبېكنىڭ ئاساسىي تايانچىلىرىدىن خېلى بىر قىسمى قاماققا ئېلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۇلۇغچاتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قېلىپ، ئۇ شىمالغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئىسھاقبېك قالدۇرۇپ كەتكەن بىر بۆلۈك كۈچ پامىر ئېگىزلىكىدە ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغلاردا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتىنى تاكى 1945 ـ يىلى 15 ـ ئاۋغۇست تاشقورغان قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردى.

دېمەك، تاشقورغاندا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ تېز، ئۇنۇملۇك غەلىبە قىلالىشىدا تەشكىلىي رەھبەرلىكنىڭ پۇختا تەييارلىقىدىن تاشقىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خېلى بالدۇردىن ئويغانغان ئېڭىمۇ مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

## 4. قوراللىق ئىنقىلابنىڭ داۋاملىشىشى

قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىدىن كېيىن تاشمىلىقتىكى خەلق ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلىرى 400دىن ئوشۇق بېجىرىم جەڭچىگە ئىگە قىسىم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش بولۇپ، ئالدىراش تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. ئالدىنقى چارلامچىلار توققۇزاق، ھەتتا تەلۋىچۇك بويىغىچە يېتىپ باردى. قەشقەردىكى گومىنداڭ قىسىملىرى شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ، خەندەك ـ ئاكوپ قېزىپ، شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، بىر ئادەم يانتۇ كىرىپ-

چىقالىغۇدەكلا بوشلۇق قالدۇرىدىغان دەرىجىدە قورقۇپ كەتتى.
دەرۋازىلارنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئىشپىيون، ساقچىلار ھەرىكىتىنى
كۆچەيتىپ، كۈندۈزى كىرگەن-چىققانلارنى ئاختۇرۇپ ئۆتكۈزد-
دىغان، نامازشام ۋاقتى بىلەنلا دەرۋازىلارنى تاقاپ ھېچكىمنى
كىرگۈزمەيدىغان ۋە چىقارمايدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرلىكتە، گومىنداڭنىڭ ساقچى، مەمۇرىي خادىملىرى يېڭىشەھەرگە
كۆچۈپ بېكىنمە مۇداپىئەگە ئۆتتى.

قوزغىلاڭچى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ بىر بازىسى بولغان تاشمىلىقتا
ھۇجۇم قىلغان 1000 دىن ئارتۇق گومىنداڭ قوشۇنى پاجىئەلىك
مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، 300دىن ئارتۇق ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ
قەشقەرگە قاچقاندىن كېيىن، دەردىنى قورالسىز خەلقتىن ئېلىپ
شەھەردە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى:

1945-يىلى 8-ئاينىڭ 24-كۈنى گومىنداڭچىلار قەشقەر
فايۈەنىنىڭ تۈرمىسىدىكى 380 نەپەر ئىجتىمائىي مەھبۇسنى ۋە
سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىدىكى 296 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنى
ھەمدە سىرتتىن 30 نەپەر تەرەققىيپەرۋەر زاتنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋې-
تىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. شۇ كۈنى كېچىسى قەشقەر
قىزىلدۆۋىدىكى شېڭ شىسەي سالدۇرغان ئالتە يۈلتۇز شەكلىدىكى
ئالتە بۇرجەك تۈرمە قورۇسىنىڭ ئىچىگە مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىگە كۆل
كولىتىپ، 300 دىن ئارتۇق مەھبۇسنى كالتەك، جادو، تۆمۈر
توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ، چاناپ، توغراپ ئۆلتۈرۈپ كۆمدى.
كولىغان كۆل تولۇپ ھەم تاڭ ئېتىپ قېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان
باشقا مەھبۇسلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار كېيىنكى كېچىگە ئېشىپ
قالدى.

گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلتۈرۈلگەن، تىرىك كۆمۈلگەن ۋە باشقا ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىرغىن قىلىنغان- لارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

گومىنداڭچىلار تاشمىلىقتا بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن ئويىتاغقا ھۇجۇم قىلدى، بۇ يەردىمۇ ئۇلار قاتتىق يېڭىلىپ قايتىپ كەتتى.

قوزغىلاڭچى قوشۇنلارمۇ پاسسىپ مۇداپىئە بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپلا ئولتۇرماي ئۆزلىرىمۇ تەشەببۇسكار- لىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ تاشمىلىق چەچتاغ- دىكى قوزغىلاڭچى قىسىملىرىمىزغا قارشى ئاتلانغان 600 دەك ئەسكىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، ئالتە سائەتلىك جەڭدە 100دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ زور غەلىبە قازاندى ۋە 200 دىن ئارتۇق مىلتىق، بىر پىلىموت، 22 ئاپتومات غەنىيمەت ئالدى شۇنداقلا دۈشمەننىڭ سەمخانا، ئۇلۇغچات ۋە موجوغا ئۆتۈش يولىنى توستى.

گومىنداڭچىلار 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئويىتاغقا يەنە ھۇجۇم باشلىدى، ئەتىسى ئىككىنچى قېتىم، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. مۇشۇ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ ھەممىسىدە گومىنداڭچىلار قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ، ئاخىر ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

دېمەك، ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ ئويىتاغ لىنىيىسى ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان جايلارنى مۇستەھكەملەپ، خەلقنى تەشكىل- لەپ ئۆز قوشۇنىنى ئۇلغايتىپ، ئەسلىدىكى ئىككى پولكنى تۆت پولكقا كېڭەيتتى. ئۇلار ئىشغال قىلىنغان جايلاردا خەلق ئاممىسىنى

تەربىيلەش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئارمىيىسىنى قۇرۇش ھازىرلىقىنى ئىشلىدى.

قوزغىلاڭچى قوراللىق قىسىملارنىڭ قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى كۈرىشىمۇ غەلىبىلىك بولدى. ئويتاغ لىنىيىسى تاشقورغاندىن ئوپال، تاشمىلىققا قەدەر بولغان رايونلارنى ئازاد قىلغان بولسا، قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملار قىزىلتاغ، ئاقتالا، قاغىلىقنىڭ چىپان دېگەن يېرىگە قەدەر سوزۇلغان رايونلاردا ئارقىمۇئارقا غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەننى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. يېڭىسار ناھىيە بازىرىنى تولۇق ئازاد قىلىپ يېڭى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللىدى. بۇ لىنىيىدىكى قوشۇنلارمۇ ئەسلىدىكى ئىككى ئېسكادرون (ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى)دىن كۆپىيىپ ئىككى پولكقا يەتتى.

## 5. تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغاندىن كېيىن

1945-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئولتىماتۇم بولۇپ، ئۇنى شەرتسىز ھالدا كېلىشىمگە كېلىشكە مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سەممىيىتى، يول قويۇشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار قوماندانلىق شتابىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قايتىپ كېتىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوماندانلىق

شتابتا ئۆزگىرىش بولدى.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھەرقايسى قىسىملار قوماندانلىق باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇقتا ھەرقايسى لىنىيەلەرنىڭ قوماندان ۋە شتاب خادىملىرىنىڭ چىلگۈمبەزدىكى باش قوماندانلىق شتابقا كېلىشى، ئىشغال قىلىنغان جايلارنىڭ بوش قالدۇرۇلۇشى، ئويتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملارنىڭ بۆلۈككۆلگە، قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملارنىڭ قوشرابقا يىغىلىپ دەم ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈشى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ھەرقايسى بىرىگادا، پولك ۋە شتاب ئوفىتسېرلىرى قوماندانلىق شتابقا جەم بولدى. بۇ چاغدا غۇلامخانتۆرە بىلەن ئىلىدىن كەلگەن ھەربىي خادىملار ئاساسەن قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ، بىر بۆلۈك سىياسىي خادىملار، تەشكىلىي ۋە تەشۋىقىي خىزمەتكە مەسئۇل خادىملار قېپقالغانىدى. ئىلىغا قايتماقچى بولغان قىسىملار بىر بۆلۈك ئېغىر قوراللارنى بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانى غۇلامخان ئۆزىنىڭ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان قوماندانىنى تونۇشتۇرۇپ، قالغان خادىملارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۇقتۇردى.

گومىنداڭچىلار ئۆزىنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار بوش قالدۇرغان رايونلارنى پەلە قورۇتى غازاڭ يېگەندەك بىر ـ بىرلەپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار ئۇچۇن غالىبىيەت مېۋىسىنى قوراللىق ساقلاشتىن باشقا چارە قالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن قوماندانلىق شتاب تەشكىللەندى ۋە قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىپ رەتلەندى. بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

ئويتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملار بىر برىگادا قىلىپ رەتلىنىپ كوماندىرى تاھىربەگ، مۇئاۋىنى سايىتبەگ بولدى. بۇ برىگادىدا ئىككى پولك بولۇپ برىگادا كوماندىرى ۋە مۇئاۋىنى قوشۇمچە پولك كوماندىرى بولدى.

قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملار بىر برىگادا قىلىپ رەتلىنىپ كوماندىرى مادايۇۋ (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ئايۇپبەگ) بولدى، تەركىبىدە ئىككى پولك قۇرۇلۇپ، بىرىسى تاجىك پولكى، كوماندىرى لەشكەر، مۇئاۋىنى ئاقىيولبەگ، يەنە بىرىسى ئۇيغۇر-قىرغىز پولكى بولۇپ، كوماندىرى قادىرقۇل، مۇئاۋىنى ناسىراخۇن بولدى.

ئەسلىدە مادايۇۋ قوماندانلىقىدىكى تاشقورغان قىسمى ۋە گارنىزون قىسمى شېرىنبەگ كوماندىرلىقىدىكى پولكقا ئۆزگەرتىلدى.

## 6. شۇندىن كېيىنكى جەڭ ئەھۋالى

قوماندانلىق شتاب ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، قىسىملار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن كۆپلىگەن جەڭلەر بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ۋە چوڭراقى مۇنداق:

قاغىلىقنىڭ ئىشغال قىلىنىشى. قاغىلىققا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنلارنىڭ جەڭ چارىسى دۈشمەنگە تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش، ئومۇمىي كۈچىنى بۆلۈۋېتىش بولغانىدى. بۇ چارە بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى ھەرىكەت قىلالمايدىغان، پارچە

جەڭـلەردىن نەپ ئالالمايــدىـغان بولۇپ قالـغانــدى. شۇڭا ئۇلار ئاساسىي قىسىملىرىنى قاغىلىق بىلەن پوسكامغا توپلىغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىنقىـلابىي قورالـلىق قىسىمـلارنىڭ قوماندانـلىق شتابىمۇ پىلانىـنى ئۆزگەرتىپ قاغىـلىقـنى ئىشغال قىلىـش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلانــدى، 1945 ـ يىـلى 12 ـ ئايـنىڭ 26 ـ كۈنى قاغىلىققا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال، يەنى 12 ـ ئايـنىڭ 20 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار قاغىلىق ناھىيــسىنىڭ چىپان دېگەن يېرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلدى. بۇ ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى ستراتېگىيـلىك ئەھمىـيەتـكە ئىـگە ئىـدى، يەنى، بۇ ئارقىـلىق قاغىلىقتىكى دۈشـمەننىڭ ئەھۋالــدىن تولۇق خەۋەردار بولـغىـلى، ئۆز قىسىملىرىمىزدىكى ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغىلى بولاتتى. يەنە بىر جەھەتـتىن، بۇ چوڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى تەيـيارلىق مانېۋىرى بولۇپ، قىسىملىرىمىزنى رەسمىي ھۇجۇمدا ئۇنۇمـلۇك جايلاشتۇرغـىلى ۋە دۈشـمەنـنى تولۇق يوقىتىش پىـلانـىنى يەنە بىر قېتىم تەكـشۈرۈپ چىقـقـىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، مۆلچەرلەنگەن نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

شۇ چاغدا گومىنداڭ قاغىلىققا تولۇقلانغان مۇنتىزىم ئىككى پولك ئەسكەر جايلاشتۇرغانىدى. ئىككى پولكـنىڭ بىرلەشـمە قوماندانـلىق پونكىتى ھەزرىتىمنىڭ بېغى دېگەن جايدا ئىـدى، بۇنـدىن تاشقىرى ساقچى قىسىملىرى ناھىيـلىك ساقچى ئىـدارىـسى بىلەن ناھىيـلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئورۇنلاشقانىدى.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تۈن نىسپى بولغانــدا ئىنقىـلابىي قوراللىق قىسىـملار بەلگـىلەنـگەن ئۇرۇش مەيـدانىـغا قاراپ

يولغا چىقتى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا رەسمىي ھۇجۇم باشلىنىپ
ئالتە سائەتتىن ئارتۇق شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، 1946 ـ يىلى
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىڭقى چۈش بىلەن قاغىلىقتىكى گومىنداڭ
قوشۇنلىرى تولۇق يوقىتىلىپ، بىز غەلىبە قىلدۇق ۋە قاغىلىق
ئازاد قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن قالدۇق دۈشمەنلەر تازىلاندى، ئىشپىيون ـ
جاسۇسلار، زومىگەر بەگ، پاششاپ قاتارلىق زالىم ئەمەلدارلارنىڭ
جاجىسى بېرىلىپ، گومىنداڭنىڭ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتـ
لىرى ۋە تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، يېڭى تۈزۈم ئورنىتىلدى.
خەلقچىل سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، تاشقورغان قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشـ
چىسى، خەلقپەرۋەر زات سابىت قارىي ھاكىملىققا سايلاندى، باشقا
مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ خەلق ئۆزى سايلىدى. يەنە
جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ "ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلۇپ ھاكىم
سابىت قارىي بۇ تەشكىلاتقا قوشۇمچە مەسئۇل بولدى. بۇ تەشكىـ
لاتنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى ئويغىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىـ
تىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، خەلقنىڭ تولۇق
ئازادلىقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
تىرىشىش دەپ بېكىتىلدى. بۇ تەشكىلات ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن
خىزمەت ئىشلىدى.

قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن يېڭى قۇرۇلغان خەلق
ھاكىمىيىتى 3000 دانە چەكمەن، 1000دانىدىن كۆپرەك ماتا،
سەگەز، تولىما، 800 پارچىدىن ئارتۇق كىگىز ۋە مېۋە ـ چېۋە،
ئاشلىق قاتارلىق ئەشيالارنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەردى (بۇ
ئەشيالار گومىنداڭ قوشۇنلىرى بۇلاپ ـ تالاشقا ۋە يوق قىلىۋېتىشكە

ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ ئۇلجا ئېلىنغان نەرسىلەر ئىدى)•

قاغىلىق خەلقى يېڭى ھاكىمىيەتتىن رازى بولىدى، ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆردى ۋە ئازاد بولۇپ 3 - كۈنىلا يېڭىدىن بىر پولك ئەسكەر ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارغا قوشۇلىدى. بۇ پولكتا ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ كوماندىر، تۇردى قارىي بەگ مۇئاۋىن كوماندىر، قاسىمبەگ سىياسىي كومىسسار، ناسىراخۇن مەسلىھەتچى بولىدى. ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردىن پەيدائىي بولۇپ كەلگەنلەر ئۈچ - تۆت مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇنغا قاتنىشىش تەلىپىنى. قاندۇرغىلى بولمىدى. چۈنكى ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ كېتەلىگۈدەك ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

پوسكامنىڭ ئىشغال قىلىنىشى. قاغىلىق ئازاد قىلىنىپ 4 - كۈنى، يەنى 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار پوسكامغا يۈرۈش قىلدى.

پوسكامغا قىلىنغان يۈرۈشتە، غالىبىيەت پولكى ئاساسىي قىسىم بولۇپ، تاجىك پولكىدىن بىر قىسىم ئادەم، ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ پولكى (بۇ پولكتا ئۇرۇش مەزگىلىدە ناسىراخۇن قوماندانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن "ناسىراخۇن پولكى" دەپمۇ ئاتالغان)دىن بىر قىسىم ئادەم ئاجرىتىلغانىدى. ئەسلىدە تاجىك پولكى بىلەن ئۇيغۇر پولكى كاچۇڭ، ئايرىتاش، قوشراپ، كوسراپ ۋە يەكەن دەرياسى ئەتراپىدىكى بازىلاردا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلار يەنە قاراقۇرۇم تاغلىرى، كۆكيار، سۆگەت، شەيدۇللا قاتارلىق تاشقورغاندىن خوتەنگىچە بولغان چېگرا پونكىتلىرىنى ساقلايتتى. پوسكامغا قىلىنغان يۈرۈشتە ئاشۇ ئىككى پولكنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرى باش

بولدى، باشقا قىسىملار ياردەم بەردى، پوسكامنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭنىڭ ئاساسىي قىسمى شەپىنى ئاڭلاپلا يەكەنگە قېچىپ كەتتى، قالدۇق دۈشمەن ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاچقىنى قاچتى، قاچالمىغانلىرى ئۆلدى ياكى ئەسىرگە چۈشتى. ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار ھېچقانچە بەدەل بەرمەيلا پوسكام ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى.

پوسكام ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن قاغىلىقتىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، ھەربىي، سىياسىي جەھەتتە تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى، گومىنداڭنىڭ چىرىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە مۇستەبىت تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ خەلق ھاكىمىيىتى تىكلەندى، يېڭى تۈزۈملەر ئورنىتىلدى، ئىدارە - جەمئىيەتلەر يېڭىلاندى، "ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلدى. خەلق سايلىمىدىن كېيىن قۇربان مۇفتى ئاخۇنۇم پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، تۇرسۇن چوڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا بەلگىلەندى.

يېڭى خەلق ھاكىمىيىتى پوسكامدىكى خىزمەتلەرنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يولغا سالدى، تەشۋىق - تەربىيە كەڭ ئېلىپ بېرىلىپ خەلقنى ئويغىتىش، ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارغا ياردەم بېرىش، "ئازادلىق تەشكىلاتى"نى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوبدان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پىدائىيلار سانى كۆپىيىپ قوراللىق قىسىملار ئاۋۇدى.

يەكەنگە ھۇجۇم. قاغىلىق ۋە پوسكامنى قولدىن بەرگەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كاتتىباشلىرى قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك تايانچ پونكىت بولغان يەكەننى قوغداشقا بەل باغلىدى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇم نىشانى يەكەن

ئېكەنلىكىنى بىلگەنىدى. شۇڭا يەكەنگە ھەممە تەرەپتىن خىل قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كەلدى.

گومىنداڭ ئاقسۇدىن جۇ خەنچىڭ تۇەنجاڭلىقىدىكى 5 - تۇەننى يەكەن شەھەر ئىچىگە يۆتكەپ كەلدى (مەزكۇر تۇەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇنلار باشلاپ كەلگەن قىسمى بىلەن ئاقسۇدا ئۇرۇش قىلىپ باققان، گومىنداڭچىلارنىڭ نەزىرىدە "ئۇرۇشتا چېنىققان" قىسىم ئىدى). بۇ تۇەنگە ھەممەدەم بولۇش ئۈچۈن قەشقەردىنمۇ خىللانغان قىسىملىرىنى قوشۇپ يۆتكىدى. مارالبېشى ۋە مەكىتتىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى پوسكامغا يېقىن خاڭدى دېگەن جايغا يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. گۇما، زاۋا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى بۇيرۇقتا بىنائەن پوسكام ۋە قاغىلىق ئەتراپلىرىغا كېلىپ جايلاشتى.

بۇ ۋەزىيەت ناھايىتى روشەنكى، ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار ئۈچۈن ئەپ ئەمەس ئىدى، ئازاد قىلىنغان قاغىلىق ۋە پوسكام ناھىيىلىرى قايچىسىمان مۇھاسىرە ئىچىدە تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابى قاغىلىق، پوسكامدا قازىنىلغان غەلىبىنىڭ ئېسەنكىرىتىشى ئارقىسىدا، ئۇنى مۇكەممەل قوراللىق قىسىملارغا ئۇزۇن مۇددەت قاراپلا يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ يادرەمگە كېلىۋاتقان قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى، يەكەننى ئىشغال قىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

## 7. ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

چېكىنگەن قىسىملار قوشراپقا يىغىلىپ دەم ئېلىش، مەشىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1946-يىلى 3-ئاينىڭ 1-(ياكى 2-) كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار قوماندانلىق شتابى ئورۇنلاشقان تاغارمىغا ئەزىزبەگ توختىباقىيوۋ، ئەبەيدۇللا مەخسۇم، قاسىم ئەپەندى قاتارلىق بىر بۆلۈك يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، سىياسىي خادىملار ۋە ھەربىي ئىنژېنېرلار ئەۋەتىلدى. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىر چاغدا يېڭى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش ۋە ھەربىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. بۇ قېتىم ئۇلار بىر قىسىم زامانىۋى قوراللار (ئايروپىلان ئاتىدىغان زىنىت توپ، ھەر خىل پىلىموت، تام (سېپىل) تېشىدىغان چوڭ قوراللار ۋە مىنامىيوتلار)نى بىللە ئېلىپ بارغانىدى. بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىش ئىشىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى.

ئەزىزبەگ توختىباقىيوۋ ئۆزى ئايرىتاش دېگەن جايغا بېرىپ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنى (ئاساسەن قىزىلتاغ لىنىيىسى قىسىملىرىنى) ئۈچ بىرىگادا قىلىپ تەرتىپكە سالدى، باشلىق ۋە باشقا خادىملىرىنى تەيىنلەپ چىقتى.

ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن باش قوماندانلىق شتابىتىن ئەۋەتىلگەن ئەزىزبەگ توختىباقىيوۋ

قاتارلىق كىشلەر قايتىپ كەلدى.

## 8. گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ بېرىشى

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك 30 كىشىلىك بىر مۇھىم ھەربىي مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان تاغارمىغا يېتىپ باردى. ئۇ بېرىپلا تاغارمىدىكى قوماندانلىق شتابنى چىلگۇمبەزگە يۆتكىدى، ئەسلىدىكى قوماندانلىق شتاب تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن تەشكىللىدى. ئاندىن ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ باش "ئازادلىق تەشكىلاتى" تەسىس قىلىنىپ، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك قوشۇمچە باشلىق، سىدىقخانتۆرە، ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ، سايىتبەگ، قاسىمتاش، كارۋانشاھبەگ، شەمسىدىن، ساۋۇت قارىي، مۇھەممەت ئىشان، گۇلجان، ئىسلام پاششاپ، ھەسەن ئاتىلار ھەيئەت ئەزا، قۇتلۇقوۋ ماخمۇت ۋە سىدىق شېرىپلەر باش كاتىپ بولدى.

ئالدىنقى سەپ رازۋېت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ يولۋاس قارىي باشلىق، ئاشاخۇن سالىخوۋ ۋە قارىيخانلار ئەمەلىي ئىش ياردەمچىسى بولدى.

قوماندانلىق شتاب ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى تەرتىپكە سېلىنىپ، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك قوشۇمچە مەسئۇل، مۇختاخۇن ئۇرغانوۋ ئىجرائىي مەسئۇل بولدى.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ گېنېراللىقىدىن باشقا، ھەممە ئوفىتسېرلەرگە پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور، كاپىتان، باش

لېيتنانت، ئوتتۇرا لېيتنانت، كىچىك لېيتنانت، ستارشىنا قاتارلىق ھەربىي ئۇنۋان بېكىتىلدى. مايوردىن يۇقىرى ئۇنۋاننى قوماندانلىق شتاب، كاپىتاندىن تۆۋەن ئۇنۋانلارنى برىگادا بېكىتىدىغان قىلىپ بەلگىلەندى.

1946 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قوماندانلىق شتابتا گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېك، ھەربىي مەسلىھەتچىلەردىن ماخمۇتبەگ، ئابدۇراخمانبەگ، باش شتاب باشلىقى قاسىمتاش، ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ، سايىتبەگ، ئاخۇنجانوۋ، سابىرجان قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يەكەننى ئازاد قىلىش ئۇرۇش پىلانى تۈزۈلدى، بۇ پىلانغا ئاساسەن 1 ـ ئۇيغۇر برىگادىسى (ئىككى پولك)، 2 ـ قىرغىز برىگادىسى (ئىككى پولك) 3 ـ تاجىك برىگادىسى (ئىككى پولك) 4 ـ مىناميوتچىلار (بىر پولك)نىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى قارار قىلىندى.

يەكەننى ئازاد قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۇرۇش پىلانى مۇنداق تۈزۈلگەندى:

قىزىلتاغ لىنىيىسى يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكامنى بازا قىلىپ تۇرۇپ يەكەندىن كېيىنلا قەشقەرگە ئاتلىنىش؛ ئويتاغ لىنىيىسى ئۇلۇغچات، ئاتۇش، ئاقچى، مارالبېشى، مەكىتنى بازا قىلىپ تۇرۇپ قەشقەرگە ئاتلىنىش؛ ئىككى لىنىيىدىكى ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار بىرلىشىپ قەشقەرنى ئازاد قىلىش.

## 9. تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملارنىڭ برىگادا، پولك كوماندىرلىرى ۋە شتاب

خادىملىرى تاغارمىغا يىغىلغان. بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك يىغىن قاتناشچىلىرىغا مۇنداق مەزمۇندا سۆز قىلغان:

"گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، بىزمۇ ئاشۇ بىتىمگە ئىمزا قويغۇچى خەلق ۋەكىللىرىنى ئۆز ۋەكىلىمىز دەپ تونۇيمىز. شۇڭا، بىزمۇ بىتىم ئىچىدە. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قوراللىق كۈچ ۋاسىتىسى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى تىنچلىق بىتىمىگە قول قويدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر زۇلۇمنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خەلقچىل تۈزۈمنى ئورنىتىش ئىدى. بىز بۇ تارىخىي ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلىدۇق، بۇندىن كېيىن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ قارارىغا ئاساسەن شىنجاڭدا خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلىدۇ، تىنچلىق، باراۋەرلىك ئىشقا ئاشىدۇ.

بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنلار 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن، تاشقورغاننى ئاساس قىلغان ھالدا بىر پولك قوشۇن قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملارنى ئائىلىسىگە قايتۇرىمىز. ئائىلىسىگە قايتقان قىسىملاردىكى خادىملارنىڭ تىزىملىكى بىزدە بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغان ھامان ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ سەپكە تىزىمىز، ھەرقايىسى لىنىيە، بىرىگادا، پولكلاردا ئىشلەۋاتقان بىر بۆلۈك ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار ھەربىي ھازىرلىق كۇرسىدا تەلىم - تەربىيە ئالىدۇ، ئۇلار قۇرۇلغۇسى

مىللىي ئارمىيىنىڭ غوللۇق كادىرلىرى بولىدۇ.

ھازىر بىزدىكى قوراللار يىغىۋېلىنىپ ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇلىدۇ، پولكوۋنىك قاسىمتاش باش قورال ئىسكىلاتىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەيدۇ.

بىرىگادا كوماندىرى لەشكەر ئۆز قىسمىدىن بىر پولك ئەسكەر تاللاپ تاشقورغاننى داۋاملىق ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن باشقا قىسىملار تارقىتىلىدۇ...“

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ قالدۇرۇلىدىغان ئوفىتسېرلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوقۇغان، بەزىلەر ئۇرۇشنى توختىتىشقا نارازىلىق بىلدۈرگەن. باشقا ھەربىي باشلىقلار ئېغىز ئاچمىسىمۇ ئېغىر تىنىپ شۈك ئولتۇرغان. ئاخىر گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك: ”بۇ ھەربىي بۇيرۇق، تۆۋەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى لازىم. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇ توختامغا چەت دۆلەت ۋەكىللىرىمۇ ئارىلاشقان، ئەمەلىي ئىجراسىدا ئۇلارنىڭ كېپىللىكى بار. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا ۋەدە بەرگەن، ئەگەر ئۇلار خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ساقلاپ قالغان ئارمىيە مەۋجۇت. خەلقىمىز گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ...“ دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى بارلىق قىسىملار قوشراپقا يىغىلىپ، قورال - ياراغلىرى يىغىۋېلىنغان. ئويتاغ لىنىيىسىدىكى بارلىق قىسىملار بۇلۇڭكۆل ۋە ئويتاغقا يىغىلىپ، قورال - ياراغلىرى يىغىۋېلىنغان.

قورال يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلگەنلىكى، قىسىملارنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. ئائىلىگە قايتماسلىق، داۋاملىق جەڭ قىلىش شوئارلىرى توۋلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ھەربىي بۇيرۇق ئىجرا قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى قورال تاپشۇرۇشقا قاغىلىق چىپانغا رازۋېتكىغا كەتكەن 11 جەڭچى قاتناشمىغان، ئۇلار قورالىلار يىغىۋېلىنغانلىقى، جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قايتىپ كەلمىگەن ۋە قورالنى تاپشۇرماي تاكى ئازادلىققىچە تاغلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جان ساقلىغان.

باش شتابتىكى يىغىندىن قايتقان كوماندىرلار ئۆز قىسىملىرىغا قايتىپ كەلگۈچە قورالىلار ئاللىبۇرۇن يىغىۋېلىپ بولۇنغان. بىرنەچچە كوماندىرى سايىتبەگ ئۆز شتابىغا قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشقا چىدىماي زەردىگۈش بولۇپ ئەتىسى ۋاپات بولغان.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئىلىغا قايتىشتىن بۇرۇن: "جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي ئەمدى ئۆز ئىشىنى توختاتسۇن، قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاخىرقى خىزمەتلىرىگە تاھىربەگ مەسئۇل، قاسىمتاش باش مەسلىھەتچى بولۇپ پۈتۈن قىسىملارنى قايتۇرۇش ۋە قورالىلارنى باش ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇش ئىشىنى ئىشلەيدۇ..." دەپ ئورۇنلاشتۇرغان.

شۇنداق قىلىپ، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك باشتا بىللە ئېلىپ كەلگەن مەسلىھەتچى، ياردەمچى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كەتكەن.

يىغىۋېلىنغان قورالىلار 300 كىشىلىك ترانسپورت ئەترىتىنىڭ مۇھاپىزىتىدە تاشقورغاننىڭ سۇبېشى دېگەن يېرىگە توشۇلغان.

## 10. گومىنداڭنىڭ ۋەھشىلىك بىلەن ئىنتىقام ئېلىشى

ئەمدى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى قالمىغان جەڭچىلەر ئاتىلىسىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققان. دەل مۇشۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى نامەردلىك بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا چۈشكەن.

ئاۋۋال ئۇلار يىغىۋېلىنىپ توشۇلۇۋاتقان قوراللارنى بۇلاپ كېتىش ئۈچۈن ترانسپورت قىسىملىرىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قوزغىغان. ئەمما مۇھاپىزەتچى قوشۇنلار ئۆزىنى قوغداپ گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، قوراللارنى ساق - سالامەت يۆتكەپ كەتكەن. زەربە يېگەن گومىنداڭچىلار يۈزىنى داپتەك قىلىپ، تاشقورغاندىن قايتۇرۇلغان مىللىي قىسىملار قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭچىلار ئائىلىسىگە قايتىۋاتقان قىسىملارنى يول - يولدا ئوقىا تۇتۇپ قىرغىن قىلغان، قوشراپتىن ئائىلىسىگە قايتىۋاتقان جەڭچىلەر توپىغا ئايروپىلاندىن بومبا تاشلاپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. نەچچە مىڭلىغان جەڭچىلەرنىڭ جەستى چۆل - جەزىرە، تاغ - سايلاردا قالغان. گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئاشۇنداق جەسەتلەرنىمۇ چاناپ، پارچىلاپ، نەيزىلەپ قىساس ئالغان.

ئۇندىن باشقا گومىنداڭچىلار ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملار ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئون ناھىيىنى قانغا بويىغان. قىسىملار تۇرغان جاي، چۈشكەن ئۆيلەرنى بۇلاپ - تالىغان، ئوت قويغان. بىگۇناھ كىشىلەرنى ئېتىپ، چاناپ، دەرەخلەرگە ئېسىپ ئۆلتۈرگەن.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىچىدە ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشقان ئائىلىلەرنى، ھەتتا ئاتا - بوۋىلىرى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئەسكەر بولغانلارنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن قىرىپ تاشلىغان.

قوماندانلىق شتاب، ئېلىپ قېلىنغان ئوفىتسېرلەر ۋە مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى تاشقورغاننىڭ سۈبىشى دېگەن يېرىگە جەم بولغان.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قالدۇرۇلغان بىر پولك ئەسكەر پولكوۋنىك لەشكەرنىڭ قوماندانلىقىدا تاشقورغان مۇھاپىزىتىدە تۇرغان.

ئىسمى بار، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان قوماندانلىق شتاب ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلى (قوماندان) تاھىر بەگ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان. شتاب باشلىقى ۋە مەسلىھەتچى قاسىمتاش يىغىۋېلىنغان قوراللارنى ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇش، كەلدى - كەتتى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن.

شۇ كۈنلەردە، گومىنداڭنىڭ كۆپلەپ ئەسكەر چىقىرىپ ئەسلىدىكى ئىنقىلابچىلار ئىشغالىيىتىدىكى جايلاردا قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى، ئائىلىسىگە قايتىۋاتقان جەڭچىلەرنى ئوقتا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر قوماندانلىق شتابقا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان. مۇشۇنداق شارائىتتا قوماندان تاھىربەگ، بىرىگادا كوماندىرى ھاكىم شېرىپ، مەمۇرىي ھۆكۈمەت باشلىقى سىدىقخانتۆرە باشلىق بىر بۆلۈك رەھبىرى كادىرلار ئۆزىگە تەۋە خادىملىرىنى ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەلگەن.

شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئىنقىلابىي قوماندانلىق شتابى قوماندان ۋە ئاساسلىق ئوفىتسېرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ شتاب باشلىقى، قوشۇمچە باش مەسلىھەتچى قاسىمتاشنىڭ رەھبەرلىكىگە قالغان. قاسىمتاش تەربىيىلەش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان 300 ئوفىتسېرنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەۋەرگەن.

شۇ كۈنلەردە گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىنقىلابىي قوماندانلىق شتابىغا قىرغىز هامىت هاجى (هازىر چەت ئەلدە)، قىرغىز توختاروۋ ئابدۇقادىر (هازىر چەت ئەلدە)، تاجىك ئالىب شاھ (چەت ئەلگە كەتكەن) قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، گومىنداڭدىن ئولجا ئالغان قوراللارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ، بىتىم روھىغا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن شتاب باشلىقى قاسىمتاش ۋە تاشقورغان مۇداپىئەسىدە تۇرغان پولك بىر قىسىم قوراللارنى قايتۇرۇپ بەرگەن.

1946-يىلى 9-ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى "ئازادلىق تەشكىلاتى" ۋە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قوماندانلىق شتابىتا تۇرۇۋاتقان ئوفىتسېر ۋە باشقا خادىملارنىڭ قايتىپ كېلىپ خەلقچىل سايلامغا قاتنىشىشنى ئۇقتۇرغان. ئاساسىي قىسىملار داۋاملىق ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان.

پېشقەدەم ئىنقىلابچى قاسىمتاش جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى تارقالغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان ئىنقىلابچىلار خەلقچىل سايلامغا قاتناشقان ۋە ئۆز جايلىرىدىكى مەمۇرىي ئورگانلاردا خەلق ئۈچۈن داۋاملىق

خىزمەت قىلغان. ئەمما، 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرى بىتىمگە يۈزسىزلىك بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ھەم ئۇنى يىرتىپ تاشلاپ رەھىمسىزلىك بىلەن قىساس ئېلىپ، ئاشۇ قېپقالغان بىر قىسىم ئىنقىلابچىلارنى ئاساسەن ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ئەشەددىي تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ يېزا ـ كەنتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇردى ۋە تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب باشلىنىشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە قاتناشقان 12 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىنقىلابىي جەڭچى ـ ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلدى، مال ـ مۈلكى بۇلاپ ـ تالاندى، ئۆي ـ جايلىرىغا ئوت قويۇلدى ۋە خانىۋەيران قىلىندى.

## 11. خۇلاسە

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي تاشقورغاندا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ قورallıق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ مىسلىسىز زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئۇنىدىن ئارتۇق ناھىيە ۋە كەڭ رايونلاردا گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈردى. پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئۈچ دۆلەت بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرا پونكىتلىرىنى ئۈنۈملۈك مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇقەددەس زېمىننى قوغدىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئىنقىلابى ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قاتنىشىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت

ئىلغارلىرىنىڭ باشلامچىلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلهامى ۋە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا قوزغالغان ۋە راۋاجلانغانىدى. بۇ ئىنقىلاب باشتىن ئاخىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇق، پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قەدەملىرى بىلەن تەڭ ماڭدى. ئىنچىلىق بىتىمگە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بىتىمنى ئۈزۈل - كېسىل ئىجرا قىلدى.

بۇ پاكىتلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭمۇ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى شەرتسىز ئىسپاتلايدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئىنقىلابى ئۈچۈن ئەزىز جېنى، ئىسسىق قېنىنى بەرگەن مىڭلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات! ئۇلارنى خەلقىمىز ئەبەدىلئەبەد ياد ئېتىدۇ!!

# تۆتىنچى قىسىم

# بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋە يېڭى كۈرەش دولقۇنى

# بىرىنچى باب
# تىنچلىق بىتىم ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

1945 - يىلى سېنتەبىردە ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرى ماناس ۋە ساۋەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ غالىبىيەت ئۈرۈمچىگە چوڭ تەھدىت بولدى. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق بېسىقتۇرۇش چارىلىرىنىڭ ھەرقاندىقى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار باشقا چارە قوللىنىپ، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي تارمار بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە تەكلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى غالىبىيەت قازانغان ۋاقىت ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسا ياپونغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇش ئېغىرچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە تەييارلانماقتا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1945 - يىل 4 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - قۇرۇلتىيى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتى ئاساسىدا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى

ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چوڭ سەپەرۋەرلىك رولىنى ئوينىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ قۇرۇلتايدا بەرگەن «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا» دېگەن سىياسىي دوكلاتى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ پروگراممىسىنى، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنى ئىدىيىدە ئوبدان قوراللاندۇردى. قۇرۇلتايدا پارتىيىمىزنىڭ ئاممىنى كەڭ ھەرىكەتلەندۇرۇش، خەلق كۈچىنى ئۇلغايتىش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يېڭىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازاد قىلىپ يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭگو قۇرۇش سىياسىي لۇشيەنى بەلگىلەندى. پارتىيىنىڭ بۇ لۇشيەنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر قاتاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھى بولسا، ئۆز خوجايىنى ئاق ش نىڭ غەرىزى بويىچە غالجىرلىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكالىتەن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزدى.

ئەنە شۇنداق شارائىت ئاستىدا شىنجاڭدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە ئاساسەن جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى "تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش" ھەققىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭ ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىنىڭ "تىنچلىق"

پەردىسى ئاستىدىكى ھەقىقىي غەرىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شىنجاڭ خەلقىگە يەنە بىر قېتىم كۆرسەتمەكچى بولدى.

1945 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى (باشتا رەھىمجان باشلىق بولۇپ، كېيىن ئەخمەتجان قاسىمغا ئۆزگەر- تىلگەن) قورچاق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتىنى رەسمىي باشلىدى. سۆھبەت ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرىسى "ئەركىنلىك"، "خەلقچىللىق"، "تىنچلىق"، "ئىتتىپاقلىق" مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. گومىنداڭ ۋەكىلى ئاۋۋال "تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق"، ئاندىن كېيىن "ئەركىنلىك، خەلقچىلىق" دېگەن نەرسىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇ تەشەببۇسنىڭ ھەقىقىي غەرىزى ئاۋۋال سوقۇشنى توختىتىپ، ئىنقىلابىي قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى تارقىتىۋېتىش، ئاندىن كېيىن "ئەركىنلىك" ۋە "خەلقچىللىق" مەسىلىسى ھەققىدە سۆز ئېچىش، دېمەكچى ئىدى. روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئۇلارنىڭ "تىنچلىق سۆھبىتى" نىقابى ئاستىدا، شىنجاڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى ئاسانلا يوقىتىش ئۈچۈن قوللانغان ھىيلىسى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى سۆھبەت جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ بۇ يېڭى سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىر 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى

تەرەپ ۋەكىلى "11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم"گە ئىمزا قويدى. "11 ماددىلىق بىتىم"نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم:

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ، بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەر بەلگىلەندى: ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى خەلق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ؛ ناھىيىلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپتىكىلەرنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ. بۇ سايلام يولغا قويۇلغۇچە، ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ. ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغىچە ۋە ئومۇمىي سايلام بېكىتىلگىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى 9 ـ ماددىدىكىدەك بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ

خەت ـ ئالاقىلىرىدە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان خەت ـ ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى قوللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، ئەمما ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ يېزىقى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. داشۆلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

7. ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئەمما، بۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ـ تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. ئەمما، چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلغۇچى سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىنى مەركەز تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى 25 بولىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسىنىڭ ئونىنى مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. قالغان 15 ىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدۇ. مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدىغان ئون ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى،

ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىگە قارالسۇن.

10. مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ ئارمىيە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئارمىيە تەرىپىدىن، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى قىلىنىپ ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ مەشىق ۋە بۇيرۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل-يېزىقلىرىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر بۇرۇنقى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن، مۇددەت بويىچە ئوفىتسېرلەر مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئوفىتسېرلىك بىلىمىنى تولۇقلايدۇ. بۇ ئارمىيىگە ھۆكۈمەت تەلىم-تەربىيە خادىملىرى ئەۋەتىپ مەشىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ ئارمىيە بىلەن سىر بەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ. سىر-سىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسىگە قارالسۇن.

11. ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە قويۇپ

بىرلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

ئوبۇلخەيرتۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

## قوشۇمچە ھۆججەت 1

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان "قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم"نىڭ 9 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ئالتە نەپىرىنى ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقىرىدىكى ئالتە ئەزا بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز ئەزا كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا

ئېيتىلغاندەك ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا، بىر نازىر، بىر باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، بىر مۇئاۋىن نازىرنى، شۇنىڭدەك تۆت مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ
خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى
ئوبۇلخەيرتۆرە
ئەخمەتجان قاسىمى
جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش، ئۆلكە دائىرىسىدىكى مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدا يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى خەنزۇچە تىل ـ يېزىق بىلەن باراۋەر ئىشلىتىشكە كاپالەت بېرىش؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىش؛ ئىچكى ـ تاشقى سودا ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك بېرىش؛ مىللىي ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن گومىنداڭ هۆكۈمىتى يەنە ئارقىغا سوزۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇندا يەنە بىر قوشۇمچە ھۆججەت ئىمزالانغاندى. تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## قوشۇمچە ھۆججەت 2

مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەن

رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى مۇشۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىمزالىغان "قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم" نىڭ 10 ـ ماددىسىدىكى، ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، مۇنداق قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ تۈزۈلىدۇ. ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ ئالتە تۈەنىنىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى دۆلەت ئارمىيىسى بولىدۇ. ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈەنگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ قوماندان غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن شتات بويىچە قوماندانلىق شتاب تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قوماندانلىق شتاب شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ قوماندانىنى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

3. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈەنىنىڭ تۇرىدىغان جايى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ــ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدۇ. ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى مۇشۇ قوماندانىنىڭ قول ئاستىدىكى ئالتە تۈەنگە تاپشۇرىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش ئىشىغا

مەركەزنڭ چېگرا مۇداپئە قسملرى مەسئۇل بولدۇ. بۇنڭ چارىسى ۋەقە يۈز بېردشتىن ئىلگىرىكى چارە بويىچە بولدۇ.

4. بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنڭ كېڭەيتىش ئارقىلق ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى ئامانلق ساقلاش قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشكە رۇخسەت قىلدۇ. ئۇنى تولۇقلاشتا شۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلاش چارىسى قوللىنىلدۇ.

5. مەزكۇر ئالتە تۈەننڭ ھەق ـ تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال ـ جابدۇقلرىغا كەلسەك، ئۇنڭ دۆلەت ئارمىيىسى بولغان ئۈچ تۈەننى شنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنڭ نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە، مەركەز تەمىنلەيدۇ؛ ئامانلقنى ساقلايدىغان ئۈچ تۈەنى ئۆلكىلك ئامانلقنى ساقلاش قىسملىرىنڭ نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە، ئۆلكىلك ھۆكۈمەت ئامانلقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا ئاجرتىپ بەرگەن خىراجەت بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

6. ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلش ئىشىنى مۇشۇ قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ قىسملار ئالتە تۈەن قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنڭ تۇرار جايى شنجاڭ ئۆلكىلك گارنىزون باش قوماندانىنڭ ۋە ئۆلكىلك ئامانلقنى ساقلاش قوماندانىنڭ تەكشۈرۈپ، بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئالتە تۈەننڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال ـ جابدۇقلرىنڭ نەق سانى گارنىزون باش قوماندانىغا ۋە ئۆلكىلك ئامانلقنى ساقلاش قوماندانىغا مەلۇم قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرۇلدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

ئوبۇلخەير تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئۆزگەرتىلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مۇنداق بولدى:

| | |
|---|---|
| جاڭ جىجۇڭ | رەئىس |
| ئەخمەتجان قاسىمى<br>بۇرھان شەھىدى | مۇئاۋىن رەئىس |
| لىيۇ مېڭچۇن | باش كاتىپ |
| ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ<br>سالىس | مۇئاۋىن باش كاتىپ |
| لو يۈيۈن | مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى |
| ما تىڭشياڭ | مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| ۋاڭ زېڭشيەن | ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى |
| رەھىمجان سابىر ھاجى | ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| مۇھەممەت ئىمىن | قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى |
| گو چىيەنجى | قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| سەيپىدىن ئەزىزى | مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى |
| سەي زۇڭشيەن | مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| جاۋ جيەنفېڭ | ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| ئېر دەنى | ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| دەللىقان | سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |

| | |
|---|---|
| چۇي ۋۇ | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۈرۈمـ<br>چى شەھىرىنىڭ باشلىقى |
| ئېلىخانتۆرە | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىلى<br>ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئوسمان | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئالتاي<br>ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە قەشقەر<br>ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئىسھاقبېك | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۆلكە-<br>لىك ئامانلىقنى ساقلاش شتابىنىڭ<br>مۇئاۋىن قوماندانى |
| ئەيسا | ھۆكۈمەت ئەزاسى |
| جوڭ دىخۋا | ھۆكۈمەت ئەزاسى |
| گۇەن زېلياڭ | ھۆكۈمەت ئەزاسى |

ھۆكۈمەت تەركىبىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن سەككىز كىشى قاتناشتى، قالغانلار باشقا ۋىلايەت ۋە گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قاتناشتى.

يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەسەم بېرىپ رەسمىي ئىشقا چۈشتى. شۇ كۈنىلا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئېچىلىپ، يېڭى سىياسىي پروگراممىنى ماقۇللاندى.

يېڭى سىياسىي پروگراممىدا جەمئىي توققۇز باب 86 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى:

1) دېموكراتىك سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقنى سىياسىي ئىشلارغا تولۇق قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش؛ شىنجاڭ-

دىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىش؛ 2) جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى ئالغا سۈرۈش؛ 3) ئۆزى يەر تېرىيدىغان دېھقانلارغا ياردەم قىلىپ، يەرنىڭ ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا توپلىنىپ قېلىشىنى چەكلەش؛ 4) ئەمگەك بىلەن كاپىتال تەرەپنى ئۆزئارا كېلىشتۈرۈپ، كۆپ پايدا ئېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى قاتتىق چەكلەش؛ 5) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىش، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش؛ 6) ئاساسىي سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش؛ 7) سودا ئەركىنلىكىگە كاپالەت بېرىش، پۇل سىستېمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ 8) قاتناش - ترانسپورت ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشتە ئېرىشكەن زور غەلىبىسى ئىدى. مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى قانۇنىي ئورنىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئۆلكىدە خەلقچىللىق، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدا تېزدىنلا يېڭى سىياسىي كەيپىيات ۋۇجۇدقا كەلدى؛ ئىلغار زىيالىيلار كەڭ مىقياستا تەشكىللەندى ۋە ھەرىكەتكە كەلدى؛ جايلاردىكى خەلقلەر ئارقىمۇئارقا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىتى-

مىنىڭ ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم تىنچلىق بىتىم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگرام-مىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن خەلقچىللىق بىلەن ناھىيە باشلىقى ۋە كېڭەشنى سايلاپ چىقىشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى. بۇ ئەھۋاللار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ۋە خەلق-چىللىق، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى تەلىپىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئىككىنچى باب
# تىغمۇتىغ كۈرەش

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكنى
قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەرلىك
ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى سايلاپ چىقىپ، تېخىمۇ كەڭ دېموكراتىنىڭ
ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىزغىن تەييارلىق قىلدى. بۇ
ئەھۋال گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنى قورقۇتۇپ ئالاقىزادە
قىلىۋەتتى.

1945 - يىلى ئۆكتەبىردە ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتىدە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسلىدە سەمىمىيلىكى يوق ئىدى.
ئۇلارنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشى خەلقنى ئالداش نەيرىڭىدىنلا ئىبا-
رەت ئىدى. قورچاق نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە
يوليورۇقىنى ئالغان شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى "تىنچلىق
سۆھبىتى"دىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىنكى ۋاقىتتىن
پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى
تولۇقلاش ئىشىغا جىددىي كىرىشسە، يەنە بىر جەھەتتىن پانتۈركىست-
لار ۋە باندىتلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى كۈشكۈرتۈش،
ئۇيۇشتۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە

قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ، شارائىت هازىرلانسىلا مىللىي دېموك-
راتىك كۈرەشنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى
فاشىستىك مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىنى يېڭىباشتىن كۈچەيتمەكچى
بولدى. "11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم" ۋە بىرلەشمە هۆكۈمەت
ماقۇللىغان سىياسىي پروگراما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى
توسالغۇ ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈگۈل، ئۇنى ئىلاجىنىڭ بارىچە بۇزۇشنى مەق-
سەت قىلاتتى. چۈنكى "بىتىم"، "پروگراما" ئۇلار ئۈچۈن خەۋپلىك
ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى تىنچلىق بىتىم ۋە
سىياسىي پروگراممىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشقا تەييارلانغان بىر
پەيتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىلانلىق بۇزغۇنچىلىق قىلدى،
يەرلىك هاكىمىيەت ئورگانلىرىنى سايلاش ۋاقتىدا گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلەر گۇرۇھى ئىنتايىن قەبىھ تېررورلۇق ئۇسۇللار بىلەن بۇز-
غۇنچىلىق قىلدى. مەسىلەن، ئاقسۇدا بىر دېھقان بىر يېزا باشلىقى-
نىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك
قىلىپ قويغان. بىر ياش يىگىت بىر قېتىم مەجلىس ئۈستىدە
"تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن!" دەپ تەلەپ قويغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇمۇ يۇقىرىدىكى ئادەمگە ئوخشاش ئەھۋالدا قالغان.
يەكەن كونىشەھەردىكى توققۇز نەپەر ناھىيىلىك كېڭەش ئەزاسى
زىيانكەشلىكتە ئۇچراشتىن قورقۇپ شەھەر تېشىغا قېچىپ كەتكەن،
يەنە ئىككى كىشى "خەلق نامزاتلىرىنىڭ سايلىنىشى توغرا
بولدى" دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىنى ئۇرۇپ
چېقىۋەتكەن. كۈچا ناھىيىسىدە مەسچىت ئالدىدا مەجلىس ئېچىۋات-

قان خەقلەرنى پىلىموتقا تۇتقان، مۇشۇنداق ۋدقەلەر ھەممە يەرلەردە كەينى ـ كەينىدىن سادىر بولۇپ تۇردى.

ئەسلىدە يوشۇرۇن ساقچىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ساقچىلارنىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى توختىتىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. كونا ئەمەلدارلار يەنە ئاۋۋالقى ئورنىنى ئىگەللەپ تۇرىۋەردى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي قىسىملىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كېلىۋەردى. يەرلىك مىللەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلىرى ۋە ياش زىيالىيلار ئەكسىيەتچى ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ "11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم" نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى تەرىپىدىن تامامەن بۇزۇپ تاشلاندى.

1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قارىمۇقارشىلىق جىددىيلەشتى. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا تىغمۇتىغ كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسى تالاش ـ تارتىشلار، ھەتتا گاھىدا قاتتىق ئېلىشىشلار بىلەن نەتىجىسىز قېلىۋەردى. گومىنداڭچىلار بىز بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ئىتتىپاق بولۇڭلار دەيتتى، بىز خەلققە ئەركىنلىك كېرەك، دەيتتۇق. ئۇلار بىزنى سىلەر دۆلەتكە قارشى، دەيتتى. بىز، دۆلەتكە ئەمەس، دۆلەتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى بىز، دەيتتۇق. قىسقىسى، ئۇلار "مەن دېگەننى قىلىسەن" دەيتتى. بىز "خەلق دېگەننى قىلىمىز، بىز خەلق ۋەكىلى" دەيتتۇق. ئۇلار، ئۆزلىرى "بىتىم"نى بۇزۇپ تۇرۇپ، بىزنى "بۇزدۇڭلار" دەيتتى.

بىز، "راست ئىجرا قىل، كاپالەتلىك قىل!" دەيتتۇق. توپلۇك ئالاشلار ھەل بولمىغاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىلەر ھەل بولۇش تۈگۈل، كۆپىيىۋەردى. توقۇنۇشلار، ئادەم ئۆلۈشلەر كۆپەيگىلى تۇردى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر ئاساسەن ئىككى تەرەپكە — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرەپكە ۋە ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تەرەپكە ئوچۇق ئايرىلدى. ئەڭ كۆپچىلىك كادىرلار، زىيالىيلار، ئامما بىز تەرەپتە ئىدى. ئەكسىيەتچى جاھىللار بولسا گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرەپتە تۇرۇپ شۇلارنىڭ دۇمبىقىنى چالاتتى.

بۇنىدىن باشقا ئاتالمىش "خالىسلار"مۇ بار ئىدى. مەسىلەن، مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسا ئەپەندىلەر ۋە يەنە جانىمقان، خادىۋاڭ، سالىسلار ئاشۇ تىپتىكىلەردىن ئىدى. ئۇلارمۇ بەزىدە "مىللەت" دەپ ۋارقىراپ، مىللەت ئۈستىدە باش ئايلاندۇرغۇدەك جىق گەپ ساتاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ مىللەت كۆز قارىشى ئۆزگىچە، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە تەشەببۇس قىلىدىغىنىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. يەنى، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جياڭ جيېشىغا تىز پۈكۈپ سەجدە قىلىپ، ئۇلارنىڭ "غەمخورلۇقى" ئارقىلىق "قولغا كەلمەكچى" بولغان، ئاز سانلىق مىللىي ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ زۇلمىنى كۈچەيتىدىغان ئاللىقانداق "تۈركىستان" قۇرۇش خىيالىنى چۈشەيتتى. مەسئۇتلار بىلەن جانىمقانلار گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر ئورتاقلىقى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئۇلار ئادەتتىكىچە قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، جان-جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە ھەرىكەت قىلىشتىن توختىمايدىغان قارشى تۇرغۇچىلار-

دىن ئىدى. مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسالارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا،
كوممۇنىزمغا قارشى كەيپىياتىنى ھەتتا خەلقئارا ئەكسىيەتچىلەرمۇ
بىلەتتى.

بۇلار بىزنى "سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپدارلىرى" دەپ قاغايتتى.
بىز شۇنداق ئىكەنلىكىمىزنى ئىنكار قىلمايتتۇق، ئەلۋەتتە.

يىغىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، پانتۈركىستلار،
باسمىچى-باندىتلار، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى — بۇلار بىر تەرەپ؛
ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك
پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى — يەنە بىر تەرەپ، چېگرا ئوچۇق، بايراق
ئېنىق ئىدى. بىرىنچى تەرەپ — ئەزگۈچىلەر + غالچا قۇللار = خەلق-
نىڭ ئازادلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلار؛ ئىككىنچى تەرەپ — ئەركىن-
لىك + ئازادلىق = خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئىدى.

مەسئۇت، جانىمقانلار گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەقسىتى —
پۇل، مەنسەپ، خۇسۇسىي راھەت-پاراغەت ئىدى. بىزنىڭ بۇلار
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز، ھەم تەربىيىلەش، ئىتتىپاقلىشىش،
ھەم پرىنسىپلىق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئاساسى
يوق ئىدى، ھەتتا كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەت ئۈستىدە
ئورتاق تىل بىلەن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. تەتۈرىچە،
ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا زىددىيەت بارغانسېرى
ئۇلغىيىۋەردى.

گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىش،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلا-

بىي كۆرىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە پىكىر ئىختىلاپ-
لىرى، ھەتتا زىددىيەتتى بار ئىدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى
جاڭ جىجۇڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇ، تاشقى ئىش-
لار بويىچە ئالاھىدە خادىم ليۇ زېرۇڭلار بىز ۋەكىللىك قىلغان خەلق
ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە ئېغىر-بېسىق، ئۆزىنى تۇتقان ھالدا مۇئامىلە
قىلىشنى ۋە مەسىلىلەرنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى قۇۋۋەتلەيتتى،
شىنجاڭغا كېيىنرەك كەلگەن تاۋ سىيۈمۇ بۇلارغا قوشۇلاتتى. گومىن-
داڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى كاتتىبېشى، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ
قوماندانى سۇڭ شىليەن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ
مىڭچۈن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشىيەن،
ئۈرۈمچى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى داڭ بىگاڭ قاتارلىقلار
بىز ۋەكىللىك قىلغان خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە ئۆزىنى چاغلىماي
قورال كۈچى ئىشلىتىشنى قۇۋۋەتلەيتتى. جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار
ئېھتىيات قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەخپىي مەجلىستە سۆزلىگەن
سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: ”شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىس-
تاندا قوللانغان تاكتىكىسى بويىچە ھەل قىلىش كېرەك“ دېسە، سۇڭ
شىليەنلەر: بوش تۇرساق بوزەك ئېتىدۇ، قورال-لىق باستۇرۇش
كېرەك، ”ئىران ئازەربەيجاننىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندەك ھەل
قىلىش كېرەك“ (سۇڭ شىليەننىڭ سۆزى) دەيتتى (ئىران ئازەربەي-
جانمۇ شۇ ۋاقىتلاردا مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى قىلىپ، كېيىن
بىتىم بىلەن ئىران ھۆكۈمىتىدىن مەلۇم ھوقۇق ئالغان. ئىران
ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى قوراللىق
باستۇرغان).

ئۇلار قانداق ”ھەل قىلىش“ ئۈستىدە ئويلىنىشىدىن قەتئىينەزەر،

ھەر ئىككىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى بىر ئىدى. يەنى، بىزنى بىر تامال قىلىپ تۇنجۇقتۇرۇپ، بوينىمىزغا خامۇت سېلىشنى كۆزلەيتتى. ئۇلاردا ئوخشاشماسلىق بار دېسە، ئۇ پەقەت ئۇسۇل جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق ئىدى. يەنى، ئالدىنقىلىرى "تۆكنى يېتىشىغا سىلاپ ئالداپ خامۇت سېلىش كېرەك"، دېسە، كېيىنكىلىرى "بېشىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ خامۇت سېلىش كېرەك" دەيتتى. گەپ خامۇتنى سېلىش-سالماسلىقتا ئەمەس، قانداق سېلىشتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى — بوۋىسى چيەنلۇڭنىڭ "ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق باشقۇرۇش" ئۇسۇلى بىلەن "ئۆزى بىلەن ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش"تىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار جانىمىقان، ئوسمانلاردىن دەل شۇ مەقسەتتە ئۇچۇن پايدىلاندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ داۋاملىق فاشىستىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، "بىتىم"نى بۇزۇۋاتقانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۈرۈمچىدە ۋە كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ھەربىي تېررورلۇقىغا قارشى كۆرەش دولقۇنلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ھەر خىل تەشكىلاتلار، بولۇپمۇ ئىلغار ياشلار تەشكىلاتلىرى كۆرەش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

# ئۈچىنچى باب
## ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە غەلىبە قازىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۈرۈمچىدە ئىلغار ياشلارنىڭ ھەر خىل ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئىلغار ياشلار ئۆز تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەرنى داغدۇغىلىق ئېلىپ باردى. مۇنداق تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىلەر:

"ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلقچىل ياشلار بىرلەشمىسى"

"خەلقچىل ئىنقىلابىي ياشلار ئازادلىق تەشكىلاتى"

"شىنجاڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى"

"خەلقچىللەر بىرلەشمىسى"

كېيىن، 1949 ـ يىلغا كەلگەندە بۇ تەشكىلاتلار بىرلەشتۈرۈلۈپ "ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى" بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى نۇسرەت شەھىدى، توختى قۇربان...لار ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ 10 باب، 49 ماددىلىق نىزامنامىسى بار ئىدى. ئۇلار «توغرا يول» ناملىق گېزىت ھەم ژۇرنال چىقارغان. نىزامنامىسىگە "ئېزىلگەن ئەللەر بىرلىشەيلى!"، "ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلماسلىق جىنايەت!" دېگەن شوئارلار كىرگۈزۈلگەن. ژۇرنىلنىڭ

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چىققان 3 ـ سانىغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى باسقان ھەم گېزىتنىڭ شۇ يىللىق 4 ـ سانىغا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش توغرۇلۇق باش ماقالە ئېلان قىلغانىدى. بۇ تەشكىلات يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن 1950 ـ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

بۇ تەشكىلاتلار، بولۇپمۇ كېيىن بىرلەشكەن تەشكىلات ئاممىنى، خۇسۇسەن ھەر مىللەت ياشلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى، خەلق ئەركىنلىكى يولىدا كۈرەش قىلىش روھىدا تەربىيىلەپ، خېلى جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى ئەينى شارائىتتا بەلگىلىك ياخشى روللارنى ئوينىغانىدى.

ئىلغار ياشلارنىڭ ئۈرۈمچىدە يەنە بىر مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتى ــ "ئىنقىلابىي ياشلار ۋە زىيالىيلار تەشكىلاتى" بار ئىدى. بۇ تەشكىلات 1945 ـ يىلى قۇرۇلۇپ خېلى جىق مەخپىي كۈرەشلەرنى قىلغانىدى. بۇ تەشكىلاتقا گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىدىن 18، يەرلىكتىن 70 دىن ئارتۇق ياشلار قاتناشقان. بۇ تەشكىلات 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ساقچى ئورۇنلىرىغا پاش بولۇپ قېلىپ، كۆپلىگەن ئاساسىي كىشىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان، بىرمۇنچىسى دەھشەتلىك قىيناق ئازابىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى مۇنداق بولغان: تەشكىلاتنىڭ ئابدۇللا دېگەن بىر ئەزاسىنىڭ خائىن ئىكەنلىكى سېزىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارار قىلىنغان ۋە بۇ ۋەزىپە تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن كەنجى، قاسىم زۇلياروۋ، ئىسمائىل دېگەن كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلار ئابدۇللانى شەھەر-

نىڭ سىرتىغا باشلاپ ئەپچىقىپ تاپانچا بىلەن ئاتقان. بىراق، شۇ چاغدا غەيرىي ئادەم كېلىپ قالغانلىقتىن ئاتقۇچىلار قاچقان. ئىسمائىل قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان ۋە ئىشنى پاش قىلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن كەنجە، قاسىم زۇلياروۋ باشلىق بىر مۇنچە تەشكىلات ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا بىز تەرەپ ئۇلارنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلغانىدى. گومىنداڭ ساقچى جاللاتلىرى بۇ ئىشتىن تېنىۋېلىش بىلەن بىرگە بۇنداق ئادەملەر تۈرمىدە يوق، دەپ تۇرۇۋېلىپ كەنجە ۋە قاسىم زۇلياروۋنى جادۇ بىلەن توغراپ ئۆل- تۈرۈۋەتكەن. ئەمما، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۆلگۈرمەي جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى، بىز تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن بىتىمدىن كېيىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن ئەزىز قاسىم، زۇلال، ماموتوۋ قۇربان، ھامىت ئىمىنوۋ، ئىمىنجان، ئابدۇرەھىم ئۆمەر قاتارلىق 18 كىشىنى شىخوغا ئەۋەتىپ مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتۇردى. ئۇلار كېيىنچە مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار ھەرىكەتلەردە ھەمدە ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور خىزمەتلەرنى قىلدى. كەنجە ۋە قاسىم زۇلياروۋلار ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى سەپداشلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ياد ئېتىلدى. بۇلارنى ئەلۋەتتە ئىنقىلابىي قۇربانلار قاتارىدا ئەسلەش لازىم.

ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يەنە بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات «شىنجاڭ

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» ئىدى. بۇ تەشكىلات 1944 - يىلى خەنزۇ، خۇيزۇ ئىلغار ياشلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تەشكىلات بىرمەزگىل پالەچ ھالەتتە چۈشۈپ قالغان. ئەمما، كېيىن لى تەيىۋي، چېن شىخۇا، لو جى، يۈي جاڭجى، يۈي جيەنلىن قاتارلىق يولداشلار تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتا قۇرۇلغان. لى تەيىۋي بىلەن لو جى بۇ تەشكىلاتتا شۇجى ۋە مۇئاۋىن شۇجى بولغان، چېن شىخۇا بىلەن يۈي جيەنلىن تەشكىلىي ھەيئەت-لىكتە، يۈي جاڭجى بىلەن لو جى (قوشۇمچە) تەشۋىقات ھەيئەتلىكتە سايلانغان. ئۇلار «كۈرەش (جەندۇ)» ناملىق ژۇرنال چىقىرىپ، بىرمەزگىل يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلات يەنە "كۈرەش نەشرىياتى (جەندۇشې)" دەپمۇ ئاتالغان.

1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ "كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى" نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋە باشقا مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى مۇزاكىرىلەشتى. سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قارىشى پۈتۈنلەي بىر يەردىن چىقتى ۋە بىرلىككە كەلگەن بىر تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈر دېگەن تونۇشقا كەلدى. كېيىن بىزنىڭ تەكلىپىمىز بويىچە ئۇلار "خ ئى پ" (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى)غا ئۇيۇشۇلۇشقا رازى بولدى.

يۇقىرىقىدەك سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەر بولۇۋاتقاندىمۇ «كۈرەش» ژۇرنىلى چىقىرىلىپ تۇردى ۋە تارقىتىلىۋەردى. بىز ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرى بۇ ژۇرنالنىڭ چىقىرىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئەمەلىي قوللىغاندۇق. مەسىلەن، «كۆرەش» ژۇرنىلىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى يولداش لو جىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پايلاقچىلىقى ۋە نازارىتىدىن قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن مەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيىدە تۇرسۇن دەپ كېلىشتۇق. چۈنكى، گومىنداڭچىلار بىز ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ كەينىگە ئىشپىيونلارنى سېلىپ قويۇپ، ئۆي ئالدىلىرىغا مەخسۇس پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى 24 سائەت تىنماي پايلاپ، كىملەر كىرىپ، كىملەر چىقىدىغانلىقىنى بىرمۇ بىر نازارەت قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئوسۇپ كىرەلمەيتتى. شۇڭا، يولداش لو جى بىزنىڭ بىرەرسىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلىسە بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە «كۆرەش» ژۇرنىلىنى چىقىرىش ۋە تارقىتىشقىمۇ ئەپلىك ئىدى.

يولداش لو جى بىزنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇن ئىشلىگەن چاغلىرىدا مەن ئۇنىڭ بۇ ژۇرنالنى ئۆزى لازىغا يېزىپ، ئۆزى شاپىگرافتا بېسىپ، ئۆزى تۈپلەپ، ئۆزى تارقىتىدىغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ھېچقاچان ھاردىم ـ تالدىم دېمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەش روھىغا قايىل بولۇپ مەستلىكىم كەلگەن ۋە يەنە ئىچىم ئاغرىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە بىزنىڭ باققان قىزىمىز گۈلنىسانى قوشۇپ قويدۇم.

گۈلنىسا ئەسلىدە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان بىر پېشقەدەم جەڭچىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى شەرقىي

شىمالدىكى "18 ـ سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون تاجاۋۇز-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن
سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن، ئۇ يەردىن ئايلىنىپ قورغاس
ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. گۆلنىسانىڭ ئەسلى
ئانىسى پولەك مىللىتىدىن بولۇپ ئىسمى فروسە ئىكەن. گۆلنىسا
سوۋېتتە تۇغۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى
مارۇسە ئىسىملىك بىر رۇس ئايال بىلەن توي قىلغان. 1944 ـ يىلى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوزغىلىش ھارپىسىدىكى "تۇت ـ تۇت" ۋە
"قىر ـ چاپ"تا گۆلنىسانىڭ دادىسى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەت-
كەن. مارۇسە گۆلنىسا ۋە سىڭلىسىنى ھەم بۇ ئىككى قىزغا ئۆگەي
ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىدىكى سادەتخان ئىسىملىك بىر
ئۇيغۇر دوستىنىڭ قورۇسىدا تۇرغان. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان
چاغدا، مائارىپ نازارىتى مارۇسەنى ئىشچى قىلىپ قوبۇل قىلغان-
دۇق. مارۇسە ئىشخانا، كارىدور ۋە قورۇلارنى تازىلاپ يۈرگەندە،
مەن دائىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن 11 ـ 12 ياشلىق سېرىق چاچ
بىرقىز بىلەن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر ئوغۇل بالىنى كۆرەتتىم. بۇ
بالىلار مارۇسەگە ياردەملىشىپ تازىلىق قىلاتتى، ئىشخانىلارغا چاي
توشۇيتتى. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئىدى.
دېمىسىمۇ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت يېڭى قۇرۇلغاچقا ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، مائاش ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن ئىدى.
قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئادەمنىڭ مائاش ئېلىپ بەش جاننى قامداپ
كېتىشى مۈشكۈل ئىدى. شۇڭا، بىركۈنى مەن مارۇسەگە سېرىق
چاچلىق قىزنى كۆرسىتىپ: "بۇ قىزنى ماڭا بەرسىڭىز، مەن بالا
قىلىۋالسام..." دېدىم. ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، ئېغىر بىر تىنىۋالغاندىن

كېيىن قىزنىغا قاراپ: "ماقۇل دەمسەن؟ ماقۇل دېگىن. ئۆيىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس، ئۆي ئۆزىمىزنىڭ بولغاندىمۇ ھازىر كۆمۈر يوق، ئوتۇن يوق، يېمەك ـ ئىچمىكىمىزمۇ قىس..." دېگەندەك سۆز- لەرنى قىلدى. بۇ قىز ئانچە كۆپ ئويلانمايلا ماقۇل بولدى ۋە مېنىڭ "قىزىم" بولۇپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئىسمىنى "گۈلنىسا" دەپ قويدۇق. ئۆينىڭ ھەممە خوجىلىق ئىشلىرىنى بىر ئۆزى باشقۇرۇپ قولىمىزغا قول، پۇتىمىزغا پۇت بولدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىز ئۇنى ياتلىق قىلدۇق. كۈيئوغۇل بولغۇچى يىگىت ئەخمەتجان قاسىمنىڭ چوڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە مۇھاپىزەت- چىسى مەھەممەتجان ئىدى. شۇندىن تارتىپ ئۇ ئەخمەتجان بىلەن ماھىنۇرلارنىڭ كېلىنى بولۇپ شۇ ئۆيدە تۇردى. 1960 ـ يىلى ئېرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىپ قىزغىزىستاندا بىر دوخ- تورخانىدا ئىشلىدى. 11 بالىلىق بولۇپ، توققۇزىنى قاتارغا قوشۇپ، ھازىر پېنسىيىگە چىققان (ئۇ 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئوغلى دىلمۇرات بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ بىزنى يوقلاپ كەتتى).

گۈلنىسا بىز بىلەن ئۈرۈمچىگە بىللە بارغانىدى. زېرەك، ئىشچان بۇ قىز يولداش لو جىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. لو جى ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى لازىنغا يېزىپ تەييار قىلغاندىن كېيىن سەتكىگە جايلاشتۇرۇپ بەرسە گۈلنىسا بىسۋېزەتتى. لو جى تۆپلەپ بەرسە گۈلنىسا تىكەتتى. تەييار بولغان ژۇرنالنى ئۇ ئىككىي- لەن تارقىتاتتى. ئۇلارنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇپ، "كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى"نىڭ ئىچكى تارقىتىشىدىن باشقا، كەمبە- غەل، تىلەمچى بالىلار ئارقىلىقمۇ تارقىتاتتى. لو جىنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر بالىلىرى ئىچىدە دوستى كۆپ بولۇپ، ئۇ ژۇرناللارنى

بۇ باللارنىڭ نان تىلەيدىغان خالتىلىرىغا تىقىپ جايلاشتۇرۇپ بېرەتتى. گۈلنىسا ئۇ باللارنىڭ بىزنىڭ قورۇدىن يىراقلىشىۋېلىشى ئۈچۈن "پايلاقچى"لىق قىلاتتى. بۇ باللار "تىلەمچى"لىك باھانىسى بىلەن قورۇلارغا كىرىپ ژۇرناللارنى دېرىزىدىن، ئىشىك يوچۇقىدىن ۋە تامدىن ئارتىلدۇرۇپ دېگەندەك تارقىتاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، گۈلنىسا بەزى مۇھىم ئورۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىش قىيىن بولغان چاغلاردا ئالاقىچىلىق رولىنى ئوينايتتى.

كېيىن لو جىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە «كۈرەش» ئىگىمۇ مۇشۇ يەردە بېسىلىۋاتقانلىقى سېزىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە "مېھمان" كۆپ كېلىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بىز مەسلىھەتلىشىپ لو جى ۋە «كۈرەش»نى ئابدۇكېرىم ئاببasoۋنىڭ ئۆيىگە يۆتكىۋەتكەندۇق.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن چېن شىخۇا، لو جى، يۈي جاڭجى، فەن يىڭجۇڭ قاتارلىق "كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى" ئەزالىرىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بۇ ئورۇنغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ھەر مىللەت خەلقىغە پائال تونۇشتۇردى، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى.

1946-يىلى 11-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار نەنجىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ قورچاق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان مەزگىلدە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقە

قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» رەھبەرلىرى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىگە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا، كومىنداڭغا قارشى كۈرەشنىڭ جەريانىنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ يولىنى يەتكۈزدى ھەمدە «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»نى «خ ئى پ»قا قوشۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنى ئېيتتى.

كېيىن پارتىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇزاكىرە قىلىنىپ، «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»نى «شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»گە قوشۇش قارار قىلىندى. «شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» مەركىزى كومىتېتى قايتا قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەركىزىي كومىتېت رەئىسلىكىگە، سەيپىدىن ئەزىزى، لى تەييۈي، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەنۋەرخانبابا، مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، چېن شىخۇا، لو جى، يۈي جيەنلىن، يۈي جاڭجىلەر مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى (يىغىندا بىرلەشكەن پارتىيىنىڭ نامىنى «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپ ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئەسئەت ئىسھاقوۋ بىلەن لى تەييۈي مۇئاۋىن رەئىسلىككە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، «خ ئى پ» نىڭ سىرتتىكى ئەزالىرى قوشۇلمىغاچقا، ئاخىر قارار چىقىرىلمىدى. بۇ پارتىيە بەزى چاغلاردا «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپمۇ ئاتالغاندى).

يىغىندىن كېيىن، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. جايلارغا ئادەم ئەۋەتىلىپ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى قۇرۇلدى،

1947 - يىلى 3 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قايتا - قايتا بېسىم ئىشلىتىپ بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشى سەۋەبىدىن «تىنچلىق

بىتىم"نى داۋاملىق ئىجرا قىلغىلى بولمىدى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەت تارقىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ
غۇلجىغا قايتىپ كېتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شتابىمۇ غۇلجىغا كۆچۈپ
باردى. "كۈرەش نەشرىياتى"دىكى لى تەيىۋي، چېن شىخۋا،
خې رۋي، فەن يىڭجۈڭ قاتارلىقلار باش شتاب بىلەن بىرگە
غۇلجىغا باردى. لو جى، يۈي جيەنلىن، لى ۋېيشىن، يۈي جاڭجى
قاتارلىقلار داۋاملىق ئۈرۈمچىدە قېلىپ، شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېتى نامى ئاستىدا تا شىنجاڭ
تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

# تۆتىنچى باب

# نەنجىڭ سەپىرى①

1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، نەنجىڭدا "مىللىي قۇرۇلتاي" (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قۇرۇلتاي دېيىلىدۇ) چاقىردى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يەتتە نەپەر ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بىز بۇ قۇرۇلتايغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىدۇق، لېكىن بىزنى خۇش قىلىدىغىنى شۇ ئىدىكى، نەنجىڭدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىك ئاپپاراتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق يولداش جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى. بۇنى ئويلاپ روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بىز ھەممە جەھەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي

---

① بۇ باب ئاپتورنىڭ «تيانشان بۈركۈتى» دېگەن كىتابىنىڭ توققۇزىنچى بابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. — تەھرىردىن.

تەشەببۇسى بويىچە ئىشلەشكە تىرىشتۇق، شۇنداق بولسىمۇ، ئاز بولمىغان ئەگرى - توقاي يوللارنى باستۇق. بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشىشنى دائىم ئارزۇ قىلىغان ھەتتا يەنئەن تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ باققان بولساقمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن بۇ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىدۇق. مانا ئەمدى نەنجىڭغا ۋەكىللىرىمىز بارسا، ج ك پ ۋەكىلى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. شۇڭا 1946 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈرۈمچىدە — ئەنۋەرخان بابانىڭ ئۆيىدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن ئابدۇكېرىمگە نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىن ج ك پ نىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاشنى تاپشۇردى.

لېكىن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، پارتىيە ۋەكىلى بىلەن قانداق قىلىپ ئالاقە باغلىغىلى بولىدۇ، بۇ بىر مەسىلە ئىدى. قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر چارە تېپىلدى: يولداش لى تەييۈينىڭ نەنجىڭدىكى بىرنەچچە يەر ئاستى خىزمەتچىلەر بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنچلىك بىر يولداشقا ئابدۇكېرىمنىڭ نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىنكى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر پارچە خەت يازدى ھەمدە ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئابدۇكېرىم شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى-نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان

خىتتىنمۇ ئالغاچ باردى.

1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن شاڭخەي ئارقىلىق نەنجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

نەنجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى نەنجىڭغا بېرىشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسىنى دائىم ئەستە تۇتۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئاكتىپ چارە ئىزدەيدۇ ۋە ئاخىرى ج ك پ نىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان خادىملار تۇڭ شياۋپىڭ، جاڭ ئۇستام، دۇەن تىڭيىڭ (شوپۇر) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاش ئارقىسىدا، ئابدۇكېرىم 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورنى — مېيىۋەندە شۇ باشقارمىنىڭ مەسئۇلى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشىدۇ. يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمنى قىزغىن، سەممىي قارشى ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئابدۇكېرىمدىن بىر مۇنچە سوئاللارنى سورايدۇ، ئابدۇكېرىم ھەممە سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. ئابدۇكېرىم يولداش دۇڭ بىۋۇغا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزىدۇ. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا بولغان ئېھتىرامىنى يەتكۈزىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭغا، يولداش جۇ دېغا بولغان سالىمىنى يەتكۈزىدۇ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-

لىكسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزىدۇ ھەمدە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ۋەكالىتەن مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقالغا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمىزدە بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي يوللارنى سۆزلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غالىبىيەت قازىنالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتىدۇ. ئاخىردا، دۇڭ ئاقساقالغا تۆۋەندىكى ئۈچ تەلەپنى قويىدۇ:

بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە-سىنى ئۆزىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر تەشكىلات سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا؛

ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرنەچچە رەھبىرىي كادىر ئەۋەتىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلسا؛

ئۈچىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دائىم ئالاقە باغلاپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، شىنجاڭغا بىر نەپەر رادىئوتېلېگراف تېخنىكا كادىرى ۋە رادىئوتېلېگراف ئاپپاراتى ئەۋەتىپ بەرسە، كادىر ئەۋەتىپ بەرسە.

ئابدۇكېرىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ ئاقساقال بىرئاز ئويلىنىپ: "سىز ئېيتقان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بەك مۇھىم، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە خېلى ياردىمى بار، سىز ئاخىردا ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تەلەپنىڭ ھەممىسى مۇھىم مەسىلىلەر، مەن ئۆز ئالدىمغا جاۋاب بېرەلمەيمەن. مەركىزىي

كومىتېتقا دوكىلات قىلىشقا توغىرا كېلىدۇ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن سىزگە رەسمىي جاۋاب بېرەي" دەيدۇ.

يولداش دوڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ قېتىم زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، دەرھال يەنئەنگە تېلېگرامما يوللايدۇ، تېلېگراممىدا:

"مىللىي قۇرۇلتاي"نىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىلى ئابدۇكېرىم، فامىلىسى ئاببياسوۋ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ، سابىق غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىرى، ئۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شىنجاڭدا بۇلتۇر خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلغانىكەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئازاد رايونلىرىدا ئاشكارا، ئۇرۇمچى ۋە باشقا جايلاردا مەخپىي ئىكەن، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋاستىلىك ئەزا دەپ ھېسابلىغاندا 15 مىڭ ئەزاسى بار ئىكەن" دەپ يېزىلىپ، شۇنىڭ كەينىدىنلا ئابدۇكېرىمنىڭ تەلەپلىرى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

— پارتىيىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان؛

— مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 نەپەر رەھبىرىنىڭ پارتىيىمىزگە قوبۇل قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان؛

— شىنجاڭغا خىزمەتچى ئەۋەتىپ بېرىشىمىز تەلەپ قىلىنغان؛

— نالاقە ئورنىتىش تەلەپ قىلىنغان؛

— پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا ئېنىق يولىيورۇق بېرىشى تەلەپ قىلىنغان.

تېلېگراممىدا يەنە مۇنداق يېزىلغان: مەن ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك جاۋاب بەردىم، ئۇلار:

1. مەركىزىي كومىتېتتىن يولىيورۇق سورايمەن؛

2. ئادەم ئەۋەتەلمەيمىز؛

3. يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ چارىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ باقساق بولىدۇ.

تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىغا: "مۇۋاپىقمۇ، يوق، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى سورايمەن" دەپ يېزىلىپ، مۇنداق ئىمزاھات بېرىلگەن: "ئابدۇكېرىم يولداش لىن جىسلۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن، شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتقان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى بىلىدىكەن."

تېلېگرامما يوللانغان ۋاقىت: 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

يەنئەندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ تېلېگراممىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شۇ كۈنىلا يولداش جۇ ئېنلەي ئۆز قولى بىلەن جاۋاب تېلېگرامما يازغان، ئۇنى يولداش لىيۇ شاۋچى تەستىقلىغان، جاۋاب تېلېگراممىنىڭ بېشىغا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

"تېلېگراممىدىن ۋاقىپ بولدۇق، ئا (ئابدۇكېرىم) يولداشتىن مۇنۇلارنى سوزىۋېلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز: شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى؛ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنىڭ كونكرېت تەشەببۇسى؛ يولداش ئا بىر خىزمەتچىنى بىللە شىنجاڭغا ئاپىرىپ، يەنئەن بىلەن رادىئو ئارقىلىق ئالاقە باغلىيالامدۇ، يوق، ئەگەر بولىدىغان بولسا، بىر يولداشنى ئەۋەتسەك بولىدۇ."

تېلېگراممىدا يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ ئابدۇكېرىمگە تۆۋەندىكى

نۇقتىلارنى جاكارلىشى تەلەپ قىلىنغان .(ئومۇمىي مەزمۇنى)؛

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرىنچى قەدەمدە مەزكۇر تەشكىلات بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدۇ؛

— ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىلىنىڭ ۋەزىپىسى ئالاقىلىشىش ۋە كۆزىتىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ؛

— مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 11 نەپەر رەھبىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى ئالىمىز؛

— خىزمەتچى ئەۋەتىشنى شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە قاتناش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك.

تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى، پارتىيە نىزامنامىسىنى، ليۇ شاۋچىنىڭ دوكلاتىنى ۋە بېسىپ تارقىتىلغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئابدۇكېرىمگە بېرىش تەلەپ قىلىنغان ھەمدە ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى شىنجاڭغا ئاپىرىپ ئۇيغۇرچىغا، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشى ئۈمىد قىلىنغان.

1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچ سائەت ئونلاردا، دۇڭ ئاقساقال ئابدۇكېرىمنى يوشۇرۇنچە مېيىۋەنگە چاقىرتىپ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزىدۇ. دۇڭ ئاقساقال: "سىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىڭىزنى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىڭىزنى مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلدىم. مەركىزىي كومىتېت سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، سىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىڭىزنى ئىخلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە مېنى مۇزاكىرىنىڭ نەتىجىسىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىزگە بەرگەن جاۋابى" دەيدۇ.

دۇڭ ئاقساقال مۇنداق دەيدۇ: "بىرىنچىسى قەدەمدە سىلەرنىڭ
خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىڭىلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتى-
مىز، كېيىن يەنە ئەھۋالغا قاراپ بىرنېمە دېيىشەرمىز. سىلەرنىڭ
پارتىيىڭلار رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ، بارلىق ئىلغار تەشكىلاتلار
ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشى
كېرەك. بىرلەشتۈرۈشكە بولىدىغان تەشكىلاتلارنى مەسلىھەتلىشىپ
بىرلەشتۈرۈڭلار، بۇنداق قىلىش كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ
ئوبدان كۈرەش قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. تەشكىلاتىنىڭ ئىسمىغا
كەلسەك، شىنجاڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋى-
يىسىنى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، كوممۇنىزم،
سوتسىيالىزم بايرىقىنى ۋە شوئارىنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويمىغان
ياخشى. بۇنى ئۆزەڭلار ئويلىشىڭلار، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭغا
ۋەكىل ئەۋەتسە دېگەن تەلەپڭلارنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. ۋەكىلىمىز
بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئالاقىچىلىك ۋە كۆزەتكۈ-
چىلىك رولىنىلا ئويناشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، بۇ مەسىلىنى
كېيىن بېكىتەرمىز، شىنجاڭغا خىزمەتچى ئەۋەتىپ، سىلەرنىڭ خىزمە-
تىڭلارغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىرچە قىيىنچىلىق
بار، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قىس، ئەۋەتىش ھازىرچە
تەس. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالىغا ۋە قاتناش
ئەھۋالىغا قاراپ ئويلىشايلى، سىلەرنىڭ پارتىيىڭلارنىڭ 11 نەپەر
رەھبىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش توغرىسىدىكى
تەلىپىنى قارشى ئالىمىز، كونكرېت رەسمىيەتلەرنى بىزنىڭ ئالاقىچى
ۋەكىلىمىز شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېتتىن
بولىدىغان سوراپ بېكىتىدۇ."

دۇڭ ئاقساقال مۇنداق دەيدۇ: ”شىنجاڭ مۇرەككەپ جاي، ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى بار، دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، جاھانگىرلار بۇ جايغا ھەر ۋاقىت تەلمۈرۈپ تۇرماقتا. سىلەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي-دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇ-رۇپ تاشلىدىڭلار؛ پۈتۈن شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ھەربىي قىسىملىرىنى تارتىپ تۇرۇۋاتىسىلەر؛ جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردىڭلار، سىلەر تازا ياخشى ئىش قىلدىڭلار، ئىنقىلابنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك.“

”شىنجاڭ چېگرا رايون، قاتناش قولايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ھالقىلىق پەيتكە يېتىپ كەلدى، ھازىر كادىر چىقىرىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىشىمىز قىيىن، مۇھىمى ئۆزەڭلارغا تايىنىشىڭلار كېرەك. بۇندىن كېيىن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، قانداق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر بولسا ئۇتتۇ-رىغا قويۇڭلار. قولىمىزدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمىز. كۈرەشتە، تاكتىكىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىتتىپاقلىشىشقا مۇمكىن بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، گومىنداڭ جاھىللىرىدىن، جاھانگىرلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەگىشىپ كەتكەن ئۇنسۇرلاردىن باشقا كىشى-لەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە دىنىنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم دېگەن شوئارلارنى ۋاقتىنچە ئوتتۇرىغا قويماي، كۆپرەك ئىجابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى تەدرىجىي كۆتۈرۈش كېرەك. بۇمۇ تاكتىكا مەسىلىسى.

سلەرنىڭ كۆرىشىڭلارغا ئۈتۈنۈپ تىلەيمەن!"

ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ سۆزلەردىن كۆڭلى يورۇپ، ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، بۇندىن كېيىن ماڭىدىغان يولنى تېخىمۇ ئوچۇق تونۇۋالىدۇ، قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ تەسىرلىنىپ: "سىزنىڭ جاۋابىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، مەن پارتىيىمىزنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىم، بۇندىن كېيىنكى كۈرەش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. سىزنىڭ جاۋابىڭىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا ۋە شىنجاڭ خەلقىغە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سىزنىڭ يوليورۇقىڭىزنى ئەينەن يەتكۈزىمەن، سىزنىڭ يوليورۇقلىرىڭىز بويىچە ئىشلەيمىز" دەيدۇ.

يولداش دۇڭ بىۋۇ يەنە ئابدۇكېرىمنىڭ بىر رادىست بىلەن رادىئوتېلېگراف ئاپپاراتى توغرىسىدىكى تەلىپىگە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈنلەي قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن يولداش پېڭ گوڭەنىنى (كېيىن ئىسمىنى ۋاڭ ئەندىگە ئۆزگەرتكەن) بىر رادىئو ئاپپاراتىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم بىلەن شىنجاڭغا بېرىشىنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئابدۇكېرىم بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلاندى.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار رادىئوتېلېگرامما ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلايدۇ. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، گومىنداڭ تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ

ئەندى رادىئوتېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىملەر بىلەن بىللە غۇلجىغا كەلدى. بۇ چاغدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن كېتىپ قالغان بولۇپ، ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رادىئوتېلېگراف ئاپپاراتى كىچىك بولغانلىقتىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولماي قېلىپ رادىئوتېلېگراف ئاپپاراتى رادىئوپرىيومنىككە ئۆزگەرتىلىپ، ھەر كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى قوبۇل قىلىنىپ، گېزىتكە بېسىلىپ تۇردى.

# بەشىنچى باب
# پانتۈركىستلار بىلەن كۈرەش

ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس تېررىتورىيىسى — شىنجاڭ خېلى بۇرۇنلا دۇنيادىكى جاھانگىرلارنىڭ تالىشىدىغان نىشانى بولۇپ قالغانىدى. سابىق روسىيە، ئا ق ش، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭغا قارىتا جېنىنىڭ بارىچە بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. جاھانگىرلارنىڭ بۇ ھەرىكەتتىكى ئورتاق مەقسىتى مەملىكىتىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىنى پارچىلاپ، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. جاھانگىرلار شىنجاڭنى بېسىۋېلىپ "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى"، "بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى"گە ئوخشاش قورچاق ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل جاسۇسلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، يەرلىك مىللىي مۇناپىقلارنى، پانئىسلامچىلارنى، پانتۈركىستلارنى تەربىيىلەپ ۋە سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ سادىق مالىيى قىلىپ ئىشلىتىش يولىنى تۇتتى. 20-ئەسىر باشلىنىشى بىلەنلا ئا ق ش جاھانگىرلىكى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 1944-يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، ئا ق ش

جاھانگىرلىكى جىياڭ جېيشى گورۇھىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى بېسىقتۇرۇش سۇيىقەستىگە بىۋاستە قاتناشتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئا ق ش جاھانگىرلىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھى بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى باندىتلار باشلىقى ئوسماننى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئا ق ش جاھانگىرلىكى يەنە بىر يېڭى سۇيىقەستنى پىلانلىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقىدىن قورقۇپ چەتكە قېچىپ كەتكەن مەسئۇت، مەتىمىن، ئەيسا قاتارلىق سادىق مالايلىرىنى، پانتۈركىست، بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى 1946-يىلى شىنجاڭغا تاشلىدى.

مەسئۇت ئەسلى ئىلىلىق. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەلۇم بىلىم ئالغان شۇ ۋاقىتنىڭ زىيالىيلىرىدىن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم-مەرىپەت ئۈچۈن خىزمەتمۇ قىلغان. 1939-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن تۈرمىچىدە ئۆلدى.

مەھەممەت ئېمىن توغرىسىدا يۇقىرىدىكى بىر بابتا توختالغاندۇق. مەھەممەت ئىمىن ھەزرىتىم (مەھەممەت ئىمىن بۇغرا) ئاكىسى ئېمىر ھەزرىتىم، ئىنىسى شاھ مەنسۇر بىلەن خوتەندە قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان. كېيىن ئەنگلىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۆپچىلىك ئەمگەكچى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، ئەزگۈچى سىنىپلار، روھانىيلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، "ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىدىغان غازى" بولغىنى ئۈچۈن خەلققە قارشى تەرەپتە تۇردى. 1934-يىلى بىرىنچى قېتىم، 1949-يىلى ئىككىنچى قېتىم ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

ئەيسا بەگ خەنزۇچە ئوقۇپ (ئەسلى ئۈرۈمچى شۆتاڭدا بولسا كېرەك) كېيىن ئەنجاندىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسىدا ئىشلىگەن. ئۇمۇ مىللەتپەرۋەر سىياقىدىكى زىيالىي بولۇپ "مىللەت!" دەپ ئۇزاق ۋاقىت ۋارقىراپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرسى. ئۇ مەتبۇئاتچىلىق بىلەن (كۆپرەك نەنجىڭدا) ھەرىكەت قىلغانىدى.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى — مىللەتپەرۋەرلىك، تۈپ ئىدىيىسى — سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ھەتتا خەلقئارادا (ئاز دېگەندە يېقىن شەرقتە) نام چىقارغان. ئۇلار بۇ ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەر بىلەن جىق ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى پانتۈركىزمنى تەرغىپ قىلىش، "تۈركلەر دۆلىتى" قۇرۇش ئىدى، پانتۈركىزمنىڭ پروگراممىسى — (غەربىي - شەرقىي) تۈركىستاندىكى پۈتكۈل تۈرك تىلى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى (تۈركىيە تۈركلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، بىر پۈتۈن تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ ئەسلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئالداپ كوممۇنىزمغا قارشى ھەرىكىتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان شوئارى ئىدى. مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسالار بۇ شوئارنىڭ جاھانگىرلارنىڭ ئالدامچىلىقى ئىكەنلىكىگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆز يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن غەرىزىدىن يانمىدى. كوممۇنىزمغا قارشى، سوۋېتكە قارشى مەقسەتلىرى تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنى جاھانگىرلارنىڭ چاڭگىلىغا تاشلىدى. ئاخىر كېلىپ، جاڭ جيېشىنىڭ مالىيى بولۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ شىنجاڭدا "چىنى تۈركىستان" قۇرماقچى بولدى. ئامېرىكا، جاڭ جيېشى بولسا،

مۇشۇ قۇرۇق ۋەۋەسكا بىلەن ئۇلارنى بىچارە "كوزىر" قىلىپ ئوينىدى ۋە بۇ "كوزىرى"نى ئەمدى ئۇرۇمچىگە تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش — شىنجاڭ خەلقىنىڭ جىياڭ جىيشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش، شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنى سوۋېتكە قارشى بازىغا ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتىدە پايدىلانماقچى بولدى.

مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسالار شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ قوماندانلىقىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە يەرلىك ئىشپىيونلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سوۋېتكە قارشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ۋە خەلققە قارشى بىر قاتار ئەكسىيەتچى ھەرىكەت ئېلىپ باردى، "دەرنەك" دەپ ئاتالغان تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، كېزىت چىقىرىپ، پىكىرداش كىشىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭچىلار مەسئۇتنى جەنساجاڭ، مەمتىمىننى تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى (كېيىن مۇئاۋىن رەئىسمۇ بولدى)، ئەيسانى ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باش كاتىبى قىلىپ (ئەيسانى كېيىنرەك سەنمىنجۇيى ياشلار تەشكىلاتىغا شۇجى قىلدى) تەيىنلەپ، ئۇلارغا يۇقىرى مەنسەپ ۋە ھوقۇق بېرىپ، بىزگە قوش قىلىپ سالدى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئامېرىكىلىق خوجايىنلىرىنىڭ سوفلىيورلۇقىدا ئېلىپ بارغان پەسكەش ئويۇنىدا شەرمەندە سەلبىي روللارنى ئوينىدى. ئاخىردا يەنە ئۆزلىرى رەسۋا بولدى.

مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسالار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن چىڭگىزخان، پولات قادىر، سالجوق، ئەرتوغرول، سالىس...

قاتارلىق بىر قىسىم مۇرتىلىرىنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرغان، ئەركىنلىك ـ ئازادلىق دېگەن، لېكىن توغرا يولنى تاپالمىغان بىر قىسىم زىيالىي ياشلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈردى. بىز ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت باشلىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مەن، كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق زىيالىي ياشلارنىڭ قارىشىدىمۇ چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. ئۇلار خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق يولى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. مەسئۇتلارنىڭ ئېغىزدا مىللەت دەپ، ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ ئەركىن-لىكىگە قارشى تۇرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا، بولۇپمۇ يەتتە ۋىلايەتتە مىللىي ئازادلىق مەسىلىسىدە ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى بار ئىدى: بىر خىلى، قوراللىق كۈچ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئازادلىقنى قولغا ئېلىش. بۇ پىكىر ئېقىمىغا ئۈچ ۋىلا-يەت ۋەكىللىرى ۋەكىللىك قىلاتتى؛ يەنە بىر خىلى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاڭ جىيېشىغا باش قويۇپ، شۇ يول بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ پىكىر ئېقىمىغا مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسالار ۋەكىللىك قىلاتتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، بىز ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە ئۇلارنىڭ ئىدىيە تەسىرى خېلى تارالغانىدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى پىكىر ئېقىمىنى قوللىغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولدى. باشتا ئەركىن پىكىر قىلالمىغان كىشىلەر

ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئەركىن ئېيتالايدىغان بولغاندا ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، توغرا بىلەن ناتوغرىنىڭ چېگرىسى ئېنىق بولۇپ قالدى.

مەسئۇتلار بىزنى سوۋېتپەرەس ھېسابلايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كۆرە، جاڭ جېيشى مۇستەبىت گورۇھىنىڭ قويىندا ياۋاشلىق بىلەن جىم ياتقان ياخشى ئىمىش. ئۇلارنىڭ "چىنى تۈركىستان"نىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇنداق ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى دۆلەتكە، دۆلەت بىرلىكىگە قارشى ئەمەس، بەلكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ ۋەتەننى سېتىپ، خەلقنى ئېزىۋاتقان، مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىدى. تۈپ مەسىلە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى مەسىلىسى، مىللىي ئەركىنلىك مەسىلىسى ئىدى. ئاشۇ ئازادلىق، ئەركىنلىكنى بوغۇپ، مىللىي زۇلۇمنى يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يېڭىپ، مەقسەتكە يېتىش تامامەن خام خىيال بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتە ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. بىز بۇ مىللىي ئازادلىق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈپ چىقتۇق. چۈنكى، ھاكىمىيەت ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار قولىدا تۇرغان شارائىتتا پەقەت قوراللىق ئىنقىلابى ھەرىكەتلا راست ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغانلىقىنى تارىخىي ئەمەلىيەت ئاللىقاچان ئىسپاتلىغانىدى. سوۋېتپەرەس دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بىز راستىنلا سوۋېتپەرەس ئىدۇق. بىرىنچىدىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت خەلقىغىلا ئەمەس، دۇنيا خەلقىگە ھەقىقىي ئازاد-

لىقىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىردىنبىر سوتسىيالىستىك مەملىكەت ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنى قوللاش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلابنى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىدى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتى دۇنيادىكى ئېزىلگەن ئەللەر ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلاتتى ۋە ھەقىقىي ياردەم قىلاتتى. ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكە-تىنى قوللىشى ۋە ياردەم قىلىشى بۇنىڭ گەۋدىلىك دەلىلى. شۇ قاتاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىمۇ قوللاپ ياردەم قىلدى. شۇڭلاشقا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە غەلىبە قازىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولدى. شۇنداق تۇرسا بىز سوۋېتپەرەس بولماي، ئامېرىكاپەرەس ياكى ئەنگلىيەپەرەس بولالمايتتۇق، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ بىزنى سوۋېتپەرەس دېيىشى بىزگە ئۆچمەن-لىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ بولسا، ئۇلارنىڭ سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

مەسئۇت، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ۋە ئۇلارنىڭ كەينىگە يىغىلغان ناھايىتى ئاز بىر ئوچۇم ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتى ۋە مەنتىقىسى بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي كۈچلەرگە چىش-تىرنىغىچە قارشى ئىدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى

قولغا ئېلىشىدىن، بولۇپمۇ شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسە-
نىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىپ قېلىشىدىن
قاتتىق قورقاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە قارشى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى جان - دىلى
بىلەن ھىمايە قىلاتتى. شىنجاڭدا بولسا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلاتتى، قوللايتتى ۋە ئۇنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كەتمەن چاپاتتى.

بىز بولساق ئۇلارغا دەلمۇدەل قارشى بولۇپ، شىنجاڭ
مەسىلىسى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق مەسىلىسى پەقەت
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولىدۇ،
دەپ قارايتتۇق.

ئۇلار بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئەمەس، جياڭ
جيېشى ھاكىمىيىتىنى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنى قوللىشى-
مىزنى تەلەپ قىلاتتى. بىز بولساق، ئۇلارنىڭ خاھىشىغا قارشى
ھالدا جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىش مەيدانىدا تۇراتتۇق.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
ئۆز ئالدىغا قورچاق "مىللىي قۇرۇلتاي" ئاچتى. بۇ قۇرۇلتايغا
شىنجاڭدىن 18 ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇلغان
ۋەكىللىرىدىن يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ-
لارمۇ بار ئىدى. "مىللىي قۇرۇلتاي" ئېچىلغاندىن كېيىن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى يولداش جۇ ئېنلەي باياناتى
ئېلان قىلىپ، بۇ "مىللىي قۇرۇلتاي"غا قاتناشمايدىغانلىقىنى جاكار-

لىدى، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋلارمۇ بۇ "قۇرۇلتاي"غا دەرھال پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. كېيىنچە ئۆزلىرىنى تېخىمۇ چەتكە تارتىپ ئايرىلاشمىدى. جاڭ جيېشى ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇكېرىمنى چاقىرتىۋېلىپ تەھدىت سالسىمۇ، ئۇلار مەجلىسكە قاتناشماي، بېيجىڭ، تيەنجىنلەرنى ساياھەت قىلدى. بۇ ئىش جياڭ جيېشىنىڭ ۋە جياڭ جيېشىچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. بۇنىڭدىن مەسئۇتلارمۇ ناھايىتى قاتتىق نارازى بولغان. ئۇلار بىزنى بىر ياقتىن گومىنداڭغا — جياڭ جيېشىغا ھۆرمەت قىلمىدىڭلار دېسە، يەنە بىر ياقتىن كوممۇنىستلارغا ئەگەشتىڭلار دېمەكچى بولاتتى. بىزنىڭ ۋەكىللەر خەلقنى باستۇرغۇچىلارغا ئەگەشمەيمىز، بەلكى قارشى تۇرىمىز. خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچىلارنى قوللايمىز دېگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جيېشىچىلارنىڭ ۋە مەسئۇتلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدە بىزگە قىلغان ھۇجۇمىغا جاۋابەن شۇ ۋاقىتتا سۆزلىگەن سۆز ۋە ماقالىلىرىدىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرىنى تەرىپلەپ بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلارنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر سۆزىدە ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى خۇلاسىلاپ: "بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز" دېگەن. بۇ سۆز جاڭ جيېشىچىلارغا، مەسئۇتلارغا قاتتىق رەددىيە بولۇش بىلەن بىللە ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا چوڭ تەربىيە بولغانىدى.

مەسئۇتلار بىزنى تىنچ بولۇش كېرەك، ئىتتىپاق بولۇش كېرەك، دەيتتى. بۇنىڭ گومىنداڭچىلارنىڭ "مېنىڭ دېگىنىمگە بويسۇنۇشۇڭ كېرەك" دېگەن سۆزىدىن پەرقى يوق ئىدى. بىز ئەركىنلىك بولمىسا

ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ، خەلقنى باستۇرۇش بىلەن تىنچلاندۇرغىلى بولمايدۇ، دەيتتۇق. ئۇلار بىزنى ”ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتىسىلەر“، ”ئوت بىلەن ئويناشقاننىڭ قولى كۆيىدۇ“ دەيتتى. بىز مۇنداق ئوت بىلەن قولىمىز ئەمەس، ئۆزىمىز كۆيۈپ كەتسەكمۇ ئويناشقىنىمىز ئويناشقان، دەيتتۇق.

1947 - يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، گومىنداڭ سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قانداقتۇر بىر خاتىرە مەجلىسىگە بىزنىمۇ تەكلىپ قىپتىكەن، بېرىش - بارماسلىقنى ئويلىشىپ، ئاخىر شارائىت ئىتىبارى بىلەن بېرىشقا كېلىشتۇق. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ۋەكالىتەن مەن بېرىپ قاتناشتىم. ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. بىر چاغدا سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى ئەيسا مېنىمۇ سۆزگە تەكلىپ قىلدى. بىز ئەسلىدە پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىككە كېلىشكەچكە، مەن سۆز قىلمايمەن دېدىم. كېيىن مەسئۇت سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، خەلق قىينىلىۋاتىدۇ، قان تۆكۈلۈۋاتىدۇ، بەزى ئادەملەر ئوت بىلەن ئوينىشىپ، قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ، ئوت بىلەن ئوينىشىشقا بولمايدۇ، قول كۆيىدۇ... دەپ ۋەز ئېيتقىلى تۇردى. مۇنداق ئەھۋالدا سۆز قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن سۆز ئالدىم. مەن مەسئۇتنىڭ ھېلىقى سۆزىگە قاتتىق رەددىيە بەردىم. مەن سۆزۈمدە تۆكۈلۈۋاتقان قاننىڭ مىلىتارىستلارنىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىقى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كېلىپ، ”ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ، ئوتتىن قورققان ئىنقىلاب قىلمايدۇ، قولى كۆيۈشتىن قورققان ئادەم ئوتقا يېقىن كېلەلمەيدۇ، بىز ئاتالمىش ئوت بىلەن ئويناشقانلار، يەنە ئوينىشىمىز. بىز خوجا-

يىنىغا يالۋۇرۇپ ئىلتىپات تەلەپ قىلغۇچىلاردىن ئەمەسمىز" دېگەن مەنىدە سۆزلىدىم. ئۇلار ئولتۇرالماي قالدى. بۇ كۈنى مەن سۆزلە-مەيمەن، دەپ تەرجىمان ئالماي بارغان. ئەيسا بەگنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئۇنىمىغانىدى، مەن: "سىلى ساھىبخانا، مەن مېھمان، مېھمانغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك" دېدىم چاقچاق قىلىپ (ئەيسابەگمۇ چاقچاقچى ئادەم بولىدىغان، بىز سىياسىي مۇنازىرىلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۆزئارا چاقچاق قىلىشى-دىغان). ئۇ تەرجىمىگە تۇرۇپ: "مەن بىر قىيىن ۋەزىيەتنى ئادا قىلماقچى بولۇپ قالدىم، ئىلاجىم يوق" دەپ كۈلۈپ، سۆزۈمنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. راستىنلا ئۇنىڭغا قىيىن كەلگەن بولسا كېرەك، ئولتۇرۇپ پېشانە تەرىنى سۈرتۈپ، ماڭا: "ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭنى كاچاتلاش دېگەننىڭ ئۆزى بولدى-دە!" دەپ كۈلدى. مەن بىرئاز ئولتۇرۇپ، مەجلىسنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەي كېتىپ قالدىم.

مەسئۇتلار خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش، دېگەن بۇرژۇئازىچە ئىدىيىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئۇلار مىللەت دەپ مەيدانغا چىققاندىن باشلاپ قىلغان ئىشى مانا مۇشۇ. ئەنجىگدا ئۇيغۇرچە ژۇرنال چىقارغانىدىمۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن چىقارغان. ئۇلار ئەزگۈچىلەرنى ئادىللىققا چاقىراتتى، خەلقنى ياۋاش بولۇپ بىلىم ئېلىشقا چاقىراتتى. لېكىن، ئەركىنلىك، ئازادلىق بولمىسا، ھەقىقىي بىلىم ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يا ئۇلار چۈشەنمەيتتى، ياكى قەستەن شۇنداق قىلاتتى. مەن شۇ ۋاقىتتا مائارىپ نازىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە ئۇلار

بىلەن جىق توقۇنۇشۇپ قالاتتۇق، ئۇلار ماڭا مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ چىقىرىشىمنى ۋە سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقىمنى تەشۋىق قىلاتتى، مەن ئۇلارغا رەددىيە بېرەتتىم.

# بەشنچی قسم
# ییگی کۆرەش دولقۆنی

# بىرىنچى باب
# قەشقەردە خەلق سايلىمى ۋە ئىنقىلابىي ئۆرلەش

ئۈرۈمچىدىكى كۆرەشكە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولمىغان يەتتە ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرىدىمۇ يېڭى كۆرەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بەزى جايلاردا قوراللىق قوزغىلاڭلارمۇ پەيدا بولدى. لېكىن بىز ئۇلارنى بىتىمگە ئاساسەن قانۇنىي كۆرەش قىلىشقا چاقىردۇق. قومۇلدا قوزغالغان ئوناباي ۋە دۆلەتخانلارنىڭ قوراللىق پارتىزان ھەرىكىتىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بېرىپ توختاتتى ۋە تىنچ كۆرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. تۇرپاندا داۋالغۇپ تۇرغان قوراللىق ھەرىكەتنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ پەسەيتتۇق. بىز ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى نامىدىن جايلارغا بەزى ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قانۇنىي كۆرەشنى كۈچەيتىشكە ئۇيۇشتۇردۇق. مۇنداق ئادەملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەنۋەر يۈسۈپ مانا مۇشۇنداقلاردىن بىرى ئىدى. ئەنۋەر يۈسۈپ يەكەنگە بارغاندا يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئۇنى قاماپ دەھشەتلىك ئازابلار بىلەن قىينىدى. ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىنقىلابىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغىلى كەلدى، دەپ ئىقرار قىلدۇرماقچى ئىدى. ئەنۋەر تۈرمىدىكى ۋەھشىيانە قىيناشلارغا قارىماستىن، ئۇلار بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلىپ،

ئاخىر مەردلىك بىلەن قۇربان بولدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللەتارىستلىق باستۇرۇشى كۈچىيىۋاتقاندا ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش تەۋرەپ تۇرغاندا، ئۆلكە بويىچە ناھىيىلەردە سايلام ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك كېڭەش ھەم شىيەنجاڭ سايلانماقچى ئىدى، كېيىن ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسى ئېچىلماقچى ئىدى. ۋالىيلاردا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان، ئابلىز مەخسۇم ئاقسۇ ۋالىيسى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر ۋالىيسى، قاسىمجان قەمبىرى قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. لېكىن بۇلار ناھايىتى ئېغىر بېسىم ۋە خەۋپ ئاستىدا ياشايتتى. ناھىيىلەرنىڭ شەنجاڭلىرى بولسا، تېخىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت پارىخور ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. ئايرىم ناھىيىلەردە ئۇيغۇرلاردىن شىيەنجاڭ بولسىمۇ، ئۇ قورچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ناھىيىلەرنىڭ سايلىمىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، سايلام نازارەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىل قىلىندى، بۇرھان شەھىدى يەكەن ۋىلايىتىگە، مەمتىمىن ھەزرەت خوتەن ۋىلايىتىگە، مەن قەشقەر ۋىلايىتىگە سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ باردۇق.

بىز قەشقەرگە بارغاندا گومىنداڭ ھەربىي مۇلكى ئەمەلدارلىرىنىڭ سوغۇق قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدۇق. خەلق بولسا چەكسىز خۇشاللىق ۋە زور تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدى. ئايرودرومدىن شەھەرگە كىرگۈچە يول چەتلىرىدە تۇرۇپ كەتكەن ئادەملەر ئالقىش سادالىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ قارشى ئالدى. ياش زىيالىيلار بولسا، تېخىمۇ قىزغىن، ھاياجان بىلەن خۇشال قارشى ئالدى. ئۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ياڭ دالياڭ دېگەن بىر گېنېرال بار ئىدى، ئۇ خۇيزۇ

بولۇپ، ئەشەددىي مىلىتارىست ئىكەن، ئۇ بىر ياقتىن خەلقنى ئېزىپ، ئىلغار زىيالىيلارنى قاماپ، يەنە بىر ياقتىن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇپ خەلقنى ئالدايدىكەن. مەن ئۈرۈمچىدىن مېڭىشىمنىڭ ئالدىدا جاڭ جېجۇڭغا: "ياڭ دالياڭ قەشقەردىن كەتمىسە مەن بارمايمەن، بارساممۇ ۋەقە چىقىپ قالسا مەن جاۋابكار ئەمەس" دېگەنىدىم، جاڭ جېجۇڭ ئۇنى چاقىرتىۋېلىشقا ۋەدە بەرگەنىدى. بىز بارغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ، قەشقەردە ھەرىكەت باشلى-مىدىم. ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن جاڭ جېجۇڭدىن ئۇنى ئۈرۈم-چىگە چاقىرتقان تېلېگرامما باردى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇنىڭ بىلەن تازا ئۆچ ئىكەن، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىز تۇرغان مېھمانخانىسىنىڭ نېرىقى ئۆيىدە بىر كۈنى قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقتى، چىقساق، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ناھايىتى خاپا، ئاقساقاللىرى تىترەپ كەتكەن، ھاسا تايە-قىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋارقىراۋېتىپتۇ، ياڭ دالياڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم: "قېرى كالا پىچاقتىن قورق-مايدۇ، قولۇڭدىن كەلگەننى قىل، قامىساڭمۇ، ئۆلتۈرسەڭمۇ مەن ئامىمدىن ئايرىلمايمەن" دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. مەن كىرىپ ئۇ ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇپ سورىسام، گېنېرال ياڭ دالياڭ ئابدۇكېرىمخان مەخ-سۇمغا: "مەن ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە بېرىپ كېلىدىغان بولدۇم، بىر ھەپتىدىلا قايتىپ كېلىمەن، ئويلاپ ئىش قىل، ئەگەر ئىللىقلارنىڭ كەينىگە كىرىپ چاتاق چىقىرىدىغان بولساڭ مەن كېيىن كېلىپ ھېساب ئالىمەن" دەپتىكەن. كېيىن ياڭ دالياڭ ئوڭايسىزلىنىپ، جاڭ جېجۇڭدىن تېلېگرامما كەلگەنلىكىنى ۋە بىر ھەپتىدە قايتىدىغانلىقىنى، ھەربىي ئىشلارغا گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ۋە جاڭ فېيگېيلار مەسئۇل بولۇپ

تۇرىدىغانلىقىنى ماڭىا ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كەپ ھەگكشىپ ئولتۇرمىدىم، ئەتىسى جاۋ شىگۇاڭ بىلەن جاڭ فېڭيىنى چاقىرىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالى، ھەربىي، ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان بېسىمى، ھەربىيلەرنىڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلە ماسلىقى ۋە سايلام ئىشلىرىمىزنى قوللىشى لازىملىقى توغرىسىدا سۆزلەشتىم، ئۇلار ئانچە قاتتىق تۇرمىدى. جاڭ فېڭيىنىڭ پوزىتـ سىيىسى يۇمشاقراق كۆرۈندى. مەن كېلىشتىن ئىلگىرى بىز قەشقەرغە ئادەم ئەۋەتكەندۇق (يولداش خې رۈينىڭ خانىمى ياۋ زىجەنىنى ئەۋەتكەن، ئۇ جاڭ فېڭيىنىڭ خوتۇنى بىلەن تونۇش ئىكەن، ئۇ ئارقىلىق خېلى خىزمەت قىپتىكەن).

بۇ كۈنلەردىكى قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى بەك جىددىي ئىدى، ھەربىيلەر تەھدىت سېلىپ تۇراتتى، ساقچىلار ئادەم قاماشقا جۈرـ ئەت قىلالمىسىمۇ، ئىشپىيونلۇقنى كۈچەيتكەن، ئاممىدا بولسا چوڭ تەۋرىنىش، غۇلغۇلا بار ئىدى. بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن كىم قانداق ھەرىكەت قىلىشنى تېخى بىلەلمەيتتى. بىزگە تۇشمۇتۇشتىن ئادەملەر كېلىپ تۇردى. ئۇلار ھەر خىل كەسكىن ۋە جىددىي تەلەپ، سوئاللارنى قويۇپ تۇردى. مەن بېرىشـ تىن ئىلگىرى ھەربىي، ساقچىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا باش كۆتۈرەلمىگەن ياشلار ئەمدى ئەركىن بولۇپ قالغان، گومىنداڭچىـ لارغا خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەيۋىسى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

بۇرۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىر قىسمى مەسئۇتلار تەرەپدارى بولۇپ، خېلى باش كۆتۈرۈپ قالغانىكەن. ئەمدى ئۇلار سۇنۇپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ رولىنىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە مەسئۇت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئۈچ كىشى كىرىپ مەن

بىلەن سۆھبەتلەشتى. مەن ئۇلارغا بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈردۈم ۋە ئۇلارنىڭ خەلق تەرەپتە تۇرۇشى لازىملىقىنى سۆزلىدىم. ئۇلار بىرمۇنچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۈملىدىن "سىلەر ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسا ئەپەندىملەر بىلەن پەرقىڭلار نېمە" دېگەن سوئالنى قويدى. مەن "ئۇلارمۇ مىللەت دەيدۇ، بىزمۇ مىللەت دەيمىز. پەرقىمىز — ئۇلار شەكىلدىكى مىللىي ئازادلىقنى سۆزلەيدۇ، بىز ھەقىقىي مىللىي ئازادلىقنى كۆزلەيمىز. ئۇلار ژۇرنال چىقىرىپ، ئەزگۈچىلەرگە يېلىنىپ خەلقنى ئازاد قىلماقچى، بىز قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەزگۈچىلەرنى يوقىتىپ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى، پەرقىمىز مۇشۇ" دېدىم. سۆھبەتتە ئۇلار خېلى چۈشەنگەندەك، رازى بولغاندەك قىلدى. كېيىن بۇ ئۈچەيلەن ئايرىم-ئايرىم كېلىپ مەن بىلەن يەنە سۆزلەشتى، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىلىرى بارغانچە ياخشىلىققا مايىل بولۇشقا باشلىدى، مەن ئىلغار ياشلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىنى تەكىتلىدىم.

بۇرھان شەھىدى يەكەنگە، مەتىمىن ھەزرەت خوتەنگە كەتكەندىن كېيىن، بىزمۇ ئىش باشلىدۇق، قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇرەھىم ئىمىن قاتارلىق يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قەشقەردە ئېلىپ بارىدىغان ئىشنىڭ پرىنسىپى، پىلانى ۋە سىياسەتلەر توغرىسىدا كېلىشىۋالدۇق، بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىشتا قاتتىق تۇرۇش، كەڭ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى قەتئىي قوللاش، لېكىن، قوراللىق ھەرىكەتكە يول قويماسلىق (بىتىمگە ئاساسەن ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى)، سايلامنى چوقۇم ياخشى ئۆتكۈزۈش، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇش، گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ بېسىمىغا قارشى

قەتئىي كۆرەش قىلىش ـــ مانا بۇلار بىزنىڭ خىزمەت پرىنسىپلىرىمىز بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەھىرى نوربېشى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ زالىدا ئىلغار زىيالىي ياشلارنىڭ بىر مەجلىسىنى ئۆتكۈزدۇق. بۇ مەجلىستە مەن سۆز قىلدىم، مەجلىس ھەم ھەرىكەتلەندۈرۈش مەجلىسى، ھەم سىياسەت، تاكتىكىغا دىققەت قىلىشنى تەكىتلەش مەجلىسى بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپلا، كۆرەش دولقۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كەتتى، ئىشپىيونلار تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. چۈنكى، ياشلار ئۇلارنى كۆرگەن يەردە ئۇرۇپ قويىدىغان بولدى. ھەربىيلەر ئارىلاشماي قاراپ تۇردى. قەشقەردە ئاۋۋالقىنىڭ تەتۈرىچە بىر خىل جۇشقۇن، ئەركىن، كۆرەشچان كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. «قەشقەر گېزىتى» پۈتۈنلەي يېڭى مەزمۇنغا ئۆزگەردى.

بىز سايلام ھەرىكىتىمىزنى باشلىدۇق. ئاۋۋال سايلامغا تەييارلىق گۇرۇپپىلىرى تەشكىل قىلىپ، ناھىيىلەرگە ئەۋەتتۇق. سايلىنىدىغان شىيەنجاڭلارنىڭ نامزاتلىرىنى بېكىتىۋالدۇق. ئاندىن كېيىن مەن، قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدىلەر بىلەن بىللە ناھىيىلەرگە بېرىپ سايلام ئۆتكۈزدۇق. سايلام ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ناھايىتى جىددىي كۆرەش بولدى. گومىنداڭچىلارمۇ تەييارلىق قىلغان، ئۆزىنىڭ نامزاتلىرىنى تەييارلاپ قويغانىكەن. يەنە ئۇلارنىڭ قولىدا قورالى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەيۋىسى بار ئىدى، لېكىن خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بىز تەرەپتە ئىدى. بىز ناھىيىلەرگە بېرىپ، تەييارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن سايلام ئۆتكۈزەتتۇق، بەزى يەردە گومىنداڭ ھەربىيلىرى سايلام بولىۋاتقان جاينى ئوراپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا گەپ قىلسىڭىز، ئۇ: "بىز سايلامنى

مۇھاپىزەت قىلىمىز، سەي تىڭىجاڭنى (يەنى، مېنى دېمەكچى)
قوغدايمىز" دەيتتى. بۇ سايلام مەجلىسگە سالىغان تەھدىتتىن باشقا
نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولىسىمۇ جىق كۆرەشلەر بىلەن
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيىدىن 11 نىڭ سايلىمىنى مۆلچەر
بويىچە ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزدۇق. پەقەت ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ساي-
لىمىدا يېڭىلىپ قالدۇق. مەجلىستە ئىككى نامزات قويۇلدى، بىرسى،
گومىنداڭچىلارنىڭ نامزاتى، ئۇ ئاۋۋالقى شيەنجاڭ بولۇپ ئەپيۇنكەش،
پارىخور ئەمەلدار ئىكەن، بىرسى بىزنىڭ نامزاتىمىز بولۇپ، مىللىتى
قىرغىز، خەلق ۋەكىلى (نامى يادىمدا يوق) ئىدى. مەجلىس
ئېچىلىپ سايلام باشلانغىلى تۇرغاندا بىرەر يۈزدىن ئارتۇق قوراللىق
ھەربىيلەر سايلىغۇچىلارغا تەھدىت سېلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت
قورۇسىنى ئورىۋالدى، بىز سايلامنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىپ
قالدۇق. ھەربىيلەرنى ئېلىپ كېتىسەن دېدۇق، ئۇلار سايلامنى قوغ-
دايمىز دېگەننى باھانە قىلدى، جېدەللىشىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى،
ئاخىر سايلامنى باشلىدۇق. يوشۇرۇن تاشلانغان بېلەتلەرنى قارا
تاختايغا يېزىپ ھېسابلاشقا كىرىشتۇق، ھەر ئىككى نامزات بېلىتىنىڭ
سانى بەك پەرقلەنمەي كېتىپ باردۇ، بىردەم ئۇنىڭ ئاشىدۇ،
بىردەم بۇنىڭ ئاشىدۇ. ئەمما، ئاخىرىدا كونا شيەنجاڭغا ئىككى بېلەت
ئوشۇق چىقىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ سايلام قائى-
دىسى بويىچە ئېتىراپ قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن شۇنچە تەييارلىق
قىلىپ، يەنە ھېلىقى ئەپيۇنكەش پارىخورنى قايتا شيەنجاڭ قىلىپ
قويۇش — بۇ بىر ئەلەم قىلىدىغان ئىش ئىدى. قارىسام، كۆپچىلىك
خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، گومىنداڭچىلارنىڭ بېشى
كۆتۈرۈلگىلى تۇردى. ئاخىر مەن سۆز قىلىپ: "قوراللىق ھەربىي-

لەر سايلامغا تەھدىت سالدى، بۇ ھەقىقىي سايلام ئەمەس، مەن ئۆلكىلىك سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ سايلامنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن، كېيىن باشقىدىن ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ!“ دېدىم. كۆپچىلىك چاۋاك چالدى، چاۋاك چالمىغانلارمۇ بولدى. بەزىلەر توغرا ئەمەس، دەپ ۋارقىراپمۇ باقتى. بىز مەجلىس تارىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ چىقىپ كەتتۇق. ئىلگىرى ئەۋەتكەن سايلام گۇرۇپپىسى ئۆزىنى تەكشۈردى. لېكىن گەپ ئۇلاردىلا ئەمەس ئىدى. يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە ھەربىيلەر تۇيۇقسىز تەھدىت سالدى، يەنە بەزى ۋەكىللەرنى ئايرىم ئېلىپ كىرىپ قورقۇتقانلىقىمۇ مەلۇم بولدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېڭىلىپ قېلىش تۇرغان گەپ ئىدى. 12 ناھىيىدىن بىر ناھىيىدە مەغلۇپ بولۇش ھېچقانچە گەپمۇ ئەمەس، ئەمما مەن سايلامنى ئىنكار قىلىۋەتتىم. شۇندىن كېيىن، يەنە بىر ئاي تەييارلىق ئېلىپ بېرىلدى. مەن ھەربىي باشلىقلارغا: ”ئەگەر ھەربىي كۈچ بىلەن تەھدىت سېلىنىدىغان بولسا، سايلامنى ئۆتكۈزمەيمىز، ئاقىۋىتىگە سىلەر جاۋابكار!“ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردىم، كېيىن ئابلىز مۇھەممىدى ماڭا ۋەكىل بولۇپ بېرىپ، سايلامنى ئۆتكۈزۈپ كەلدى. بۇدا يېرىمىدىن كۆپ ئاۋاز بىلەن بىزنىڭ كاندىداتىمىز شىيەنجاڭلىققا سايلاندى. شۇنداق قىلىپ بۇ يېڭىلىشنىمۇ غالىبىيەتكە ئايلاندۇردۇق.

بۇ يەردە سايلامغا نازارەت قىلىش جەريانىدا ئۇچراتقان بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتقاچ كېتەي.

تاشقورغان پارتىزانلىرى توغرىسىدا. بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشقورغان پارتىزانلىرىمۇ قورالىق

ھەرىكەتنى توختاتقانىدى. مەن بېرىشنىڭ ئالدىدا قەشقەردىكى
ھەربىي دائىرىلەر ئۇلارنى تۇتۇپ باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈ-
ۋېتىپتىكەن. مەن بېرىپ ئۇلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ،
پارتىزانلارغا تەگمەسلىك، بەلكى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىش
لازىملىقىنى ئېيتتىم. ئەگەردە ئۇلار يەنە قوراللىق ھەرىكەت قىلسا،
بىتىمگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، تىنىچ تۇرسا، ئۇلارنى باستۇرسا
بۇمۇ بىتىمگە قارشىلىق بولىدۇ، دېگەن نەرسىنى تەكىتلىدىم. شۇنىڭ
بىلەن بىللە تاشقورغانغا ئادەم ئەۋەتتۇق، كېيىن شىرىنبېك، زۇلال
قاتارلىق يولداشلارنى چاقىرتىۋېلىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇلار
بىلەن قوراللارنى يوشۇرۇپ قويۇش، قانۇنلۇق كۆرەش قىلىش،
بەزى مەسئۇل ئادەملەر، مەسىلەن، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ
باشلىقلىرى ۋە ئاتاقلىق قەھرىمانلار ئېھتىيات بولۇپ چەتتىرەك
تۇرۇش توغرىسىدا كېڭەشتۇق. گومىنداڭچىلار بولسا تاشقورغان
پارتىزانلىرىدىن قاتتىق قورققانىدى. بۇ پارتىزانلار ئەگەر ئەسلى
پىلانى بويىچە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلسا، پۈتۈن قەشقەر، بەلكى
پۈتۈن جەنۇب قوزغىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن بىتىم بولۇپ
قالغانىدى. ئەمدى پارتىزانلار قوراللىق ھەرىكەتنى توختاتقان
بولسىمۇ، گومىنداڭ قوراللىرىنى تولۇق يىغىۋالمىغان، ئۇلار پارتى-
زانلارنى ھامان پارتلايدىغان بىر مىلتىق دورىسى دەپ ھېسابلايتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تېگى-تەكتىدىن يوقاتماقچى بولاتتى.
مەن بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى قوغداپ قالدۇق. بەزى قامالغان-
لارنىمۇ چىقاردۇق. بىراق، بىتىم بۇزۇلۇپ بىز ئۈچ ۋىلايەتكە
قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى تاشقورغان
پارتىزانلىرىنى باستۇرۇشقا يەنە ئالاھىدە كىرىشىپ، پارتىزانلارنىڭ

باشلىقلىرى ۋە ئادەتتىكى پارتىزانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قاماپ ئۆلتۈردى. ھەتتا بىرمۇنچىلىرىنى تىرىك كۆمدى. تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بولدى. ئۇلار چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ قىلغان كۈرەشلىرىنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

قەشقەردىكى ئاممىۋى ئىلغار پائالىيەتلەر:

بىز قەشقەردە سايلام ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە ئىلغار زىيالىي ياشلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچۈق سىياسىي كۈرەش قىلغاندىن باشقا، يوشۇرۇن تەشكىلىي ھەرىكەتلەرنىمۇ جىق قىلدى. قەشقەر شەھىرىدە، پەيزىۋاتتا، ئاتۇشتا كەينى-كەينىدىن ياشلارنىڭ تەشكىلاتلىرى پەيدا بولدى. تەشكىلات قۇرۇشلا ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا قوراللىق قوزغىلىشقا تەييارلاندى. بىز ئۇلارغا تەشكىلات قۇرماسلىق، بولۇپمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدۇق. شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈن بىرنى توختاتساق، ئەتە بىرسى پەيدا بولاتتى. قەشقەر شەھىرىدىكى "قارلىغاچ تەشكىلاتى"، ئاتۇشتىكى "ئازادلىق تەشكىلاتى"، پەيزىۋاتتىكى "ئەركىنلىك تەشكىلاتى" ۋە يەنە باشقا تەشكىلاتلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىققانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاشۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى توسقاندا ئىچىم ئېچىشاتتى. مۇنداق ھەرىكەتلەر لازىم تېپىلغاندا قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولىدىغان قىممەتلىك ئىلغار ھەرىكەت ئىدى. ئاشۇنداق جۇشقۇن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش، بىسىش كىشىگە بەك ئېغىر كېلىدىغان، ئەلەم قىلىدىغان ئىش ئىدى. ماھىيەتتىن ئالغاندا بۇ بىر چوڭ خاتالىق ئىدى. ئۇ تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى مەن بىلەن

سۆزلەشكەندە ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە قايىل قالاتتىم. بەزىلىرىنىڭ دەللىلىك سۆزلىرىگە گەپ تاپالمايمۇ قالاتتىم. سەن ئۆزەڭ ئىنقىلابچىمەن دەپ تۇرۇپ ئىنقىلابچىلارنى توسساڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ. مېنىڭ بىرلا دەيدىغىنىم "بىز بىتىمگە خىلاپلىق قىلمايلى، قاراپ باقايلى، غەيرىتىڭلارنى بوشاشتۇرماڭلار، لېكىن ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، كېرەك بولغاندا بىز سىلەرگە ئېيتىمىز" دەپ ئۇلارنى قايىل قىلاتتىم. ئۇلار چىن دىلىدىن قايىل بولمىسىمۇ، بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئۇنىغانىدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا، قەشقەر خەلقىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بىزمۇ قاتنىشىپ قوزغىلاڭ قىلغان بولساق، تاشقوۋغان پارتىزانلىرى، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇمۇ ئاران تۇرغان بىر شارائىتتا، ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قوراللىق خەلق ئىنقىلابىي دولقۇنى مەيدانغا كېلىشى چوقۇم ئىدى. لېكىن ئىلاجىڭ قانچە؟ شارائىت ئۇنىڭغا يول بەرمەيتتى. مەن ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا تېلېگرامما بېرىپ، قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا بىرنەچچە "ئوچاقلار"نى ساقلاپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدىم، ئۇلار قوشۇلمىدى.

بۇ مەزگىللەردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ھەرىكىتىدە قەشقەر رايونىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئوقۇتقۇچىلار زىيالىيلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساننى ئىگەللەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىر ياقتىن ئۆزلۈكىدىن ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي ئازادلىق، ئىنقىلاب توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە باشلىغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. گومىنداڭ زۇلمىغا قارشى تەشۋىقاتتا ئۇلار

ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر رايونى بويىچە مىللىي مائارىپتا پات ئارىدا يېڭى بىر جۇشقۇن كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. مەن قەيەرگە بارسام شۇ يەردىكى مەكتەپلەرگە كىرەتتىم، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتىم. بۇ مېنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپەم بولغاندىن تاشقىرى، مائارىپ نازىرلىقى سۈپىتىم بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىم ۋەزىپەم ئىدى. مۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرەشچان روھىنى كۆرۈپ بەك تەسىرلىنەتتىم.

مائارىپ خادىملىرىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە قەشقەردە بىر مائارىپچىلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، بۇ يىغىن مائارىپ ساھەسىدىكى ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىنغان مەجلىس بولۇش بىلەن بىللە، مائارىپ خادىملىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە داۋاملىق تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىشى توغرىسىدا پىكىرلەر كۆپ چۈشكەن سورۇنمۇ بولدى. كېيىن مەجلىس ئاخىرىدا ماڭا قەشقەر مائارىپچىلىرى نامىدىن "مائارىپ ئۇستازى" دەپ يېزىلغان بىر ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلىندى.

بۇ قېتىمقى مەجلىستىن مەن ناھايىتى بەك تەسىرلەندىم. مائارىپچىلارنىڭ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيلەش قىزغىنلىقىغا كۆرەشچان ئىنقىلابىي روھ قوشۇلسا، ھەقىقەتەن چوڭ كۈچكە ئايلىنىدىكەن. ماڭا تەقدىم قىلىغان مېدال مېنىڭ ئۆزەمگىلا بولغان ھۆرمەت مەسلىسى ئەمەس، بەلكى قەشقەر مائارىپچىلىرىنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن قەشقەردىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان تەقدىر ۋە ئېھتىرامىدىن ئىبارەت ئىدى. مەن "مائارىپ ئۇستازى" دېگەن نامغا لايىق

ئەمەس ئىدىم، مائارىپ ساھەسىدە ئاز ـ تولا ئىش قىلغان بولساممۇ، بۇ ئۇنچىۋالا تەقدىرلەشكە ئەرزىمەيتتى. بۇ شەرەپلىك نام ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كادىرلىرىغا مەنسۇپ! مەن بۇ مېدالنى قەشقەر مائارىپچىلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان ئالىي ھۆرمەت سوۋغىسى دەپ قوبۇل قىلدىم (ماڭا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بەرگەن مېدال، ئوردېنلاردىن باشقا، ئالتاي، چۆچەك خەلقى نامىدىن بېرىلگەن مېداللارمۇ بار ئىدى، ئۇ مېدال- لارنىڭمۇ ئەھمىيىتىنى ئەنە شۇنداق دەپ تونۇيتتۇم). لېكىن، ئەپسۇسكى قەشقەر ۋىلايىتىدە مائارىپ ساھەسىدە پەيدا بولغان بۇ جۇشقۇن ئىنقىلاب يالقۇنى بىتىم بۇزۇلۇپ بىز غۇلجىغا كەتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، گومىنداڭچى جاللاتلار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋې- تىلدى. خەلق ۋە خەلق ئەركىنلىكىنى كۆزلىگەن نۇرغۇن ئىنقىلابىي زىيالىيلار دۈشمەن زىندانلىرىغا تاشلاندى.

# ئىككىنچى باب
# يەكەن ۋە خوتەنگە سەپەر

شۇ كۈنلەردە مەن يەكەن ۋە خوتەنلەردىكى ئىنقىلابىي ياشلار نامىدىن مېنى شۇ جايلارغا تەكلىپ قىلىپ يېزىلغان بىرمۇنچە خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. مېنىڭ ئىشىم قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە قايتىشقا ئالدىرايتتىم. بىراق قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە سايلام ئىشىنىڭ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى، بۇرھان شەھىدى بىلەن مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ قىستىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇرھان شەھىدىمۇ مېنىڭ يەكەنگە كېلىشىمنى تەكلىپ قىلىپ بىر خەت يازدى. ئۇندىن باشقا، خوتەن ياشلىرى ئالاھىدە ئۈچ ۋەكىل ئەۋەتىپ مېنىڭ خوتەنگە بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مۇنداق ئەھۋالدا بارماي بولمايدى. لېكىن، گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى خېلى جىق توسۇپ باقتى، ئاخىرقى تاپقان چارىسى ماڭا بېنزىن بەرمەيدىغان بولدى (ئۇ ۋاقىتتا بېنزىن ھەربىيلەرنىڭ قولىدا ئىدى). كېيىن قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن بېنزىن سوراپ، گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن مېڭىپ كەتتىم. ئۇلار بىز ھەربىي مۇھاپىزەتچى قوشىمىز، دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئۇلار: "جاڭ جىجۇڭدىن بىزگە سەي تىڭجاڭنى قەتئىي قوغداڭلار دېگەن بۇيرۇق بار" دېدى.

مەن: "قوغداشنى قويۇپ، كاشىلا قىلمىساڭلارلا بولىدى" دېدىم. دېمىسمۇ ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قوغداش ئەمەس، مېنى مۇھاسىرە قىلىۋېلىپ، خەلق بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئىكەنلىكىنى باشتىلا بىلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەربىلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭغاندا بىزگىمۇ بىر تارتقۇلۇق بولىدىكەن. قەشقەردە ناھىيىلەرگە بارغاندا بەزىدە 10 ـ 15، يىراقراق ناھىيىگە بارغاندا 20 ـ 30 ئەسكەر بىللە بارغانىدى. ئۇلار بىز بارغان يەرلەردە ئىشىك ـ دەرۋازىلاردا توغرا تۇرۇۋېلىپ "قوغداش مەسئۇلىيىتى" بىلەن خەلقنى كىرگۈزمىسىگەندىن تاشقىرى (بىزگۇ ئۇلارغا قاراپ تۇرمايمىز) ئاۋارىچىلىق سېلىپ، بىردەم بىرى يوق بولۇپ كېتەتتى، بىردەم بىرى مىلتىقىنى يوقىتىپ قوياتتى، بىردەم بىرسى يولدا ئۇخلاپ قېلىپ ئۇنى تاپالماي ئاۋارە بولاتتۇق، يەنە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە بىز ئۇلارنى قوغداشقا، بېقىشقا توغرا كەلگەنىدى.

مەن ئۇلارنىڭ ئەسكىرىنى ئالماي يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتىم، ئىككى مۇھاپىزەتچى، بىر كاتىپ، بىر شوپۇر بىللە باردى، خالاس. مەن قەيەرگە بارسام خەلق قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. قەشقەردىن چىقىپ ئاخشىمى يېڭىسارغا باردۇق، شەھەر ئىچىدە كېتىپ بارساق "توختا!" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاڭغۇچە ئوڭ تەرىپىمىزدىن بىر پاي ئوق ئېتىلىپ بىز ئولتۇرغان پىكاپنىڭ ئەينىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن قارىساق، ئۇ ئوق يولنىڭ بېرىقى چېتىدىكى بىر دۇكاننىڭ تاختايلىق تېمىدىن ئۆتۈپ نېرىقى تامغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆيدە ئەر ـ خوتۇن 5 ـ 6 بالا ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئەگەر ئۇلار ياتمىغان بولسا چوقۇم ئادەم ئۆلەتتىكەن. بىزنىڭ بالىلار

بېرىپ ھېلىقى ئوق ئاتقان ئەسكەرنى تۇتۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ، "بىزنى باشلاپ تۇەنبۇغا ئاپار" دېدۇق (بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ يېڭىساردا بىر تۇەن ئەسكىرى بار ئىدى). ھېلىقى ئەسكەرنى ماشىنىنىڭ ئىشكىنىڭ يېنىدا ئۆرە توختىتىپ قويۇپ، "ئەسكەر ئۇچرىسا ئۆزەڭنىڭ پارولىنى ئېيتىسەن" دېدۇق. ئۇلارنىڭ تۇەنبۇسى تەرەپكە كېتىۋاتساق، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە تامنىڭ ئالدىدا ئېڭىشىپ مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ 40 ـ 50 ئەسكەر بىز تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىزنى باشلىغان ئەسكەر خەنزۇچە بىرنېمىلەرنى دەپ پارولىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز تۇەنبۇنىڭ ھويلىسىغا كىرسەك، تۇەنجاڭ ھودۇقۇپ ھويلىدا ئۇ ياندىن بۇ يانغا مېڭىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ مېنى تونۇغاندىن كېيىن ھە دەپ تازىم قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەسكىرىنىڭ بىزگە ئوق چىقارغانلىقىنى ئېيتىپ نارازىلىق بىلدۈرگەنىدىم، ئۇ ئەسكىرىنى "ئامادى، پالان ـ پۇستان" دەپ تىللاپ، قاماشقا بۇيرۇدى ۋە ماڭا ئۆزرە قويدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان مۇغەمبەرلىكىمۇ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭدىن جىقراق تەلەپ قويۇشۇمغىمۇ بولمايتتى.

چوڭ يولغا چىقساق بىرەر يۈزگە يېقىن ئادەم بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلار بىز چۈشىدىغان يەردە ساقلاپ تۇرغان، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەندىشە قىلىپ چىققانىكەن. بىز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا چۈشمەكچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتساق، زىيا ـ لىيسمان بىر يىگىت ئۇ يەرگە چۈشۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، باشقا بىر يەردە جاي تەييارلاپ قويغانلىقىنى، بىزنىڭ چوقۇم شۇ يەرگە

چۈشۈشىمىزنى تەلەپ قىلدى ۋە بىر جايغا باشلاپ ئاپاردى. قارىساق، ئەينەكلىك ئۆيلىرى بار خېلى كېلىشكەن، يېپيېڭى ھويلا ئىكەن، بۇ ئەيسابەگنىڭ ھويلىسى بولۇپ، شۇ تاپتا ئەيسا بەگنىڭ ئىنىسى ئابدۇكېرىمبەگمۇ بار ئىكەن. ھويلىغا ئادەم تولۇپ كېتىپتۇ، دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، ئۆگزىلەردە كالتەكلىك ئادەملەرمۇ جىقلا تۇرۇشۇپتۇ. يۈز-كۆزىمىزنى يۇيۇپ ئولتۇرغۇچە تەييار تاماق كەلتۈرۈلدى. مەن بىر ياقتىن تەسىرلەندىم، بىر ياقتىن ھەيران قالدىم. بىزنىڭ يېڭىسارغا كېلىشىمىزنى بۇلار نەدىن بىلگەندۇ؟ كېيىن مەلۇم بولدىكى، قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابلىز مۇھەممەدى ئالدىمىزدىن ئادەم چاپتۇرغانىكەن. تاماق يەپ بولۇپ ياتتۇق، بۇ چوڭراق بىر ئۆيكەن، ئوتتۇرىسىدا بىزنى ياتقۇزۇپ، ئىككى يېنىمىزدا كالتەك، پىچاق تۇتقان ئادەملەر مۇھاپىزەت قىلىپ ئولتۇردى. پېشايۋاندا كالتەكلىك مۇھاپىزەتچىلەر قاتار تۇرۇشتى. مەن ئۆيدىكى ئادەملەرنى ئولتۇرماي يېتىشقا كۆندۈردۈم. ئۇلار ئۇخلىدىمۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن، تۈن يېرىمى بولغاندا، مەن قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندىم، قارىسام، ئۆيلەرنىڭ تام تۈرۈسلىرى غاراسلاپ، ئىشىك-دەرىزىلەر جالاقلاپ كېتىۋاتىدۇ. ھويلىدىكى ۋە ئۆگزىدىكى ئادەملەر ۋارقىرىشىپ، جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلار دۈشمەن بېسىپ كىردى دەپ چۆچۈشۈپتۇ. مەنمۇ بىر بالا بولدى دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۇقساق، قاتتىق يەر تەۋرىگەن ئىكەن. ئاڭغۇچە بىز تالاغا قېچىپ چىقتۇق. بىردەمدىن كېيىن يەر تەۋرەش توختىدى. ھويلىدىكى ئادەملەر ئاللىقاچان پىچاق، چوماقلىرىنى ئېلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشقانىكەن. يوغان گەۋدىلىك، قارا ساقال، قارا بۇرۇتلۇق كەلگەن ئىككى ئادەم بىلەكتەك ئىككى پىچاقىنى تۇتۇپ،

يەڭلىرىنى شۇمىدەكلەپ تۇرۇپتىكەن، "غەيرىتىڭلار چوڭ ئىكەن!" دېدىم مەن ئۇ ئىككىسىگە زوقۇم كېلىپ. "بۇلار يېڭىسارنىڭ ئاتاقلىق گاڭگۇڭلىرى، بوش كەلمەيدۇ" دېدى ئابدۇكېرىمبەگ. ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق. خەلقنىڭ ئۆزلۈكىدىن چىقىپ بىزنى مۇنداق پىداكارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشى مېنى بەك تەسىرلەندۈردى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ، ئۇلار ئارقىلىق يېڭىسار خەلقىنىڭ ماڭا ئەمەس، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان ھۆرمىتى بىلدۈرەتتى.

يەكەنگە بارغاندا سېپىل دەرۋازىسىدا بىرنەچچە ئەسكەر بىزنىڭ ماشىنىمىزنى توسقان بولسىمۇ، سىگنال بېرىپ توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋەردۇق. ئۇلار ۋارقىرىشىپ قالدى. ئاڭغۇچە ئىسمائىل ئاخۇن دېگەن (بۇرھان شەھىدى مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئىكەن) ئادەم بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ بىزنى ئېلىپ كەتتى. يەكەندە ئۇزاق تۇرمىدۇق. بۇرھان شەھىدى سايلام ئىشىنى تۈگەتىپتۇ، سايلام بەزى ناھىيىلەردە ياخشى ئۆتۈپتۇ، بەزى ناھىيىلەردە گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ تەھدىتى بىلەن ئۇتۇقسىز ئۆتۈپتۇ. يەكەن ۋىلايىتى بويىچە بەلكى پۈتۈن جەنۇب بويىچە قالىخورلۇقتا نامى چىققان جۇ فاڭگاڭ دېگەن ئادەم يەكەننىڭ ۋالىيسى ئىدى. بۇرھان شەھىدى بارغۇچە ئۇ پۈتۈن قارشى تورلىرىنى يېيىپ تەييارلاپ بوپتىكەن. بۇرھان شەھىدى بىر ياقتىن ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا يۆلىنىپ، بىر ياقتىن جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق كۈرەش قىپتۇ، شۇڭا، ۋەزىيەتتە خېلى ئۆزگىرىش بوپتۇ. لېكىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن ھەيۋە قىلىشى ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ قاماپ قورقۇتۇشى نەتىجىسىدە

ۋەزىيەتتە ئالاھىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولالماپتۇ. ئەمدى ئۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش قىلىش ئۈچۈن ئۇزاقراق تۇرۇپ، بۇرھان شەھىدىگە ياردەملىشىپ، جىقراق ئىش قىلىشقا، خېلى جىق كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭغا ۋاقتىمۇ يار بەرمەيتتى. بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، بەزىبىر ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن خوتەنگە قاراپ مېڭىپ كەتتىم.

قاغىلىقتا بارغاندا شەھەرنىڭ بىرىسىدىكى كۆۋرۈكتە گومىنداڭنىڭ ئىككى ئەسكىرى بىزنى توستى. مېنىڭ كانۋوييۇم مەھەممەت ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ، يول بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەسكەر ئۇنى تىللاپ قويدى، مەھەممەت بىر ئەسكەرنىڭ بويىنىغا بىرنى ئۇرغاندى، ئۇ ئۆستەڭگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. مەھەممەت يەنە بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھەربىيلەرنىڭ شىبۇسىغا ئېلىپ باردۇق. شاڭ شىجاڭ دېگەن بىر ھەربىي ئادەم بار ئىكەن، ئۇمۇ بىزگە ئۆزرە قويۇپ، بۇ ئىككى ئەسكەرنى قاماشقا بۇيرۇدى، مەن: "ئۇلارنى قامىمىغىن، ئۇلاردا گۇناھ يوق" دېدىم. ئۇمۇ بەربىر قامىمايتتى.

ئاخشىمى شاڭ شىجاڭ زىياپەتكە قىچقاردى، خېلى چوڭ مېھمان قىلغان بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى، ئۆزىنى ماختاپ بىرمۇنچە سۆز قىلدى. ئەتىسى "شىئەن ۋەقەسىنى خاتىرىلەش" كۈنىكەن. ھەر يىلى گومىنداڭچىلار جاڭ جيېشىنىڭ قەھرىمانلىق ۋەقەسى دەپ بۇ كۈننى خاتىرىلەيدىكەن. شۇ زىياپەتتە مېنى ئاشۇ مەجلىسكە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، شۇ ئارقىلىق مەجلىسنىڭ تىنچ ئۆتۈشى ئۈچۈن مېنىڭ بىرئاز ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ بىرەر ھەرىكىتى بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى

پەملىدىم. شاڭ شىجاڭ ماختانغان بىلەن مۇزنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك
ئارانلا يۈرىدىكەن. ئىلگىرى تاشقۇرغانلىق پارتىزانلار بۇ يەرگە بىر
قاتار كېلىپ كەتكەچكە، قاغىلىق خەلقى، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار
قاتتىق تەۋرەپ تۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بارغان كۈنى
ئۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن كوچىغا چىقىپ كەتتى. ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئالدى ۋە ھويلىسىدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى.
بۇ ئەھۋال ئۇ شىجاڭنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك،
قايتا - قايتا مېنىڭ مەجلىسكە قاتنىشىپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى.
مەن ئۇنىڭغا: "سەن قورقما، خەلق قورقۇنچلۇق ئەمەس، خەلققە
قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق" دېدىم. ئەتىسى مەجلىس
بولدى، قاغىلىقنىڭ كونا كۇلۇبى، ئادەمگە لىق تولۇپتۇ، شاڭ شىجاڭ
مېنى كۇلۇبنىڭ ئالدىدا قارشى ئېلىپ، كۇلۇبقا ئەكىردى، مەجلىسكە
قاتناشقان كۆپچىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قىزغىن قارشى ئالدى.
ئالدىدا بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر ئولتۇرۇپتۇ. مېنى سەھنىگە باشلاپ
چىقتى، شىجاڭ ئۆزى مەجلىسنى ئاچتى، ئۇ ھەممەيلەننى ئورنىدىن
تۇرۇپ سەنمىنجۇيى، دېگەن دۆلەت مارشىنى ئوقۇشقا تەكلىپ
قىلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنداق قىلىش ئادەت ئىدى. شىجاڭ ناھايىتى
غەيرەت بىلەن قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دىرىژورلۇق قىلىپ،
سەنمىنجۇيىنى ئېيتىشقا باشلىدى. زالدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدىكىلەر
ئورنىدىن قوپۇپ، كەلسە - كەلمەس ۋارقىراپ قويۇپ، ئارقىغا
قارىغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. زالدىكى كۆپچىلىك مىللىيلار
شېئىرنى ئېيتىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئورنىدىنمۇ قوپمىدى. مەنمۇ
سەھنىدىكى ئولتۇرغان ئورنۇمدىن تۇرمىدىم، لېكىن شاڭ شىجاڭ
توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغان بولسا كېرەك، بارغانچە

ۋارقىراپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ناخشىدا چولتىراقكەن، ۋارقىرىغانچە ئاۋازى قىيىپ سەت چىققىلى تۇردى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ۋارقىرا-ۋەردى. قاتتىق ۋارقىراپ ئاۋازى پۈتۈپ قالاي، دېدى ۋە تەرلەپ كەتتى. زالدا پىخىلدىغان كۈلكە باشلاندى. دېمىسمۇ، بۇ بىر تازا كۈلكىلىك تىياتىرغا ئوخشاپ كەتتى. نېمە بولسا بولسۇن، ئاخىر ئۇ شېئىرنى تۈگەتتى. ئۇ كۆرۈنۈشىدە سەنمىنجۇيىغا، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاتىسى جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا قەتئىي سادىقلىقىنى كۆرسەتكەن مەغرۇر قەھرىمانغا ئوخشايتتى. ئۇ تۇرۇلگەن قاپاقلىرى، كېرىلگەن مەيدىسى بىلەن گويا ئۆزىنىڭ ساداقەتلىكىنى نامايىش قىلغاندەك قىلاتتى ۋە بۇ مەسخىرىلىك ئويۇننى پەدازلاشقا ئۇرۇناتتى. كېيىن ئۇ سۆز قىلدى، سۆزىدە "شىئەن ۋەقەسى"دە "خائىنلار"نىڭ دۆلەت ئاتىسىغا قەست قىلغانلىقى، دۆلەت ئاتىسى ئۇلۇغ جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغانلىقى، "خائىنلار" تۇتقىلى كىرگەندە جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ: "مەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاتىسى، ئۆيدىن چىقىش!" دەپ ۋارقىرىغانلىقى، ئۇنىڭ سۇرىدىن تۇتقىلى كىرگەنلەر تىترەپ، تازىم قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھەم ۋېيىۋەنجاڭنىڭ يەنە باشقا "قەھرىمانلىقلىرى" توغرىسىدا ئاغزىدىن كۆپۈك چىققۇچە ۋارقىراپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتى ۋە قىلغان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىدىن ئالغاندا بۇمۇ بىر كۈلكىلىك ئويۇن بولدى. مەجلىستىن كېيىن بىز ئىلغار ياشلار بىلەن بىر سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق، يۇرت مۇتىۋەرلىرى بىلەن بىر سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق، شۇنداق قىلىپ قاغىلىقتا ئىككى كۈن تۇرۇپ، خوتەنگە يۈرۈپ كەتتۇق.

خوتەنگە بېرىپ تا شەھەرگە كىرگۈچە يوللارغا بىزنى قارشى

ئالغىلى چىققان ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە ئادەملەر تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ ئالدىدا، كەينىدە مېڭىشاتتى، بۇنى كۆرۈپ بىزمۇ ئاستا ماڭدۇق. خوتەن شەھىرىگە يېقىنلاشقانچە ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. شەھەر-دىن بىرى تۆت-بەش كىلومېترغا سوزۇلغان قارشى ئالغۇچىلارنىڭ كەيپىياتلىرى ناھايىتى ئۇستۇن، بەزىلىرىنىڭ خۇشاللىقتا كۆزلىرىدىن ياش ئاققان، سەللىلىك ئادەملەر ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، كۆپچىلىك "ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قارشى ئالىمىز!"، "11 بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز!" دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلايدۇ.

شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، قاتار تىزىلغان ئەسكەرلەر ئارىسىدىن ئۆتتۇق، ۋالىي خا دۇڭباڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى نۇربەك)، ھەربىي باشلىق ليۇزىخۇي (ليۇ يىجاڭ) بىلەن يەنە بىر قىسىم ئەمەلدارلار قارشى ئالدى. ئەسكەرلەرنىڭ چىققىشى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ۋالىي مەھكىمە-سىنىڭ ھويلىسىغا كىرىش بىلەنلا دەرۋازىدىن تارتىپ ھويلىنىڭ ئەتراپلىرى پۈتۈن ئەسكەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مەمتىمىن ھەزرەت دەرۋازىنىڭ ئىچىدە كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن، كۆرۈشتۇق. مەن ليۇ زىخۇيغا: "ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەمتىمىن تىنىچلىقنى ئوبدان قوغداۋاتقان ئوخشايسىلەر" دەپ ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىپ كۈلدۈم، ليۇ يىجاڭ: "بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز" دېدى. مەمتىمىن ھەزرەت بەك خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇ ليۇ يىجاڭغا: "سىزنىڭ ۋەزىپەڭ مېنى قوغداش ئەمەس، مېنى قاماش" دېدى. ليۇ يىجاڭ: "مەن قامىسام ئاللىقاچان قامايتتىم" دېگەندە، مەمتىمىن ھەزرەت: "قولۇڭدىن كەلسە قاما، قېنى كۆرۈپ باقاي" دەپ تېرىكتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قارىمۇ

قارشلىق ئاشۇنداق دەرىجىگە يەتكەنىكەن. مەن لىۇ يىجاڭغا: "بىر مەتتىمىن تىگجاڭنى، بىر سەيپىدىن تىگجاڭنى قاماشقىغۇ بولار، لېكىن پۈتۈن خوتەن خەلقىنى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى قاماپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ" دېدىم. لىۇ يىجاڭ قىزىرىپ، تاتىرىپ: "ھە، ھە شۇنداق، شۇنداق" دەپ ھېجايدى. خا دۇڭباڭ: "ئۆيگە كىرىپ دەم ئاللى، ھېرىپ كېلىشلە..." دەپ ئۆزىچە ئىشنى باسماقچى بولدى. خوتەنگە بېرىش بىلەنلا ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىشىمىز ئەنە ئاشۇنداق بولدى.

لېكىن بىز بېرىش بىلەن تەگلا يېڭى روھ، يېڭى كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. بۇغىنقىپ تۇرغان ئادەملەر كوچىغا چىقىپ كەتتى. يېزىدىن شەھەرگە كەلگەنلەرمۇ كۆپەيدى. ياش زىيالىيلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. كىشىلەر قورال كۈچىدىن، تەھدىتتىن قورقىدىغان-دەك ئەمەس، ھە دېسىلا كۆتۈرۈلىدىغاندەك، بىر سەرەڭگە ياقسىلا پارتلايدىغاندەك قىلاتتى.

خوتەندە بىر ھەپتىدىن ئوشۇقراق تۇردۇق. ئەھۋال بەك جىددىي بولدى. مەتتىمىن ھەزرەت بارغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن بېسىم ئىشلىتىپتۇ. ئۇ ئېغىر كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. خەلققە، ياش زىيالىيلارغا تايىنىپ بىرقانچە ناھىيىنىڭ سايلىمىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سايلاملارنىڭ بەزىسى ئۇتۇقلۇق، بەزىسى ئۇتۇقسىز ئۆتۈپتۇ. ئۇ بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئىستىبداتلىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئەركىنلىك توغرىسىدا خېلى جىق تەشۋىقاتلارنى قىپتۇ. خىزمىتىدە نەتىجە يوق ئەمەس. لېكىن، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكىتى ئۇلغايغانسېرى گومىنداڭ ھەربىي-

لىرى ئۇلى چەكلەپ، ئاخىر ھەرىكەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بىز بارساق ئاساسىي زىددىيەت خوتەن — ئىلچى ناھىيىسىنىڭ شيەنجاڭلىقى ئۇستىگە مەركەزلەشكەنىكەن. گومىنداڭچىلار ئاۋۋالقى خەنزۇ شيەنجاڭنى سايلىماقچى، كۆپچىلىك ئابدۇقادىر ھەسەننى سايلىماقچى ئىكەن، مەتتىمىن ھەزرەت ئابدۇ-قادىر ھەسەننى سايلاشتا قاتتىق تۇرۇپتۇ، كۈرەش مۇشۇنداق تىغمۇ تىغ بوپتۇ. مەن بېرىپ مەتتىمىن ھەزرەت بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا سىياسىي قاراشتا ۋە مەيداندا خېلى جىق ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. گومىنداڭچىلارغا، ليۇزىخۇيغا شۇن-چىلىك قاتتىق قارشى بولۇپ كېتىپتىكەن، ھېلىقى تىز چۆكۈپ ئەركىنلىك ئېلىش، دېگەن گەپلەر يارىماس گەپلەر ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ قاپتۇ. ئۇ نارازىلىقىنى ئېيتىپ جاڭ جېجۇڭغا تېلېگرامما بەرگەنىكەن، جاڭ جېجۇڭ ھەربىيلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قايتىپ كېلىڭ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ جاڭ جېجۇڭغا ۋەزىپەمنى ئادا قىلمىغۇچە خوتەندىن كەتمەيمەن، دەپ جاۋاب تېلېگرامما بېرىپتۇ. كېيىن بىز ليۇزىخۇي، خا دۇڭباڭلارنى چاقىرىپ سۆزلەشتۇق. مەتتىمىن ھەزرەت قاتتىق نارازىلىق بىلەن غەزەپ-لىنىپ سۆزلىدى. ليۇزىخۇيغا دوق قىلىپ: "بېشىم كەتسە كەتسۇن، مەن خەلقنىڭ تەلىپىنى ھەل قىلماي خوتەندىن كەتمەيمەن، قولۇڭ-دىن كەلسە مېنى ئات!" دەپ ۋارقىرىدى. ليۇزىخۇيمۇ خېلى چىچاڭشىپ باقتى. كېيىن مەن ليۇزىخۇينىڭ، خا دۇڭباڭلارنىڭ مۇنداق قىلىقلىرىنىڭ خاتالىقىنى، ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ خاھىشى بويىچە مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىملىقىنى ۋە مەتتىمىن ھەزرەتكە ھەربىي بېسىم ئىشلىتىشنىڭ خاتالىقىنى ئېيتتىم. ئۇ، ئۇ

دەپ، بۇ دەپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى يورغىلىتىپ باقتى، مەن قاتتىقراق ئېيتىپ: ”خەلقنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ، خەلق بىلەن ئوينىششقا بولمايدۇ، كېيىن بارمىقىڭنى چىشلەپ قالىسەن“ دېگەندىن كېيىن، ئۇ پەسەيدى. ئاخىر سايلامنى ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق. كېڭەش ۋەكىللىرىنىڭ ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، ئەركىن، يوشۇرۇن سايلام ئۆتكۈزۈش پرىنسىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنكى سايلامغا مەن قاتناشمىدىم. لېكىن، مەتمىسىن هەزرەت مەجلىستىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قىياپىتىگە قاراپلا سايلامنىڭ ئۇتۇقلۇق ئۆتكەنلىكىنى سەزدىم. ئابدۇقادىر هەسەن شىيەنجاڭلىققا سايلىنىپتۇ. خەلق خۇشاللىقىدىن چۇقان سېلىپ، شەھەرنى بېشىغا كۆتۈردى. گومىنداڭچىلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر شىيەنجاڭنىڭ سايلىمى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە چوڭ كۈرەشنىڭ ئەمەلىيىتى ئىدى. سايلامنىڭ ئۇتۇقى بىلەن خەلقنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىز ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. بىر ياقتىن تەشۋىق ئېلىپ باردۇق، يەنە بىر ياقتىن تىنچلىق بىلەن كۈرەش قىلدۇق. بىرمۇنچە ئىلغار ياشلارنى تىنجىتىشمۇ ئاسان بولدى. قارىقاش ياشلىرىنى ئاساس قىلغان بىرنەچچە يۈز ئىلغار ياشنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشى بەك قەتئىي ئىدى، ئۇلارنىڭ قويۇپ بەرسە هازىرلا قوزغىلاڭ قىلىدىغان ئەلپازى بار ئىدى. بىز بىتىمنىڭ روھى دەپ ئۇلارغا يەنە خىزمەت ئىشلىدۇق. ئۇلارمۇ بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىدى. ئابدۇقادىر هەسەن، ئابلىز قارىي، يەنە بىرقانچە نەپەر ئالدىنقى قاتاردىكى ياشلار ئۇلارغا باشچىلىق قىلدى (مۇشۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمىنى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭ-

چىلار قاماپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ساق قالغانلىرى ئازادلىق-
تىن كېيىن بوشاپ چىقتى. 1950 - يىلى مەن خوتەنگە بارسام،
ئۇلارنى مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ ئادەملىرى دەپ يەنە قاماپ قويۇپتۇ.
مەن خوتەن يەرلىك پارتكومغا ئەھۋالنى ئېيتىپ: ئۇ ياشلار
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. شۇ ۋاقىتتا
مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇمۇ خاتا بولمىغان.
چۈنكى مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ خوتەندە تۇرغاندا قىلغان ئىشلىرى
توغرا بولغانىدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن چىڭ تۇرۇپ
كۈرەش قىلغانىدى، دەپ ئۇلارنى تۈرمىدىن بوشاتقانىدۇق).

ئىلغار زىيالىيلار بىلەن، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن، يۇرت مۆتى-
ۋەرلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلەر ئۆتكۈزگەندىن باشقا،
خوتەندىكى كۇلۇب زالىدا بىر چوڭ مەجلىس ئۆتكۈزۈلدى. بىز
بارساق كۇلۇبنىڭ ئەتراپىنى ھەربىيلەر ئورىۋالغاندىن تاشقىرى،
ئىچىگىمۇ بىرقانچە پىلىموتلۇق ئەسكەرلەر ئورۇنلىشىپتۇ. بۇنىڭغا
مەجلىسكە كەلگەنلەر قارشىلىق قىلدى ۋە مۇنداق ھەيۋە ئاستىدا
مەجلىس ئاچمايمىز، دېدى. كېيىن بىز كۆپچىلىككە: "ئۇلار بىزنى
قوغدىماقچى، مەجلىسىمىزگە كاپالەتلىك قىلماقچى، ياخشى ئەمەسمۇ،
مەجلىسىمىزنى ئېچىۋېرەيلى" دېدۇق.

مەجلىس ئېچىلدى، مەجلىستە سۆزگە چىققان بىرقانچە ۋەكىللەر
ناھايىتى غەزەپلىنىپ سۆز قىلدى. ئاخىر مەتتىمىن ھەزرەت،
ئاندىن كېيىن مەن سۆزلىدىم. مەجلىس بەك روھلۇق، جۇشقۇن
مەجلىس بولدى. ئىلغار زىيالىيلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەش ئىرادىسى بەك
ئۈستۈن بولۇپ، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي

روھى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. مەجلىستىن چىقساق كۆلۈبىنىڭ ئالدىغا، ھويلىغا ئادەملەر تولۇپ كېتىپتۇ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ خەلقنى ئورىۋالغان، ھالەت جىددىي كۆرۈنەتتى. لېكىن بىز ئەسكەرلەرگە پەرۋا قىلمىدۇق، خەلق بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامانلىشىپ قايتتۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا، گومىنداڭ دائىرىلىرى بۈگۈن ئۆزلىرىگە قارشى چوڭ ۋەقە چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەربىي ھالەت قىلغان بولسا كېرەك. شۇ كۈنى كەچتە ليۇزىخۇي كەلگەندە، مەن: "ساڭا رەھمەت، مەجلىسنى ياخشى ئاچتۇق، سەن ئوبدان قوغدىدىڭ" دېگەنىدىم، ئۇ بىر ئاز ھودۇققاندەك قىلىپ: "شۇنداق، سىزنى قوغداش توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭدىن تېلېگرامما بار" دېدى. مەن: "قوغدىغىنىڭىزغۇ ياخشى، بىراق قوغداش نامى بىلەن خەلقنى قورقۇتۇش ياخشى ئىش ئەمەس، خەلقنى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگەن ئادەمنى چەكلىسە، چەكلىگۈچى ئۆزى زىيان تارتىپ قالىدۇ" دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، خوتەندىكى ئىشنى تۈگىتىپ قايتىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق ئىش قىلىشقا شارائىت يول بەرمەيتتى. مەن ئايرىم يولغا چىقىدىغان بولدۇم. ئەتە ماڭىمىز دەپ تۇرغان كۈنى قارىقاشتىكى ياشلار بىر ئىشەنچلىك خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ: گومىنداڭچىلار خوتەندىن چىققاندىن كېيىن يولدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا پارتلاتقۇ كۆمۈپ، بىزنى يوقاتماقچى بوپتىمىش، بىز ئەتىسى ماڭمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. زىخۇي، ۋالىيلار خەلق بىلەن بىزنى ئۇزاتماقچى بولغانىدى، شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەيلا يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ يول بىلەن ئەمەس، قارىقاش بىلەن ئايلىنىپ ماڭدۇق. ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابلىز قارىيلارغا، ئالدىراش

ۋەزىپە بىلەن كېتىپ قالدى دەپ خەلىققە چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تاپشۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، يەكەن، خوتەندىكى ئىشلىرىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ، 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم.

ئەمدى ئۈرۈمچىگە قايتىش كېرەك ئىدى، لېكىن قايتىش ئاسان بولمىدى. ئاۋۋال بىز ماشىنا بىلەن قايتىشقا تەييارلاندۇق. كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋدىن "ماشىنا بىلەن يولغا چىقماي كۈتۈپ تۇرۇڭ" دەپ تېلېگراما كەپتۇ. كېيىن ئۈرۈمچىدىن خادىۋاڭ (قازاق، ئۈرۈمچى ۋالىيسى، گومىنداڭ تەرەپدارى) مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئىككى ئادەم ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ئاخبارات ئالدۇق. ئۇلارغا قارشى پايلاش ئىشىنى ئابدۇرەھىم ئىمىنگە تاپشۇردۇق، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم چەبدەس پايلاقچىلىرى بار ئىدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزەتتۇق. كېيىن بۇ ئىككى ئادەم ئاقسۇغا كېلىپ توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئاندىن ئۈرۈمچىدىن: "ئاقسۇدا مەسىلە بار، يولغا چىقماڭ" دەپ تېلېگراما كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇكېرىم ئابباسوۋدىن: "ئايىم قاتتىق ئاغرىپ قالدى، دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىمىز، دەيدۇ، لېكىن سىز بولمىسىڭىز ئوپېراتسىيە قىلمايدىكەن، چاپسان قايتىڭ، لېكىن ئايروپىلان بارمىغۇچە يولغا چىقماڭ" دەپ تېلېگراما كەلدى. بۇ خەۋەر ماڭا تازا قاتتىق تەگدى. مەن بولمىسام ئوپېراتسىيە قىلمايدىغان بولسا، بۇ تازا جىددىي ئاغرىق بولسا كېرەك، دەپ بەك ئەندىشە قىلدىم ۋە ئەندىشە بىلەن ئۇيقۇمۇ قاچتى. ئايروپىلان قاچان كېلىدۇ، نەدىن كېلىدۇ؟ دەپ كۈتىمىز. ئاڭغۇچە جاڭ جىجوڭدىن "مەتىمىن بىلەن ئىككىڭلارغا ئايروپىلان

باردۇ“ دېگەن تېلگراممىا كەلدى، كېيىن ئايروپىلانمۇ كەلدى، ئىككى كىچىك ئايروپىلان كەپتۇ. ئەمما مېڭىشتىن خەۋەر يوق. سوراساق، ئايروپىلانلارنى رېمونت قىلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. رېمونتتىن كېيىن سىناق قىلىمىز، دېدى. سىناق قىلىپ ئۇچۇپ باقسا بولماي يەنە رېمونت قىپتۇ. مانا بۈگۈن، مانا ئەتە دەپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئاندىن ماڭىمىز، دېدى، ئايرودرومغا چىقتۇق (ئۇ ۋاقىتتا ئايرودروم يېڭىشەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر جايدا ئىدى). يول ئۈستىدە ئۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىتىپ تۇرۇپتۇ، ئايرودرومدىمۇ ئادەم ئاز ئەمەسكەن. دېگەندەك، كىچىك ئىككى ئايروپىلان تۇرۇپتۇ. قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئىككى ئايروپىلاننىڭ بىرسى ياخشىراق، يېڭىراق، بىرسى كونىراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇچقۇچىلار كېلىپ بىزگە پاراشۇت كىيگۈزدى ھەم كېرەك بولغاندا پاراشۇتنى قانداق ئېچىشنى ئۆگەتتى. بىر خالتىدا يەيدىغان نەرسە ئالغاندىن باشقا ھېچ نەرسە ئالغىلى بولمايدىكەن، مەتىمىن ھەزرەتنى ھېلىقى يېڭى ئايروپىلانغا، مېنى كونا ئايروپىلانغا تەكلىپ قىلدى. مەن ئايروپىلان ئالدىغا بارغاندا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇرەھىم ئىمىن ۋە ئابلەق ئاكام باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىمنى توسۇپ ئايروپىلانغا چىققىلى قويمىدى. بۇلارنىڭ بىر غەرىزى بار، ئايروپىلانغا چىقىشقا بولمايدۇ، ياخشى ئايروپىلان كەلمىسە قەشقەردە يېتىڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئايىم ئۇنداق خەتەرلىك ئاغرىقتا تۇرسا، مېنىڭ بۇنداق يېتىۋېرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچىدىمۇ كۆرەش جىددىي بولۇۋاتاتتى. كېيىن مەن ئۇلارغا: ”قورقماڭلار، ئۇچقۇچىمۇ جان كېرەك، ھېچ گەپ يوق“ دەپ، ئۇلارنىڭ توسۇپ تۇرغانلىرىغا ئۇنىماستىن ئايروپىلانغا

چىقتىم. كىچىككىنە، ئىككى كىشىلىك ئايروپىلان ئىكەن، ئالدىدا ئۇچقۇچى، كەينىدە مەن پاراشۇت بىلەن ئورۇندۇقتا ئارانلا سىغىپ ئولتۇردۇم. ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى، خېلى ئوبدان ئۇچتى، ئۇچقۇچى ماڭا: "ئەگەر پاراشۇت بىلەن چۈشۈشكە توغرا كەلسە مەن بېشىمنى بۇراپ سىزگە قاراپ قويىمەن، ئايروپىلاننىڭ ئەينە-كىنى ئېچىپ تەييارلىنىسىز، ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرگەندە سەكرەيسىز" دەپ ئېيتىپ قويغانىدى. قەشقەردىن ئەندىشە بىلەن ئۇچۇپ، مارال-بېشىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، ئايروپىلان پەسلىگىلى تۇردى. ئەمما، ئۇچقۇچى ئارقىسىغىمۇ قارىمىدى، قولىنىمۇ كۆتۈرمىدى، ئايروپىلان ئايرودرومغا قوندى. ئۇچقۇچى ئايروپىلاندىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېيتىپ، بۈگۈن مۇشۇ جايدا قونايلى، رېمونت قىلمىسام بولمايدۇ، دېدى. بۇ ئۇچقۇچى ئەسلىدە شېڭ شىسەي ۋاقتىدا غۇلجىدا ئېچىلغان ئۇچقۇچىلار تەييارلاش مەكتىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، سوۋېتنىڭ تەسىرى ئۆتكەنىكەن، ئىدىيىسى خېلى ئىلغار، گومىنداڭنى تىللاپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايروپىلان ئامېرىكا ئايروپىلانى بولۇپ، 12 يىلدىن بېرى رېمونت قىلىنمىغانىكەن. مارالبېشىدا قونۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

مارالبېشىغا چۈشكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى، تالاغا چىقسام يول بېرىدۇ، لېكىن، خەلقنى يېنىمغا كىرگۈزمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىغا كىرگەن ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتۈم، بازارغىمۇ چىقىپ ئايلىنىپ كىردىم.

ئەتىسى بىز ئۇچتۇق، مەن يەنە ئاقسۇغا چۈشۈپ ھايال بولۇش-تىن ئەنسىرىگەندىم، ياخشى، ئۇچۇپ كەتتى. بۈگۈردىن ئۆتۈپ،

كورلىغا يېقىن كەلگەندە بىر ـ ئىككى مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان بىراقلا پەسلەپ كەتتى. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىمۇ يوقاپ كەتتى. ئەنسىرەپ ئولتۇرسام، ئۇچقۇچى كەينىگە قاراپ قويدى، مەن تەييارلاندىم، ئەمدى ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈشىگىلا تەلمۈرۈپ ئولتۇردۇم ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئايروپىلاننىڭ ئەينىكىنى ئېچىپ قويۇپ، پاراشۇتنىڭ تارتىدىغان ھالقىسىنى تۇتۇپ تەييارلاندىم، قارىسام، ئايروپىلان يەرگە 500 مېتىر قالغۇدەك پەسلىدى. تاشيول كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەتراپ چۆللۈك، بىرەر يۇرت باردەكمۇ قىلمايتتى. باشقا ئىلاج بولمىسا بەربىر سەكرەش كېرەك ئىدى. مېنىڭ ئەس ـ يادىم پاراشۇت ئېچىش بىلەن بولۇپ بىرنېمە قىلىپ ھايات قالسام كېيىنكىسى بىر گەپ بولار، دەپ ئويلايتتىم. يېنىمدا ئېسىقلىق خالتىدىكى نەرسىلەرنى مۆلچەرلىسەم ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك. ئاخىر بىر يەرگە بارارمەن ياكى ئادەملەر ئىزدەپ كېلەر، ئىشقىلىپ باشقا كەلگەندە باتۇر بولىدىغان گەپ دەپ بىر ياقتىن ئەندىشە قىلىپ، بىر ياقتىن ئۆزەمگە ئۆزەم غەيرەت بېرىپ ئولتۇرىمەن. ئۇچقۇچى بىر قولىدا رولنى تۇتۇپ، ئېڭىشىپ، بىر قولى بىلەن بىرنېمىلەرنى تۈزىتىۋاتاتتى. مەن ئۇ قاچان قولىنى كۆتۈرەر، دەپ قاراپلا تۇرىمەن ۋە پات ـ پات يەرگە قاراپ ـ قاراپ قويىمەن. بىر ۋاقىتتا ئايروپىلان گۈر قىلىپ ئوت ئېلىپ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇچقۇچى بېشىنى بۇراپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بالا ـ قازادىن ساق قالدۇق، دەپ خاتىرجەم بولدۇم. ئايروپىلان كورلىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاراشەھەرگە بېرىپ چۈشتى. ئۇچقۇچى ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئوڭدىسىچە ياتتى. قارىسام، چىرايلىرى سارغىيىپ

كېتىپتۇ، قولۇمنىڭ بىر يەرلىرى قاناپ كېتىپتۇ، قاتتىق قېنالغان ئوخشايدۇ. مەن قاراشەھەرگە كىرىپ دەم ئالماقچى بولدۇم. ئۇ، ئايروپىلاننى يەنە رېمونت قىلىمەن، ئەتە قاراپ باقىمىز، دېدى. ئەتىسى تېلېفون كەپتۇ، ئۇچقىلى بولىدۇ، دېدى. ئەتىگەن سائەت توققۇزدا كۆتۈرۈلدۇق. مەتتىمىن ھەزرەتنىڭ ئايروپىلانى قەشقەردىن كۆتۈرۈلگەنچە توختىماي قاراشەھەرگە كېلىپ چۈشۈپ، بىزنى كۈتۈپتۇ. ئاۋۋال بىزنىڭ ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى، يەنە بىر ئايروپىلان توقسۇن، تۇرپان بىلەن ئايلىنىپ پەسرەك ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ بولاتتى، بېنزىن يەتمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئازراق ئۇچۇپ باغراش كۆلى ئۈستىگە كەلگەندىن كېيىن ئايروپىلان توپتوغرا شىمالغا قاراپ بۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كۆتۈرۈلۈپ-كۆتۈرۈلۈپ 5300 مېترگە چىقتى. مېنىڭ يۈرىكىم ئازىراق سىقىلغاندەك بولدى، كىسلاروتمۇ يېتىشمەيتتى، شۇنداقتىمۇ كۆپ قىينالمىدىم. تاغدىن ئۆتتۇق. ياش ۋاقىتلار، سالامەتلىكىم ياخشى ئىدى. تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئايروپىلان تۆۋەنگە قاراپ پەسلىدى، ئۇچۇشى تۈزۈكتەك بىلىنەتتى. بىر ۋاقىتتا پەسلەپ 3000 مېترگە چۈشكەندە ئايروپىلان ئىككى قانىتىنى لەپەڭشىتىپ تاسقىغىلى تۇردى. بىراق، ئۇچقۇچى خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىمۇ جايىدا ئىدى. نېمە گەپ دەپ ئۇچقۇچىدىن سورىسام، ئوڭ تەرىپىمىزدە تۆۋەنرەكتە بىر تاغنىڭ قاپتىلىدا يەنە بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتىۋېتىپتىكەن، بىزنىڭ ئۇچقۇچى ئۇ ئۇچقۇچىغا بەلگە بېرىپ سول تەرەپكە بۇرال دېگىنى ئىكەن. بۇ بەلگىسىمۇ تۈگىمەي كەتتى، ئايروپىلان ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلايدۇ، بىر ۋاقىتتا توختاپ تىنچ ئۇچتى. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. كەلسەك ئەخمەت-

جان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببىاسوۋ باشلىق يولداشلار ئايرودرومغا چىقتانىدكەن، ئۇ ۋاقىتتىكى ئايرودروم شەھەر ئىچىدە، ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كىچىك ئايرودروم ئىدى. ئايروپىلان توختاپ مەن چۈشكىچىلىك ئابدۇكېرىم ئاببىاسوۋ ئايرو-پىلانغا چىقىپ، مېنى قاتتىق قۇچاقلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. "سالامەت كەلدىڭىز، سالامەت كەلدىڭىز، بەك ياخشى بولدى" دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. يەنە باشقا يولداشلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ شەھەرگە ماڭدۇق. ئابدۇكېرىم ئاببىاسوۋ بىلەن ئىككىمىز بىر ماشىنىدا ئولتۇردۇق. ئولتۇرۇپلا: "ئايىم قانداق؟" دەپ سورىسام، ئابدۇكې-رىم: "ھېچ گەپ يوق" دېدى-دە، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. مەن ھەيران قالدىم. ئۇ: "ئۆيگە بارغاندا كۆرىسىز، ئايىم سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ" دېدى. ئالدىراپ ئۆيگە كىرسەم ئايىم كارىۋاتتا ياتىدۇ، كۈلۈپ كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولغانىدى، ئابدۇكېرىم تالاغا قاراپ: "چۈشمەڭ!" دەپ، ئۇنى كارىۋاتتىن چۈشۈرمىدى. ئايىم بىلەن ئابدۇكېرىم كۈلۈشىدۇ، مەن ھېچ ئىشنى ئۇقماي قالدىم. ئىشقىلىپ، ئايىمنىڭ ياخشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم، زادى نېمە گەپ دېسەم، ئۇلار قەشقەرگە ئايروپىلان ئەۋەتكۈزۈپ مېنى چاپسانراق ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر ئويۇن ئويىنىغانىكەن. چۈنكى، ئايروپىلان ئەۋەتىش ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپ ئاسانلىقچە رازى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئايىمنى قاتتىق ئاغرىپ قالغان قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت دوختۇرخانىسى بار ئىدى، ئۇنىڭدا پرالوۋ دېگەن بىر باش دوختۇر بولىدىغان، شۇ كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىشنىڭ تېگىنى پەملىگەن بولسا كېرەك، "خەتەرلىك ئاغرىق، چاپسان

ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، لېكىن ئېرى قول قويمىسا ۋە ئۈستىدە تۇرمىسا مەن ئوپېراتسىيە قىلمايمەن" دەپتۇ ۋە شۇنداق دەپ يېزىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم باش كاتىپ لىيۇ مېڭچۇنگە مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش جاڭ جىجۇڭغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەخمەت ئەپەندىمگە تېلېفون بېرىپ سورىغانىكەن، ئەخمەت ئەپەندىم: "شۇنداق، ئەھۋال ئېغىر، سەيپىدىن چاپسان قايتمىسا بولمايدۇ" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ قەشقەرگە ئايروپىلان ئەۋەتىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئايروپىلان ئەۋەتىش بىلەن تەڭ جاڭ جىجۇڭ ئالاھىدە لىيۇ مېڭچۇننى ئەۋەتىپ ئايىمدىن ھال سوراپتۇ. لىيۇ مېڭچۇنمۇ: "ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاغرىقى خېلى ئېغىر تۇرىدۇ" دەپ دوكلات قىپتۇ. ئايىممۇ ئاغرىقنى خېلى ئۇخشاتقان بولسا كېرەك. قىسقىسى، ئۇلار ماڭا ئايروپىلان ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. ماشىنا بىلەن خەتەردىن قاچىمەن دەپ ئايروپىلاندا پالاكەتكە ئۇچرىغىلى تاس قالدىم. قەشقەردىن چىققان ئايروپىلان ئۈچىنچى كۈنى تېخى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلەلمەيۋاتقىنىغا قاراپ بىزنىڭ يولداشلار قاتتىق ئەنسىرەپتۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ مېنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىشىمۇ مۇشۇنىڭدىن بولغانىكەن.

مەن ئامان قالدىم، ئەمدى ئايىمنى تۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى. يەنە ھېلىقى پرالوۋ دېگەن دوختۇر قايتا-قايتا قاراپ، ئايىمنىڭ ئاتالمىش ئاغرىقىنى ئوپېراتسىيە قىلماي داۋالىسىمۇ بولىدۇ، دېدى. ۋە بىرنەچچە كۈندە بىر كېلىپ داۋالاش خېلى ئۈنۈم بەردى، دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئايىم داۋاملىق "داۋالاندى"، كېيىن "ياخشى بولۇپ كەتتى".

جەنۇبقا قىلغان سەپەر جەريانى مانا مۇشۇنداق بولدى.

مېنىڭ جەنۇبنى ئايلىنىپ ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە ئالغان تەسىراتىم: پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى كۆرەش دولقۇنى باشلىنىپ كەتكەنىدى. خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى غەزەپ-نەپرىتىدىن شۇنداق دەھشەتلىك بىر دولقۇن پەيدا بولدىكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى كۆردى ۋە بەك قورقۇپ كەتتى. مۇشۇ بىر-ئىككى ئاي ئىچىدىكى كارامەت جۇشقۇنلۇق ئىنقىلابىي دولقۇنغا يەنە ئاقسۇ، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەردىكى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي غەيرىتىنى قوشقاندا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سەرەڭگىنى ياقسىلا پارتلايدىغان چوڭ بىر ۋولقان ھازىرلانغانىدى. لېكىن سەرەڭگىنى يېقىشقا بولمايتتى. تەتۈرىچە توسۇشقا توغرا كەلدى. بىز بىتىمنى گومىنداڭ بۇزسا بۇزسۇن، بىز بۇزۇپ قويمايلى، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايلى، دەپ جىق غەيرەت قىلدۇق، بىراق ئاخىردا بىتىمنى يەنە گومىنداڭچىلار بۇزدى. ئۆزىگە ئۆزى قىلدى.

# ئالتىنچى قىسىم
# گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستلىق
# ھەرىكىتى ۋە بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشى

# بىرىنچى باب

# ھەرخىل ئىغۋاگەرلىك ۋە 25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى

بۇ بىر مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە كۆتۈرۈلگەن چوڭ دول-
قۇنلۇق ھەرىكەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى بەك چۆچۈتۈۋەتتى.
بولۇپمۇ جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا
بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ جاڭ جىجۇڭغا قويغان بىر
قاتار قەتئىي تەلەپلىرى، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر
شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ تەلەپلىرى ھەقىقەتەن چۆچۈ-
گۈدەك قاتتىق بولدى. جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەت ئەپەندىلەر قەشقەرگە
بارغاندىن كېيىن چوڭ مەيداندا قارشى ئېلىش ئاممىۋى يىغىنى
بولدى، يىغىندا بىرقانچە خەلق ۋەكىللىرى سۆزگە چىقىپ، جاڭ
جىجۇڭغا گومىنداڭچىلارنىڭ بىتىمنى بۇزۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭغا يول
قويۇلمايدىغانلىقى، بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى توغرى-
سىدا تەلەپ قويۇپ، سوئال سوراپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ جاۋاب
بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ جىق سۆزلىدى، جاۋاب
بەرگەنمۇ بولدى. لېكىن، خەلقنى قانائەتلەندۈرەلمەي، ئاخىر
ھېرىپ، ئاۋازىمۇ چىقمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، مەجلىستىن
چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار خوتەنگە بارغاندىمۇ
خەلقنىڭ چوڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى كۆردى. قايتىپ قەشقەرگە

كەلگەندە، تېخىمۇ ئېغىر مەسىلە كۆرۈلدى. قەشقەرنىڭ ئىنقىلابىي زىيالىي ياشلىرى جاڭ جىجۇڭ تۇرغان ۋالىي مەھكىمىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ قېتىممۇ كىشلەرنىڭ تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇ بەك ئۇزاق سۆزلەپ، ھالىدىن كېتىدىغان دەرىجىگە باردى. لېكىن، خەلق ئۇنى قويۇپ بەرمەي تۈن يېرىمىغىچە تۇتتى. ئاخىر تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا يېڭىشەھەردىكى كورپۇس كوماندىرى جاۋ شىگۇاڭ كېلىپ، ئارقا ئىشىك بىلەن جاڭ جىجۇڭنى يېڭىشەھەرگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ھەمسەپەرلىرىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇپلا، ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ، 1947-يىلى ماي ئېيىدا بولغان ۋەقە.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپلا سۇڭ شىليەن باشلىق بىر قىسىم ھەربىي باشلىقلار خەلققە قارشى ھەرىكەتنى باشلىغانىدى. لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى توسۇپ تۇرغانىدى. جاڭ جىجۇڭ قەشقەردىن قايتقاندىن كېيىن بۇرۇنقى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارنىڭ باستۇرۇش پىلانلىرىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئىغۋا تارقىتىش ۋە باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى.

1947-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ گومىنداڭچىلار بىتىمنى بۇزۇش ئۈچۈن خەلققە قارشى، ئىنقىلابقا قارشى تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئەكسىيەتچىلىك ۋە قىرغىنچىلىقنى ئېلىپ بارغانىدى:

1. باندىت ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ 2. ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ۋە ئىنقىلابىي ئىلغار كۈچلەرگە تەھدىت سېلىپ

بىسىم ئىشلەتتى؛ 3. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە چوڭ تۇتقۇن ئېلىپ باردى؛ 4. مەسئۇتنى رەئىس قىلىپ خەلقنىڭ شىللىسىغا دەسسەتتى.
5. تۇرپاندا ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى.

1. باندىت ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالتايدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتكە قوشۇلماي تاغقا چىقىۋالغانىدى. شۇندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، بولۇپمۇ 1947 ـ يىلغا كەلگەندە، نۇرغۇن تەدبىرلەر بىلەن ئۇنى تامامەن ئۆز تەرىپىگە تارتىۋالدى. ئالتايدا خېلى ئىلگىرى، يەنى 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، ئەسلىدە قوزغىلاڭنى باشلىغان ئادەم ئوسمىقان دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ 1940 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ خەلق قولىدىكى قوراللارنى يىغىش ھەرىكىتى ۋە قاماش، ئۆلتۈرۈشكە قارشى چىڭگىلدە قوزغىلاڭ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاتىرى بارغانچە ئۇلغايغان. ئوسمان ئۆزى بىر كىچىك سودىگەر ئىدى، ئۇمۇ پۇرسەت كەلدى، دەپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان. 1945 — 1946 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇ قوزغىلاڭچىلار باشلىقى دېگەن نامغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ شىڭ شىسەيگە بولغان قارشىلىقى قەتئىي ئىدى. لېكىن، سوۋېتكە قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى مەيدانىمۇ قاتتىق بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىمۇ ئاۋۋال قوشۇلمىدى، كېيىن قارشى تۇردى. ئالتاي ئازاد بولۇپ ۋالىي قىلىنغاندا، ئۇ تاغدىن چۈشكىلى ئۇنىمىدى. مۇئاۋىن ۋالىي دەلىلقان ۋالىيلىقنى ئۆتىدى. كېيىن ئوسمان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ

قۇترىتىشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قورالىلىق ھەرىكەت قىلدى. دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئۇنىڭغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يىراق تاغلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. مانا شۇ ۋاقىتلاردا، يەنى 1946 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوسمان بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ، پۈتۈن ـ لەي قولىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى قوش قىلىپ سالدى. ئۇلار ئوسمانغا ۋەكىللەرنى ئەۋەتتى، ئوسماننىڭ ۋەكىل ـ لىرىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كېيىن، ئوسماننىڭ ئۆزىنىمۇ بەيتىكتىن كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈم ـ چىگە ئېلىپ كېلىپ ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇنىڭغا قورال ـ ياراغ، ئالاقىلىشىش رادىئو ئاپپاراتى ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى كۆپلەپ ياردەم قىلدى. 1947 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭغا رەسمىي ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم قىلىپ، مەسلىھەتچىلەرنى بەردى.

ئوسماننىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىدا ئۈرۈمچىدە تۇرغان گومىنداڭ قول چوماقچىلىرىدىن جانىمقان، ئۇنىڭ ئوغلى دەلىلقان ۋە زاكچىن، سالىس دېگەن ئادەملەر چوڭ رول ئوينىغانىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جانىمقاننىڭ بىر ۋەكىلى ئوسمانغا بىر خەت ئەكىلىپ تاپشۇرغان، خەتتە: "ئۈچ ۋىلايەتتىن يۈز ئۆرۈشكە بەل باغلىساڭلار ۋەكىل ئەۋەتىڭلار" دېيىلگەن. ئوسمان 8 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ۋەكىلىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. جانىمقان بۇلارنى سۈك شىليەن بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار ۋە بىر ئالاقىلىشىش رادىئو ئاپپاراتى ۋە ئىككى رادىس بېرىپ قايتۇرغان. يەنە ئوسمانغا ياردەم

قىلىش ئۈچۈن ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئەمەلدارىنى ئەۋەتكەن. شۇنىدىن باشلاپ جانىمقان ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ قالغان. كېيىن جانىمقان ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە نازىر بولدى. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئوسمان ئۈرۈمچىگە يەنە سەككىز كىشىلىك بىر ۋەكىل ئەۋەتتى. ئوسماننىڭ سەنمۇجاڭى لەتىپىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بار بولۇپ، 47 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ بۇلارنى مەخپىي قوبۇل قىلغان. ئوسماننىڭ سورىغان مىلتىق، ئوقلىرىنى بېرىشكە رازى بولغان. بۇ مەزگىل ئىچىدە سۇڭ شىليەن، ليۇ مېڭچۈن (شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپى) ۋە جانىمقانلار بۇ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەلىپى بويىچە 1948 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئوسمان بىرقانچە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. جانىمقاننىڭ چوڭ ئوغلى دەلىلقان ھەم زاكىچىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش كاتىپى ئەيسا قاتارلىق 100 دەك ئادەم ئوسماننىڭ ئالدىغا بېرىپ قارشى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ قېتىم گومىنداڭچىلار ئوسماننى ناھايىتى چوڭ قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالغان. تۆت قېتىم چوڭ تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بىرىنچى قېتىمى، سۇڭ شىليەننىڭ زىياپىتى بولۇپ، بۇ زىياپەتكە قەمبەرخانمۇ قاتنىشىپ ئۇسۇل ئويناپ بەرگەن. يەنە بىر قېتىمقىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ زىياپىتى، ئۈچىنچى قېتىمقىسى جانىمقان بىلەن زاكىچىن باشلىق كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان زىياپەت. گومىنداڭچىلار بۇ قېتىمقى چوڭ قارشى ئېلىشتا ئوسماننىڭ قورال تەلىپىنىلا ئەمەس، ھەربىي ئادەم بېرىش تەلىپىنىمۇ قاندۇر-

غان. سۇڭ شىلىيەن شەخسەن ئوسمانغا تاپانچا، دۇربۇن، قىلىچ ۋە 60 تاختا چاي، نۇرغۇن رەخت سوۋغا قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئوسمان تامامەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە، خەلققە، سوۋېتكە قارشى باندىتلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. ئوسمان بۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ماكنان دېگەننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغان. ماكنان ئوسماننى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆيىدە قوبۇل قىلغان. ماكنان ئوسمانغا: "ئۈرۈمچىگە كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن ياخشى دوست، سىز جىگەرلىك ئادەم، بىز سىزنى قوللايمىز" دېگەن. يەنە ئۇ: "ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك تېخنىكىسى بار، ئامېرىكا دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچلۈك دۆلەت. ئەگەر سىلەر خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرايدىغان بولساڭلار، ئامېرىكىدا ئايروپىلان كۆپ، بىر ئاي ئىچىدىلا مەسىلە ھەل بولىدۇ، يېڭى قورال تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىڭ. بۇندىن كېيىن زۇڭسىلىڭ (سۇڭ شىلىيەننى دېمەكچى) ئارقىلىق ئالاقە قىلىپ تۇرايلى" دېگەن ھەم ئۇ ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە بىر ئالاقىچى قالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئوسمان قالىم قازى دېگەن ئادەمنى ئالاقىچى قىلىپ ئۈرۈمچىدە قالدۇرغان. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئالدىدا جانىمقانلار ماكناننى بارىكۆلگە ئەكىلىپ يوشۇرغان. كېيىن ئۇنى تۆت ئادەم قوشۇپ، چىڭخەي ئارقىلىق يولغا سېلىپ قويغان. ماكنان ئوسمان بىلەن خوشلاشقاندا: "سىز ئەمدى پاكىستانغا بېرىشتا ئەس-كەرلىرىڭىزنى ئېلىپ تەيجۇنۇر دېگەن جايغا بېرىڭ، ئۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولىسىز" دېگەن. مانا مۇشۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئوسمان باندىتىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن

قانداق خىزمەت قىلغانلىقىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتـچىلىرىـنىڭ ئوسـ-
مانـنى پۈتـۈن كۈچى بىلەن يۆلەپ، ياردەم قىلىپ، ئۈچ ۋىـلايەت
ئىنقىلابىغا، خەلققە قارشى سالغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىـپ
بېرىدۇ. شۇنىڭـدەك بۇنىڭـدىن گومىنـداڭ ئەكـسىيەتـچىـلىرىـنىڭ
"ياتلارنى ئۆزى بىلەن باشقۇرۇش" دېگەن چارىسىنى يەنە بىر قېتىم
ئىشقا سالغانلىقىنى ئوچـۇق كۆرگىـلى بولىدۇ. ئوسـمان ئامېرىـكىنى،
قوللاپ خەلققە قارشى، ئىنقىلابـقا قارشى جىـنايەت ئۆتـكۈزدى. ئۇ
ئۆزىـنىڭ تېگىشـلىك جازاسـىنى تارتـتى. ئازادلىقـتىن كېيىـن، ئۇ
چىڭخەيدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشتى، 1950 ـ يىلى
ئۈرۈمچىدە خەلق ئومۇمىي يىغىنىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىـپ، ئىجرا
قىلىندى.

2. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1947 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشـلاپلا،
ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە ھەر خىل ئىغۋاگەرچىلىك، خەلقـقە قارشى
بېسىم ئىشلىتىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرىـگە تەھـدىت
سېلىشقا ئوخشاش نۇرغۇن مىلتارىستـلىق ھەرىـكەتـلەرنى قىلـدى.
ئۈرۈمچىدە "گۇناھ" ئارتىپ ئىلغار ئادەملەرنى قامىدى. ھەتـتا ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئۆلۈم خەۋىپـنى سالـدى. 1947 ـ يىلـنىڭ 1 ـ
چارىكىدە شىنـجاڭ ۋەزىـيىتـىنىڭ جىـددىيلىشـشى بىلەن بىزنىڭ
گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن بولغان كۈرىشىمىزمۇ ئىنـتايىن جىـددىيـ-
لەشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتـنىڭ مەجـلىسـدە، جاڭ جىـجۇڭ بىلەن
بولغان سۆھبەتلەردە، ھەتتا بەزى رەسمىـي مەجلىـس ۋە زىـياپەتـ-
لەردە توقۇنۇش ۋە ئېلىشىشلار بولۇپ تۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتـ-
چىلىـرى خەلقـنى قاماش، ئۆلـتۈرۈش يولـى بىلەن بىزگە بېسـىم
ئىشلىتىپ، تەسـلىم قىلماقـچى بولـدى. ئۇلا ر ھىيلىـگەرلىك بىلەن

ئاتالمش نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇردى. بىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇنداق نامايىشلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا قېچىپ كەلگەن ياكى ئۇ ياقتا دادىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆلگەن ئادەملەرنى بىزگە قارشى كاناي قىلىپ ئىشلەتتى. ئۆزلىرى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاتالمىش "نامايىش"لارغا قاتناشقۇچى ئاما بولمىغانلىقتىن، ئادەم سانىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ھەربىي قىسىمدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى چەسىنچە ئالماشتۇرۇپ قاتناشتۇردى. بۇ ھەربىيلەر بۇيرۇقتا بىنائەن "نامايىش"تا ئاساسلىق روللارنى ئوينىدى.

مۇشۇنداق ئىغۋاگەرچىلىكتىن ئاساسىي بىرسى "خەنزۇلار نامايىشى" دەپ ئاتالغان، گومىنداڭچىلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن باش قاتۇرۇپ پىلانلانغان "25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى" ئىدى. مەن بۇ يەردە دەلىل ئۈچۈن شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يېزىپ قويغان خاتىرەمنى ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم:

"جىددىي كۈنلەر:

1947-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى بىز قەشقەردىن قايتىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى بىز كېتىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىپتۇ. ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىرقانچە تۈرلۈك چارىلەر قوللىنىلدى. ئەخمەت ئەپەندىم «مەركىزىي ھۆكۈمەتتە قوبۇل قىلىنغان قانۇن ۋە ئۆلكىمىزنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى» دېگەن ماۋزۇدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ليۇ مېڭچۈن مىشۇجاڭ زىياپەتكە چاقىرىپ، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئەھۋالى ھەققىدە بايانات بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. بىز بايانات بەردۇق، ئىككى كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، لېكىن ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدۇق. ئۇلار جاڭ بۇجاڭنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈردى

(شۇ كۈنلەردە جاڭ جنجۇڭ ئەپەندى نەنجىڭغا كەتكەندى).

ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا تۇرپاندا ئەھۋال جىددىيلىشىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللارنى خەت ئارقىلىق تۈزىتىش، ئوڭشاش مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى تۇرپانغا چۈشۈپ ھەر ساھە خەلق ئاممىسى بىلەن مەجلىس ئېچىپ ۋە ھەرقايسى قاتلام كىشلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت، يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلەلەرگە جاۋاب بەردى ھەم ئۇلارغا ئەستايىدىل تەربىيە بەردى.

1947 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئابلەت مەخسۇم رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەتكە 32 ماددىلىق تەلەپ تاپشۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن 24 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. كېيىن 72 سائەتكە كۆنۈپ تارقاشتى. ئەتىسى يەنە 23 ماددىلىق قوشۇمچە تەلەپ تاپشۇردى. بۇلارنىڭ تەلەپلىرى ئومۇمەن توغرا ئىدى. لېكىن، تەلەپنى قويۇش شەكلى توغرا ئەمەس ئىدى. خۇسۇسەن مۇددەت كۆرسىتىشى، تەلەپ ئەمەس ئۇلتىماتۇم شەكلىنى بىلدۈرەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى توغرىسىدا ھۆكۈمەت مەجلىسىنى ئاچقانىدۇق. بۈگۈن تۇڭگانلار نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە كىردى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى 12 ماددىلىق بولۇپ، ئومۇمەن، بىتىم دائىرىسىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ چىقىرىلدى ۋە ھۆكۈمەت مەجلىسىنى داۋام قىلدۇردۇق. كېيىن ئاز سانلىق قازاق نامىدىكى كىشلەر نامايىش قىلىپ كىرىپ، ئالتە تۈرلۈك تەكلىپ تاپشۇردى. بۇلارنىڭ تەكلىپلىرى ناھايىتى قاتتىق ۋە پەقەت بىزگە قارشى بولۇپ، قەتئىي ئۇلتىماتۇمدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارغا ھەم جاۋاب بېرىپ قايتۇرۇلدى.

مەجلىسنى داۋام قىلدۇردۇق. مەجلىستە تەلەپلەر يۈزىسىدىن قىسمەن ئەمەلىي چارىلەر ۋە ئومۇمەن پرىنسىپلىق بولغان بىرقانچە

تۇرلۇك قارارلار چىقىرىلدى. مەجلىس ئاخىرىدا جاۋاب كۇتۇپ سىرتتا تۇرغان ئۇيغۇر نامايىش ۋەكىللىرى چاقىرىلىپ، ئۇلارغا جاۋاب بېرىلدى. ئۇلار رازى بولماي كۆپ تالاشتى. ئاخىر ئەخمەت ئەپەندىم: "بولمىسا خەلققە ئۆزىمىز جاۋاب بېرىمىز" دەپ ئۇلارنى قايتۇردى. ھەممىمىز مەجلىستىن چىقتۇق.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مەجلىسنى داۋام قىلدۇرماقچى ئىدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز سائەت 9 دا ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرساق بىر خەنزۇ (تونۇش كىشى) كىرىپ، خەنزۇلارمۇ نامايىشقا ھازىرلىنىپتۇ، بۇگۈن چىقماقچى ئىكەن، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن بىز نامايىشنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ كېلىشنى ئۆتۈندۇق. ئۇ بەش مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ، نامايىشنىڭ مەزمۇنى ۋە شوئارلىرى بىتىمنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكىنى بىلدۇردى. شۇ ۋاقىتتا نامايىشچىلار ئىدارىسىگە كىرىشكە باشلىدى. بىز شوئارنى ئالدۇرۇپ كۆردۇق. ئۇنىڭدا بەك خاتا سۆزلەر يوق ئىكەن. بىز چىقىپ بىرئاز قاراپ تۇردۇق. نامايىشچىلار ناھايىتى كۆپ (ئىككى-ئۈچ مىڭ) بولۇپ، ئاما، قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ۋە تۇسنى ئۆزگەرتكەن ئەسكەرلەر بار ئىدى. بىز نامايىشچىلارنى ئارىلاپ ئىچكىرىگە كىردۇق. نامايىشچىلارنىڭ تۇرىگە قاراپ ئەندىشىمۇ قىلدۇق. بۇ ۋاقىتتا خەنزۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى كەلگەنىدى. بۇرھان ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىمنى بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىپ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن چىقاردۇق. بىز مەجلىسخانىدا قالدۇق. بۇرھان ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىش ۋاقتىدا نامايىشچىلار ئارىسىدىن "ئۇر"، "ئۆلتۈر!" دېگەن ئاۋازلار چىقتى. ئۇلار ئالغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. بىز كېلەلمەسلىكىنى بىلدۇردۇق. ئۇلار قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرغىچە نامايىشچىلار ئىشىك-

دەرىزىلەرنى سۇندۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئەپەندىمگە كەلمەسلىكنى ئېيتىپ تېلېفون بېرىپتۇ. نامايىشچىلار مەجلىسخانىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. چۇي شىجاڭ (چۇي ۋۇ) توسقانىدى، بولماي ئىشىكلەرنى سۇندۇرۇپ كىردى. مەن نېرىقى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. ئارقامدىن مەھەممەت ئىمىن ئەپەندىمۇ چىقتى. ئابدۇكېرىملەر بار ئۆيگە كىرەيلى دېسەم ھېچ مۇمكىن بولمىدى. نامايىشچىلار يول بەرمەي كىشىلەر توپى ئارىسىدا قالدۇق. ئارقا بىلەن ئايلىنىپ تاشقىرىقى قورۇدىن بىرىنچى بۆلۈمگە كىردۇق. ئۇ يەردە مۇسۇلمان خىزمەتچىلىرى (كۆپرەك ئاياللار) بار ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. يان ئىشىك بىلەن كېتىشنىمۇ ئويلىدۇق. چىقىپ ئابدۇكېرىملەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ بارساق يەنە ئۇلار تۇرغان ئۆيگە كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى. بۇ ۋاقىتتا نامايىشچىلار بىزگە دىققەت قىلىپ، 40 ـ 50 كىشى ئارقىمىزغا كىرىۋالدى. قايتىپ يەنە شۇ ئۆيگە كىرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمگە كەلمەسلىكى ئۈچۈن تېلېفون بەردىم. تېلېفون بېرىش ۋاقتىمدا، ئوندىن ئارتۇق ئادەم مېنى ئوراپ تۇردى. بىز بار ئۆيگە ئادەملەر قاپساپ كىرىشكە باشلىدى، ئىش قىيىنغا ئايلاندى. يەنە ئابدۇكېرىملەر تۇرغان ئۆيگە كېتىپ باراتتۇق، يولدا بىرقانچە خەنزۇ مۇھەممەتنى (مېنىڭ كانۋويۇمنى) مەيدىسى بىلەن ئۇرۇپ تىللىدى. مۇھەممەت ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى، مەن ئۇنى ئېلىپ كەتتىم. ئەمدى بىزنى يۈزدىن ئارتۇق نامايىشچى ئوراۋالدى. لېكىن، مېڭىشقا توسقۇنلۇق قىلمىدى. يەنە مەجلىسخانا تەرەپكە باردۇق.

ئەخمەت ئەپەندىم سائەت 11 لەردە كەلدى. ئەسلى كەلمەيتتى، نامايىشچىلار قاتتىق تەلەپ قىلغاندىن كېيىن گېنېرال داڭ بىگاڭ (ئۈرۈمچى جېنبېي سىلىڭى) جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، نامايىشچىلار ۋەكىلىدىن بىر چالنى باشلاپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم مەسىلىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن "باشقا

ۋەكىللەر (ئابدۇكېرىم، سەيپىدىنلەر)نى بەرىبىر يوقىتىدۇ. مەن بۇ يەردە قاراپ تۇرۇشۇم توغرا ئەمەس" دېگەن قارارغا كېلىپ، رەھىمجان ئاكىنى ئېلىپ كەتتۇ. بۇلار ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە، نامايىشچىلار يول ئېچىپ بەردى. بەلكى چاۋاكلار بىلەن "قارشى ئالدى". ئەمما، ئەخمەت ئەپەندىلەر كابىنېتىنىڭ ئىشىكىگە قەدەم قويۇش بىلەن "ئۇرا!"، "ئۆلتۈر!" دېگەن ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى، ئەخمەت ئەپەندىلەر ئۆيگە كىرىشى بىلەن نامايىشچىلار يەنە كۈچلۈك ئېقىم بىلەن ئالدىغا سىلجىشقا باشلىدى. يەنە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سۇندۇرۇپ ئۆيگە بېسىپ كىردى. بىز مەجلىسخانىدا خەنزۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئىدۇق. ئۇلار مەسىلىگە پەقەت ئارىلاشمايتتى. شۇ چاغدا تاشقىرىدا بىردىنلا ئوق ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن، كىشىلەر بىر يارىدار بولغان كىشىنى ئەخمەت ئەپەندىلەر تۇرغان ئىشخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ھەرىكەت كۈچەيدى. ئۈستىدىن پەلتو كىيگەن گومىنداڭچى ھەربىيلەر ۋە بىرقانچە كىشىلەر قارنىڭ ئۈستىگە چىقى-ۋېلىپ ۋارقىراپ تەتۈر تەشۋىقات قىلماقتا ئىدى. شۇ چاغدا يەنە ئوق ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. سالىس (فۇمىشۇجاڭ، قازاق) يېنىدا تۇرغان تۆت-بەش قازاق يىگىتكە قوراللىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار يانچۇقلىرىدىن ماۋزېرلىرىنى ئېلىپ ئوقلاپ تەييارلىدى. مەن قاتتىق ئەندىشە قىلدىم. چۈنكى مەن قورۇدىكى ھەرىكەتنىڭ سىرتىدا، خەن-زۇلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ بىزگە قاتتىقراق دۈشمەن بولغان سالىسنىڭ قوراللىق كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدىم. مېنىڭ يېنىمدا مەھەممەت ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ شوپۇرى ئابلەھەت (بۇ ئاياغ تەرەپ بىلەن قېچىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىۋالغان)لەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال-لىرىنى تەييارلاتتىم. سالىس بىر كىچىك بالىدىن بەش ـ ئالتە دانە قازاقچە تۆلكە تۇماق ئالدۇرۇپ، بىر-بىردىن كېيىشتى. ئاندىن ئۇلار خاتىرجەم، ئازادە تاشقىرىغا كىرىپ ـ چىقىشىپ تۇردى. ئۇ: "ئۇيغۇرلار خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. ئىش يامان بولدى" دېگەن مەزمۇندا

ئىغۋا تارقاتماقتا ئىدى. نامايىشچىلار ئەخمەت ئەپەندىلەر تۇرغان ئىشخانىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. مەن ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىپ، ئىككى قېتىم كىشى كىرگۈزدۈم. ئۇلار ئەخمەت ئەپەندىملەر ئىشخانە-لارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق، ھەممە ئۆيلەرگە نامايىشچىلار كىرىۋاپتۇ، دەپ چىقتى. ئۇلار نەگە كەتتى؟ ئارقىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىر مەن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئەخمەت ئەپەندىملەرنى تېپىش قارارىغا كەلدىم، مەھەممەت بىلەن ئابلەھەت ئالدىمدا كىشىلەر توپىنى زور بىلەن يېرىپ ماڭدى. مەن ئارقىسىدىن مېڭىپ كىردىم. راستتىنلا ئەخمەت ئەپەندىملەر يوق ئىدى. ئۆيلەرگە ئادەم تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم ئىشخانە-سىنىڭ يېنىدىكى تاھارەتخانا ئىشىكىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ شۇ ياقتا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىزنىڭ باللار ئىشىكنى ئۇرىۋىدى، ئاچمىدى. مەن ئابدۇكېرىم دەپ توۋلىغاندىم، ئەخمەت ئەپەندىم ئىشىكنى ئېچىپ مېنى كۆردى-دە، دەرھال قولۇمدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ يەر تەرەتخانىغا چىقى-دىغان كىچىككىنە بىر دالان بولۇپ، بىز ئەندىشە قىلغان ھەممەيلەن شۇ يەردە ئىكەن، ئۇ يەردىن باشقا تەرەپ بىلەن چىققاندا تەرەتخانە-نىڭ ئالدىدا ئۈچ-تۆت مېتىر كېلىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە ئارقا تامغا بىر دانە شوتا قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. بۇ ئەخمەت ئەپەندىلەرنى "قاچۇرۇش" ئۈچۈن قويۇلغان شوتا ئىكەن. ئۇلار قېچىشقا ئۇنۇماپتۇ، مەن ئۇلار بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدۇم. بۇ ئارىلىقتا تاشقىرىدىن ئازاد (رەھىمجاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى) باشلىق بىزنىڭ باللاردىن تۆت-بەشى قەيەردىن قانداق قىلىپ كەلگەن، ئىشقىلىپ پەيدا بولدى. ئەمدى بىز: "نامايىشچىلار"نىڭ نىيىتى يامان، ئەگەردە بېسىپ كىرىپ ئەخمەت ئەپەندىمگە بىرەر-يېرىمتىسى قول تەگكۈزى-دىغان بولسا، ئالدىمىزغا كەلگەنلەرنى بىر چېتىدىن ئېتىپ، بولىدىغان ئىشنى كورۇش قارارىغا كەلدۇق. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن،

ناماييشچىلارنىڭ تارىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشتى ۋە بىز بۇرھان ئەپەن-
دىمنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ، ناماييشچىلار ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ سۆز-
لەشتۇق. ئۇلار ناھايىتى قاتتىق تەلەپلەرنى قويدى. تەلەپلەر ھۆكۈ-
مەتكە قارىتىلغان بولماستىن، بىز ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەنلەرگە
قارىتىپ قويۇلدى، ئەخمەت ئەپەندىم سالماقلىق بىلەن تۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ توغرىسىنى توغرا، ناتوغرىسىنى خاتا دەپ
تولۇق جاۋاب بەردى. لېكىن ئۇلار جاۋابقا قانائەتلەنمىدى، بۇ ۋاقىتتا
سىپىل دەرۋازىسى ئالدىدىن ئېتىلگەن ۋە نەنگۇەن دەرۋازىسى ئالدىغا
ئون مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار: "بىزنىڭ
ۋەكىللىرىمىزنى چىقىرىپ بېرىسلەر!" دەپ قاتتىق تەلەپ قويماقتا ئىدى.
خەنزۇ "ناماييشچىلار" ۋەكىللىرى: "نەنگۇەندە ئۇيغۇرلار توپلاندى،
ئۇلار يامان قىلىدۇ، چارە كۆرۈپ بېرىلسە" دېگەن تەلەپنى قويدى.
مۇسۇلمانلارغا ئەخمەت ئەپەندىم نامىدىن "بىز سالامەت، ئەندىشە
قىلماڭلار، تاراپ كېتىڭلار" دەپ خەت يازدۇق. ئۇلار بۇ گەپ بىلەنلا
تارىمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئابدۇكېرىم خەنزۇ ۋەكىللەرگە قارىتىپ: "ئەگەردە سىلەر
تىنچلىقنى خالىساڭلار دەرھال چىقىپ ناماييشچىلارنى تارقىتىڭلار. بىزمۇ
چىقىپ نەنگۇەندىكى مۇسۇلمانلارنى تارقىتايلى. بولمىسا، قاراڭغۇ
چۈشكەنگە قەدەر بىز يەنە چىقمىساق، بۇگۈن نەنگۇەندە ھېسابسىز قان
تۆكۈلىدۇ" دېدى. ئۇلار بوشاشتى ۋە چىقىپ كەتتى. بىزگە تەييار
تاماق بارلىقىنى، تاماق يەۋېلىشىمىزنى بىلدۈردى. چىقىپ تاماققا
ئولتۇردۇق. يېرىم سائەت ئۆتكەندى، تېخى تاماق يەپ بولمىغاندۇق،
يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر توپلاڭ بىلەن ۋارقىرىشىپ ھويلىغا كىرىپ
كەلدى. ئالدىغا كىشى چىقارساق، "ھېلىقى ناماييشچىلار قايتىپ
كىرىپتۇ" دەپ خەۋەر بەردى. بۇلارنىڭ يۇقىرا ئەمەسلىكى، بايىقى
ناماييشچىلاردىن ئايرىلىپ كىرگەن مەخسۇس ئىغۋاگەرلەر — تۈسىنى
ئۆزگەرتكەن ھەربىيلەر ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار

كىردىشى بىلەنلا، ئەخمەت ئەپەندىنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. بىز ۋەكىللىنى چاقىردۇق. ئۇلار قوبۇل قىلمىدى، پەقەت ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى قايتا ـ قايتا قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. داڭ بىگاڭ باشلىق بىرنەچچە خەنزۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى، لىۋ مىشۇجاڭ باشلىق بىرنەچچىسى چىقماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەخمەت ئەپەندىم چىقىشقا قارار قىلدى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى. بىز توسىدۇق ۋە قەتئىي قارشى تۇردۇق. كېيىن ۋەكىل كىرسۇن، دىگىنىمىزدە بىر خەنزۇ بوۋاي كىرىپ يىغلاپ كېتىپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: "مەن بۇ نامايىشنىڭ قانداق ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت شۇنى تەلەپ قىلىمەن: ھازىر نەنگۇەندە ئۇيغۇرلار توپلىنىشتى. ئەگەر سىلەر چىقىپ تاراتمىساڭلار، ئۇلار بۈگۈن چوڭ ـ كىچىك خەنزۇلار ھەممىسىنى قىرىدۇ. مىنىڭ ئۆيۈم نەنگۇەندە ئىدى، كىچىك بالىلىرىم بار ئىدى. ئەگەردە سىلەر چىقىش بىلەن مەسىلە ھەل بولىدىغانلا بولسا (ئەخمەت ئەپەندىمگە قارىتىپ دېدى)، چىقىڭ. قانداق قىلىپ بولسىمۇ بۈگۈن نەنگۇەندە قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىزنى سورايمەن...". بۇنىڭغا ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىپ چىقاردۇق، ئۇلار يەنە قاتتىق تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇلار: "ئەخمەت ئەپەندى بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزگە كاپالەتلىك بەرسۇن!" دېدى. ئەخمەت ئەپەندىم: "مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كاپالەتلىكنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز" دەپ خەت يېزىپ بەردى. ئۇلار خەتكە ئۇنىماپتۇ، ئۆزى بىر چىقسۇن، دەپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم خەتنى يىرتىپ تاشلىدى ـ دە: "قولىدىن كەلگەننى قىلسۇن!" دەپ پەرۋاسىز ئولتۇردى.

مەسىلىنىڭ ئاساسى مەلۇم ئىدى. ئاۋۋال خەلقنى مۇۋاپىق شوئارلار بىلەن ئالداپ ئېلىپ كىرگەنلەر مۇشۇ تۈسنى ئۆزگەرتكەنلەر ئىدى. بۇلار بىر ئىش چىقىرالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئالاھىدە سۈيىقەست بىلەن قايتىپ كىرگەنىدى.

بىز بۈگۈن تۆپ مەسىلىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەن-
گەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئەگەر بىزگە قول تەگكۈزسە نېمە ئىش قىلىدىغان-
لىقىمىزنى ئويلاپ قويۇپ خاتىرجەم تۇرغاندۇق، بىز سائەت ئەمەس،
ھەتتا مىنۇت-سېكۇنتلاپ ئۇلار تەرىپىدىن كېلىدىغان ئۆلۈمنى كۈتكەن-
دۇق. شۇڭا، تەنتىرىمىدۇق ۋە قورقمىدۇق. ئەكسىچە، غەيرەت بىلەن
قاتتىق ۋە كۈچلۈك، ھەققانىي سۆزلىرىمىزنى قىلىپ تۇردۇق. خۇسۇ-
سەن ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئاجايىپ غەيرىتى، ئېغىر-بېسىق، سوغۇق-
قانلىقى، كۈچلۈك، پۈكۈلمەس ئىرادىسى ھەممىمىزنى قايىل قالدۇردى.
گېنېرال داڭ بىگاڭ: "بۇلار خەتكە ئۇنىمىدى، ئۆزىڭىز چىقمىسىڭىز
بولمايدىغانغا ئوخشايدۇ" دەپ كىرگەندە، ئەخمەت ئەپەندىم: "سىزگە
ھازىر ئىككى يول: بىرسى، چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە 'گىروگوم شاگوم
مارش' دەيسىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ، بىز چىقىپ نەنگۈەندىكى خەلقنى
تارقىتىمىز. تىنچلىق بولىدۇ، يەنە بىرسى، ئىشىكنى ئېچىپ ئەسكىرى-
ڭىزنى قويۇپ بېرىسىز، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچىدە،
ئەتىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان تۆكۈلىدۇ. شۇ ئىككىسىنىڭ
قايسىسىنى خالىسىڭىز بىرىنى تاللىۋېلىڭ!" دېدى. يەنە بىر سۆزىدە:
"بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز. بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان
ئادەملەر بىز. ھازىر بىز ھايات قالساق ھەم خەلققە پايدا. چۈنكى،
بىتىم بويىچە خەلققە ئەركىنلىك تەمىن قىلىمىز. ئۆلسەك ئۇنىڭدىن
ئارتۇق پايدا، چۈنكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ، بۇ
قېتىم بىتىمدىكىدىن كۆرە ئارتۇقراق، يەنى تولۇق ئازادلىقنى قولغا
ئالىدۇ. دېمەك بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ
ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ" دېدى. ئۇلار ئاشۇ
ھەرىكىتى بىلەن گويا بىزنى قورقۇتماقچى ۋە بىزنىڭ تىزگىنىمىزدىن
تۇتۇۋېلىپ يېتىلىمەكچى ئىدى. لېكىن بىزنى ھېچبىر قورقۇتالمىدى،
ئەكسىچە، ئۇلار بۇ ئويۇننى باشلاپ قويۇپ ناھايىتى قورقۇشتى.
بىرقانچىسى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي خۇددى تامغا ئوخشاش قېتىپ

قالدى. بىز چاقچاق قىلىشاتتۇق، ئۇلارنى كىملەرگىدۇ ئوخشىتاتتۇق ۋە كەينى - كەينىدىن كۈلكە، ھەزىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى ئوخشىتالمىغانلىقىنى زاڭلىق قىلىشاتتۇق.

ئەخمەت ئەپەندىم بىز بىلەن بىرئاز ئۆزئارا سۆزلەشكەندىن كېيىن خەنزۇلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

"بۈگۈنكى ئويۇننى تەشكىللىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشنى ئاۋۋال ئويلىماپتۇ. قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى: ئۆتكەن زاماندا، روسىيىدە بىر گېنېرال بىركۈنى ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماقچى بولۇپتۇ. ئوفىتسېرلىرىنى ئۆيىگە چايغا ئېيتىپتۇ. ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سوغۇق تاماق تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن بىر گراناتنى يېكىتىپتۇ (گرانات پاختىۋەن قىلىپ تەييارلانغانىكەن). ئوفىتسېرلەر ئۈستەلگە ئولتۇرغاندا ۋىلكىنى تاماققا سانجىغانىكەن. گرانات بىردىنلا پارتلاپ كېتىپتۇ. ئوفىتسېرلەردىن بىرسى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا، بىرسى تاشقىرىغا، بىرسى كارىۋات تېگىگە مۆكۈپ ئاپتۇ. بەزىلىرى قېچىپتۇ. پەقەت بىر يېۋرى (يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى) ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ. گېنېرال ھەممىسىنى يىغىپ، مەن بۈگۈن سىلەرنى سىنىماقچى ئىدىم. غەيرەتنىڭلار ياخشى بىلىندى (يېۋرى ئوفىتسېرنى كۆرسىتىپ) غەيرەت دېگەن مانا بۇنداق بولىدۇ. مەن بۇ كىشىنى چوڭ مۇكاپاتلايمەن. خوش، سىزگە نېمە كېرەك؟ ئېيتىڭ، دېگىنىڭىزنى بېرىمەن دەپتۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە چەست بېرىپ:

— مۇھتەرەم گېنېرال ھازىر ماڭا باشقا مۇكاپاتنىڭ ھاجىتى يوق. بىر ئىشتان ۋە بىردانە سوپۇن بەرسىڭىز، بۇ ئەڭ ئالىي مۇكاپات بولار ئىدى، — دەپتۇ".

بىز ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. خەنزۇلار ھەيران بولۇشۇپ قالدى. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا بۇنداق كۈلۈش ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئابدۇكېرىم بۇ سۆزلەرنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

ئۇلار زورىغا كۈلۈپ قويدى. لېكىن ناھايىتى قىزىرىشتى، بىر-بىرىسگە قاراپ قويۇشتى.

سائەت بەش بولدى، ئەنگۈەن دەرۋازىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپى كۆچىيىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. ئەگەر قاراڭغۇ چۈشكۈچە بىز چىقمىساق ئەنگۈەندە قانلىق ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشى ئېنىق ئىدى. بىزنىڭ ماناستىكى ھەربىي قىسىملىرىمىزمۇ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىپتۇ. بىزمۇ ئەندىشە قىلىپ قالدۇق. ھۆكۈمەتتىكى خەنزۇ ئەزالارمۇ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈشكە باشلىدى. نامايىشچىلارنى "ھەربىي كۈچ" بىلەن تارقاتماقچى بولۇشتى. ھەربىي ئورۇنلارغا ھەربىي قىسىم ئەۋەتىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بەردى، لېكىن كەلمىدى. خۇسۇسەن لىيۇ مىشۈجاڭ ناھايىتى ئالدىراپ قالدى. ئۇ بىرقانچە كىشىنى ھەربىيلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، كېيىن بىرنەچچە ئەسكەر كەلدى. ئەمما ئۇلار چارە كۆرۈشتىن باش تارتىشتى. بىز: "قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل" دېگەن ئىپادە بىلەن تۇردۇق. ئاخىر شەھەر ساقچى باشلىقى لىيۇ كېلىپ بىرقانچە چارىلەرنى قىلغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا "نامايىشچىلار" تارقالغان بولدى. بىزنى ئۇلار ھىمايە قىلىپ ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ بىرئاز كۈتكۈزدى. سائەت بەش يېرىمدا چىقتۇق. ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن ئەنگۈەن دەرۋازىسىغا قەدەر ئىككى رەت بولۇپ ئەسكەر تۇرغانىكەن. سۈرلۈك دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتۇق.

دەرۋازىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئالدىغىچە نۇرغۇن ئادەم تولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار قاتتىق ئالقىش ۋە "ھۇررا" ئاۋازلىرى بىلەن قارشى ئالدى. خەلقنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىياپىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئىسەنكىرەپ قالغانلىقى چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خەلق بىزنى ئورىۋالدى. ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ ھېچقانداق ئەندىشىدە بولماسلىق، قورقماسلىق، تىنچلىق يولى بىلەن ھەققەتنى تەلەپ قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى.... كېيىن كۇلۇبقا كىردۇق. ئۇ

يەردە ناھايىتى كۆپ ئادەم يىغىلغانىدى. ئۇلارغا شۇ مەزمۇنلاردا سۆز قىلىندى. سائەت ئالتە يېرىمدا ساق-سالامەت ئۆيلىرىمىزگە كەلدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە ليۇ مىڭچۈن، ليۇ زېرۇڭ، چۇي ۋۇلار چىقتى. بىز ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن پىكىرلىرىمىزنى بايان قىلدۇق. ئۇلار بىزگە كۆڭۈل قويىدى. بىز يەنە خەلق غەلىيانى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىلەرنى (ئۈچ خەنزۇ، تۆت ئۇيغۇر) ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كۆمۈش ھەققىدە كېلىشتۇق. بىزنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قويغان باشقا قەتئىي تەلەپلىرىمىز ھەققىدە ئۇلار جاڭ بۇجاڭ (جاڭ جىجۇڭ)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش تەكلىپىنى بەردى.

بۈگۈن — 2-ئاينىڭ 26 سى ئۈرۈمچى شەھىرى ناھايىتى ئەندىشىلىك ھالەتتە ئىدى. خەلقتە كۈچلۈك غەزەپ ۋە تاقەتسىزلىك سېزىلەتتى. توپ-توپ بولۇشۇپ قىزىپ سۆزلىشىۋاتقان ئادەملەر ئاران-ئارانلىقتا تۇراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ياڭخاڭ مەسچىتىگە يوشۇرۇنچە قويۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇغانىدۇق. لېكىن جەسەتلەرنى ئېلىپ چىققانىدىن كېيىن خەلق بىلىۋېلىپ توپلىنىپ كېتىپتۇ.... بىز بارساق، مەسچىتنىڭ ئالدى ۋە ئىچى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە ئادەم قاتتىق ئاۋاز بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋېتىپتۇ. بىز مەسچىت ئالدىغا كېلىشىمىزگىلا خەلق گۇرىدە توپلاندى. ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىققانىدى، خەلقتە بىر ياقتىن ئەخمەت ئەپەندىمگە نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت، يەنە بىر ياقتىن دۈشمەنگە نىسبەتەن قاتتىق غەزەپ ئىپادىسى سېزىلدى. نۇرغۇن ئادەملەر يىغلاشقا باشلىدى. ئەخمەت ئەپەندىمگە تەلمۈرۈپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىزنىڭمۇ كۆزىمىزدىن ياش ئاققۇزاتتى. بۇ ھال بىزگىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. كۆڭلىمىز بۇزۇلدى.

— يىغلىماڭلار، قېرىنداشلار! — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم قولىنى كۆتۈرۈپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن، — بىز يىغلىمايمىز. سەبىر قىلىمىز.

دوستلىرىمىزنىڭ قانلىرى زايا كەتمەيدۇ. سەبىر بىلەن، ئىنتىزام بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىمىز. غەزەپنى يۇتۇڭلار بۇرادەرلەر، ئەگەردە بىزنى ۋەكىلىمىز دەپ تونۇساڭلار سەبىر قىلىپ تارقاڭلار!...

— بىز ۋەكىللىرىمىزنىڭ سۆزىدىن چىقمايمىز!

— سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئىجرا قىلىمىز! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

خەلق تارقاشقا ئۇمتۇلدى. لېكىن قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇلارنى كەينىگە تارتقاندەك تارقالغىلى قويمايتتى. خەلقنىڭ بىر كۆزى ماجاقلاپ تاشلانغان شېھىتلەردە، بىر كۆزى بىزدە ئىدى. ئاخىر بىز كەتتۇق. خەلقمۇ مەيۈس ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ تارقاشتى.

شۇنداق قىلىپ بۇگۈنكى كۈن ناھايىتى خەتەرلىك ۋە بىسەرەمجانچىلىق بىلەن ئۆتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋاللار كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى، بىز شەھەر ئىچىگە خىزمەتكە كىرىشنى توختاتتۇق.“

يۇقىرىدىكى ئەھۋال گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق ۋەقەنى قەستەن تۇغدۇرۇشتا ھىيلە-مىكىرگە بايلىقىنى، ماھىيىتىدىن قانخورلۇقىنى، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش مەيدانىنىڭ جاھىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ ساختا تىنچلىق، راست باسمىچىلىق قىياپىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئاشكارا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇلار بىزنى ھەر خىل ئەكسىيەتچى تەلەپلەرگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلىپ باقتى. ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلەرنى چېقىپ ھەيۋە قىلىپ باقتى. لېكىن، نەتىجە ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ تەتۈرىچە بولدى. بىز تەسلىم بولۇش تۈگۈل، تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدۇق. ئۇلار ئۆزى باشلاپ ئوينىغان ئويۇننىڭ

ئاقىۋىتىدىن ئۆزلىرى چۆچۈپ، ئويۇننى يىغالماي قالـدى. ھەققە-
تەن مەسىلە ئەخمەت ئەپەندىم ئېيتقاندەك ئېغىر دەرىجىـگە يەتكە-
نىدى: "ياكـى ئىشكـنى ئېچىـۋېتـىپ بىزنى ئۆلـتۈرۈشـكە يول
قويۇش..." بۇ ئۇلارغا تېخـىمۇ چوڭ دەھشـەت كەلتـۈرەتـتى. يا
بولمىسا ئۆزلىرى قىلـغان ئاتالمـىش "نامايىشـنى تىنجىتىش" كېرەك
ئىدى. ئاخىر ئۇلار كېيىنكىسىنى تاللىۋالدى.

ئەتىسى لىۇ مېڭچۈن، چـۈي ۋۇ، لىۇ زېرۇڭـلار نەنخـۇايۇەنـگە
(ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە) كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار
ئۆزلىرىچە، بىزدىن ھال سورىماقچى بوپتۇ. بىز تۈنۈگۈنكى "ۋەقە"گە
قاتتىق نارازىلىقىمىزنى ئېلان قىلدۇق. شۇ كۈنى لىۇ زېرۇڭ تېپـەي-
يۈەن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ "تۈنۈگۈن
ناھايىـتى چـوڭ بىر خەتەرلىـك ۋەقەدىـن قۇتۇلۇپ قالـدۇق، مەن
ۋىجـدانەن شۇنى ئېيتىـشىـم كېرەك، سىـلەرنىڭ قەتـئىـي تۇرۇپ،
ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشىڭـلار چـوڭ ۋەقە تۇغۇلۇشـىنىڭ ئالدىـنى
ئېلىپ كەتتى، سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغا قايىلمىز" دېدى. چۈي ۋۇمۇ
ئۆزىنىڭ قايىللىقىنى ئېيتتى. ئېيتىمىسىمۇ بۇ ئىككىلەن بىلەن تاۋ سىيۈ
(بۇ كۈنلەردە تاۋسىيۈ يوق، ھەربىي قوماندانـلىق سۇڭ شىلىـيەن-
نىڭ قولـىدا ئىدى) گومىنداڭنىڭ ئەشەددىـي مىلىتارىستـلىرىـدىن
پەرق قىلاتتى. بىرمۇنچە مەسىلىلەردە بىزگە ھېسداشـلىق قىلاتتى.
دېمەك، ئۇلار ئەمەلىيەت ئالدىدا قايىل بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

گومىنداڭـچىلار ئۈرۈمـچىـدە پات ـ پات ھەربىـي ھالەت ئېـلان
قىلىپ، ئاختۇرۇش، قىرغىنچىلىق ئېلىپ باراتتى، بۇنـداق ھەربىي
ھالەتـلەرنى ئۇلار كۆپـرەك نەنلـياڭ تەرەپـتە ئېلىـپ باراتـتى.
بۇنىڭدىن مەقسەت، قورال تېپىش، ئاتالمىش تەشكىلاتلارنى تۇتۇش

ئۈچۈن ئىدى. ئاشۇنداق باھانىلەر بىلەن ئادەم قاماش، باستۇرۇش، ئېلىپ باراتتى. ھەر قېتىملىق ھەربىي ھالەتتە شەھەردە، شەھەر سىرتىدا نۇرغۇنلىغان ئادەمنى، ئۆزلىرى كۆزلەپ قويغان ئىلغارلارنى قولغا ئالاتتى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىناتتى. شۇنداق ھەربىي ھالەتلەردىن بىرى 1947-يىلى 3-ئاينىڭ بېشىدا يۈز بەردى.

مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان خاتىرە دەپتىرىمدىن پارچىلار كەلتۈرىمەن:

"ئوچۇق تېررورلۇق.

تۆتىنچىدىن بەشىنچى مارتقا ئۆتەر كېچىسى سائەت ئىككىدە تېلېفون كەلدى، تۇرۇپ تۇرۇپكىنى ئالسام، ئابدۇكېرىم بىلەن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجى سۆزلىشىۋېتىپتۇ. (ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ تېلېفون لىنىيىمىز بىر بولغانلىقتىن، قايسىمىزغا تېلېفون كەلسە سىگنالى تەڭ جىرىڭلايتتى ۋە ئوخشاش ئاڭلىناتتى). ليۇ ياجى: "سائەت تۆتتىن باشلاپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى، خەلقنىڭ گۇۋاھنامىسى تەكشۈرۈلىدۇ" دېگەن خەۋەرنى ئۇقتۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئابدۇكېرىم بۇنداق قىلىشقا قارشىلىق بىلدۈرۈۋېتىپتۇ. ليۇ ياجى ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ.

ئاخىر، ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئەپەندىمگە تېلېفون بەردى ۋە مېنىڭ يېنىمغا ئۆزى چىقتى. بىز ئۈچىمىز تەڭ ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ قارشىلىق بىلدۈردۇق. ليۇ ياجى بىزگە: "بۇ ھەربىي شتابىنىڭ بۇيرۇقى، مەن رەت قىلالمايمەن" دەپ جاۋاب بەردى ۋە بىزنىڭ تېلېفونلىرىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

تاڭ سەھەر سائەت تۆتتە پۈتۈن شەھەر بويىچە قاتتىق ئاختۇرۇش باشلاندى. ئاختۇرۇش نەنگۇەندىن باشلانغانىدى، كوچىلارغا قوراللىق

ۋاندارمىلار توشۇپ كەتكەنىدى. ئاختۇرۇش دائىرىسى بارغانسېرى بىز تۇرغان تەرەپكە يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز بىزنىڭ باللارنى قوراللاندۇرۇپ تەييارلاپ قويدۇق. ھەرقانداق بىرسى باستۇرۇپ كىرىدىغان بولسا رۇخسەت قىلماسلىققا، ئەگەر زورلۇق بىلەن بىشەملىك قىلسا ئېتىشىشقا قارار قىلىپ قويدۇق.

ئاختۇرۇش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. ساقچىلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى قورۇلارنى تۇتاش ئاختۇرۇپ چىقتى. ئەمما، بىزنىڭ قورۇغا كىرمىدى. بىراق، بىز ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئالاقىلىشالماي ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدۇق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ھالەت دەپ قىلماقچى بولغىنى قانداقتۇر گۇۋاھنامە تەكشۈرۈش بولماستىن، ئۆزلىرىنىڭ قارا تىزىمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ قورال ئاختۇرۇش ۋە ئادەم تۇتۇش ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. دېگەندەكلا، ئىككى-ئۈچ سائەت ئىچىدە بىرمۇنچە ئادەملەرنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئالدۇق.

كۈن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز بىر ماشىنىغا ئولتۇردۇق. ماشىنىنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى بالىنى ماۋزېر بىلەن تۇرغۇزدۇق-دە، كوچىغا چىقتۇق. كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە ھېلىغىچە زىچ ئەسكەرلەر تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھەر 20-30 مېتر ئارىلىقتا بىر كوچىنى توغرىسىغا توسۇپ تۇرغان ئەسكەرلەرمۇ بار. كوچىدا ھېچقانداق ھەرىكەت يوق. بىز ئەسكەرلەر ئارىسىدىن كېتىۋەردۇق، توغرىسىغا توسۇۋالغانلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا سىگنال بېرىپ ئۆتۈۋەردۇق. ئۇلار بىزنىڭ كىملىكىمىزنى كۆرۈپ ماڭدۇرماسلىققا جۈرئەت قىلالمىدى، شۇنداق قىلىپ ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭكىگە يېتىپ كەلدۇق. ئەخمەت ئەپەندىم تېخى بىزنىڭ غېمىمىز بىلەن ئولتۇرغانىكەن.

بىز ليۇ مىڭچۈن، ليۇ زېرۇڭ، چۈي ۋۇلارنى چاقىرتىپ كەلدۇق ۋە ئۇلارغا ھەربىي ھالەتنى دەرھال بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق، ئۇلار بۇ ئىشنى ھەربىي دائىرىلەر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇلار بىلەن

ئالاقىلىشىپ، ئىلاج قىلىپ بېقىشقا ۋەدە بەردى. ئۇلار كېتىپمۇ ھەربىي ھالەت داۋاملىشىۋەردى. ئاخىر، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ھەربىي ھالەت بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

كېيىن ئۇقساق، شۇ كۈنى شەھەرنىڭ ئۆزى ۋە ئەتراپىدىن بولۇپ ئوندىن ئارتۇق ئادەم "ھەربىي ھالەت قائىدىسىگە رىئايە قىلمىغان" دېگەن ئەيىب بىلەن ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. ئاختۇرۇش جەريانىدا "قورال ساقلىغان" دېگەن ئەيىب بىلەن 60 قا يېقىن ئادەم قاماققا ئېلىنىپتۇ.

بىز قامالغان كىشىلەرنىڭ تېزدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ۋە كىشىلەرنى بىكاردىن-بىكار ئاتقانلارنى جاۋابكارلىققا تارتىپ جازالاشنى تەلەپ قىلدۇق. لېكىن، قامالغانلاردىن 20 گە يېقىن كىشى قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، باشقىلىرى قامىلىۋەردى.

بۇ ھەربىي ھالەت نەنكۇەننى تەكشۈرۈش باھانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قىپيالىڭاچ تېررورلۇق بولۇپ، ھېلىغىچە مۇرەككەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئەھۋالنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى."

گومىنداڭچىلار بىزدىن قۇسۇر تېپىش ۋە شۇ ئارقىلىق بىزنى ئىلاج قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى يېڭىلاپ تۇردى. ھەتتا ئوچۇقتىن ئوچۇق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشتىنمۇ يانمىدى.

بىر قېتىم، گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن قوراللىق ئەسكىرى ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرۇشلۇق نەنخۇايۇەننى قورشىۋالدى. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال نەنخۇايۇەنگە يىغىلدۇق. بىزدە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئېلىپ كەلگەن 40 ـ 50 چە جەڭچى بار ئىدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىز ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىمۇ يان قوراللىرىمىز بىلەن مۇداپىئەگە تەييارلاندۇق. يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتـ-چىلىرىنىڭ بۇ يولسىز زوراۋانلىق قىلمىشىغا قەتئىي نارازىلىق

بىلدۈردۇق.

ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەربىي تەھدىت سېلىش ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىش، قورقۇتماقچى بولۇش، بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ئەندىشە، ۋەھىمە سېلىش ۋە ئاخىردا بىزنى ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە كۆنىدىغان، نېمە دېسە ھە دەيدىغان "ياۋاش"لارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا تەسلىم قىلىش ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ بۇنداق نەيرىڭىنى خېلىدىن بېرى بىلەتتۇق. بىز قەتئىي چىڭ تۇردۇق، ئەخمەت ئەپەندىمۇ قايتا-قايتا تېلېفون بېرىش ئارقىلىق قارشىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەتىسى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىزگە، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە قانداقتۇر خەۋپ تۇغۇلغانمىش، ئۇلار ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى مۇھاپىزەت قىلغانمىش. بۇنداق رەزىل ھەرىكەتلەر ۋە ئەپسانە ئويدۇرمىلار جىق بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ، ئابدۇكېرىمنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۆيگە ئىنقىلابچى دېگەن نام بىلەن ھەر خىل ئىشپىيونلىرىنى ئەۋەتىشەتتى. بۇنداق ئادەملەرنى بىز بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇلار شەرمەندە بولۇپ تىكىۋېتەتتى. كېيىنچە قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پىلانلاپ، قاتىللارنى ئەۋەتىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى. گومىنداڭچىلارنىڭ ئاشۇنداق ئىشپىيونلىرىدىن بىرسى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، بىز ئۇنى تۇتۇۋالغانىدۇق. ئۇ ماتېرىيال ئوغرىلاش، پۇرسەت تاپسا مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بىز ئۇنى گومىنداڭچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار ئۇنى "قامىدى"، لېكىن كېيىن "قېچىپ كەتتى".

# ئىككىنچى باب
# گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەيرەڭۋازلىقىغا قارشى كۈرەش

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى هەر خىل ئىغۋاگەرلىك، سۇيىقەستلىك
ۋە قاماش، ئۆلتۈرۈش هەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانىدىن تاشقىرى،
خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى مەسئۇتنى رەئىس قىلدى. جاڭ جىجۇڭ
1947 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا
بىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قاتتىق ئاچچىقى
كەلگەنلىكىنى يوشۇرالمىدى. ئۇ ئىلگىرىكى يۇمشاق قوللۇق سىياسى-
تىنى ئەمدى قاتتىق قوللۇققا ئالماشتۇرماقچى بولدى ۋە بىزنى
سۆھبەتكە چاقىردى. ئۈچ كۈن سۆھبەت قىلدۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ
سۆھبەت جىددىي ئېلىشىش، قاتتىق كۈرەش بولدى. ئۇ: "سىلەر
تىنچلىقنى كاپالەتلىك قىلىشىڭلار كېرەك، ئىنقىلاب دەپ كىشىلەرنى
قۇتۇرتىپ، بىزگە هۇجۇم قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس" دېدى. بىز
"دېموكراتىيە، ئەركىنلىك بولمىسا تىنچلىق بولمايدۇ، خەلقنىڭ
نارازىلىقى، تەلىپى هەققانىي. بىتىم تولۇق ئىجرا قىلىنسۇن. هەربىي
مىلىتارىستلىق، ئۇرۇش، قاماش، ئۆلتۈرۈش ـ قىرىش هەرىكەتلىرى
تامامەن توختىتىلسۇن" دېدۇق. جاڭ جىجۇڭ بىزگە نۇرغۇن دوق
قىلدى هەم ئالدايدىغان گەپلەرنى سۆزلىدى. ئەخمەت ئەپەندىم
ئۇنىڭغا نەزەرىيە، كۆپرەك ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن رەددىيە بەردى.

سۆھبەت ياخشى نەتىجە بېرىش تۇگۇل، زىددىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن تىخمۇتىغ كۈرەش داۋام قىلدى. ئەددى جاڭ جېجۇڭ بىزگە قاتتىق قوللۇق سىياسىتىنى قوللىنىپ، بىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەجلىسىنىمۇ ئۆتكۈزمەي، جاڭ جىيىشىغا تەستىقلىتىپلا 1947 ـ يىلى مايدا ئۆزى رەئىسلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، مەسئۇتنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەسئۇتنى رەئىس قىلغاندىن كېيىن، ”مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، رەئىسى مىللىي بولدى، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىنى قوللىغانلىق“ دەپ تەشۋىق قىلدى. مەسئۇت رەئىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جاڭ جېجۇڭغا خەت يازدى. ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەلق ۋەكىللىرىمۇ قارشى چىقتى، ئۈرۈمچىدە ئېچىلىۋاتقان سىياسىي كېڭەش مەجلىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قارشى چىقىپ جاڭ جېجۇڭغا ئالاھىدە خەت يازدى. لېكىن، گومىنداڭ تەرەپ ئۆزىنىڭ قارارىدا قاتتىق تۇرۇپ، مەسئۇتنى قەتئىي قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. چۈنكى مەسئۇت ئۇلارغا ئىشەنچلىك، ئۇلار ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشىدا گۇمان يوق ئادەم ئىدى. ئۇ ئىچكىرىگە بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ئۇن يىلدىن ئوشۇقراق ئىشلىگەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ باش تەپتىشلىكىگە قويغانىدى.

مەسئۇت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشتى. ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەر-

لىك، خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى
ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى پارچىلاش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھەربىيلىرىگە
يۆلىنىپ تۇرغۇن ئەكسىيەتچى ئىشلارنى قىلدى، ئۇ جىياڭ جىيېشى
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ،
خەلقچىل كۈچلەرگە غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى ۋە زىيانكەشلىك
قىلدى. شۇنىڭدەك ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس، قالىبەك قاتارلىق
باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈچلەرنى
يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن
بىرلىشىپ بىر قاتار ئەكسىيەتچى ئىدىيىۋى تەشۋىق ۋە تەرغىپ
ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. ئۇلار ئۆز چاڭگىلىدىكى «ئەرك»، «يالقۇن»،
«يۇرت» گېزىتى ۋە «ئالتاي» ژۇرنىلى قاتارلىق تۇرغۇن گېزىت،
ژۇرناللارنى داۋاملىق نەشر قىلدى. ئۇلار بۇ تەشۋىقات قورال-
لىرىدىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم
مەپكۇرىسىنى تارقاتتى. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى
ئوچۇق ئاشكارىلاپ بەردى. ئەخمەت ئەپەندىم: «يەنە بىر قېتىم
شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:
"ئۇلار بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئاۋۋال گېزىتلەردە ئاغزىلىرىدىن
كۆپۈكلەرنى چاچرىتىپ خەلققە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە
ئالدىراشتى. گېزىتلەرنىڭ سەھىپىلىرى 'چىنى تۈركىستان'، 'ئۆل-
كىمىز چىنى تۈركىستان بولدى'، 'چىنى تۈركىستاننى تەبرىك-
لەيمىز،... دېگەنگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە تەنتەنىلىك، چىرايلىق ۋە
جاراڭلىق سۆزلەرنى تولدۇرۇۋەتتى. بىزنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ سىرتىدا
تۇرغان، بىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىمىزدىن خەۋىرى بولمىغان ئادەم

بولسا، بۇ گېزىتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىغە مەركىزىي ھۆكۈمەت چوڭ مەردلىك قىپتۇ، شىنجاڭ خەلقى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپتۇ، دېگەن چۈشەنچىلەردە بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ‹چىنى تۈركىستان› خۇش خەۋىرى ئۆلكە خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپ قايغۇ، ھەسرەت كەلتۈردى. ئۆلكە خەلقىنىڭ بەخت-سائادەتلىك ‹توق تۇرمۇشى›نى، ‹مىللىي باشقان›نىڭ① 1948-يىلى 17-ئىيۇندىن باشلاپ يۈرگۈزگەن گۆش يېمەسلىك چارىسى ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆلكىمىزدە جانلىق مالنىڭ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى خەلقىمىزنىڭ ساغلام بەدىنىگە يېپىشىۋالغان، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى ساپ قانىنى شوراۋاتقان ئىككى ئاياغلىق سالجىلاردىن كۆرمەستىن، يېرىم ئاچ، يېرىم توق خەلقىمىزگە ‹جانلىق مالنى يەپ يوقىتىۋېتىپ بارىدۇ.› دەپ تۆھمەت قىلىپ، فاشىست ساقچى ئىتلىرىنىڭ خەلقىمىزگە يەنە قوشۇمچە ئازاب سېلىشى ئۈچۈن سەۋەب تېپىپ بېرىش بىلەن بىزنىڭ غەزىپىمىزنى قوزغىۋەتتى... خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا تاپشۇرۇش — مانا بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى قىلىۋاتقان چېلىشىمىزنىڭ نىشانى“.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەسئۇتىنىڭ رەئىسلىكىگە قارشى ھەرىكىتىنى ۋەھشىيلىك بىلەن باستى. تەلەپ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنى قامىدى، ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇلار ھەربىي ھوكۇمرانلىقىنى ھەرقانچە كۈچەيتسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەسئۇتىنىڭ ئەكسىيەتچى

① مەسئۇتچىلار ”رەئىس“نى تۈركچە ”باشقان“ دەيتتى.

هۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاممىۋى كۈرەشنى بارغانچە كۈچەيتىۋەردى. تۇرپان خەلقى قوراللىق قوزغالدى. ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ قوزغىلىش ئىپادىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى (مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئەكسىيەتچى جياڭ جيېشى گورۇھى مەسئۇتنى داۋاملىق يۆلەۋېرىشكە ئامالسىز قالدى. ئاخىر، 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەسئۇتنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلار خەلقنى داۋاملىق ئالداش ۋە ئۆلكە ۋەزىيىتىنى بىر ئاز "يۇمشىتىش" ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ بېكىتىشنى لايىق تاپتى).

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئىغۋاگەرچىلىك، سۇيىقەستلىك، ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشى، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆرىدىغان بولساق، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئىمزالىغان چۈگچېك بىتىمىنى بىشەملىك بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە يۆلىنىپ، خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئاتالمىش "يۇمشاق قوللۇقلۇقى" ۋە كېيىنكى "قاتتىق قوللۇقلۇقى" پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزىچە "يۇمشاق" ۋە ئۆزىچە "قاتتىق" قىلىۋالىدىغان، ياكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىم تۈزگەن مۇستەقىل "شىنجاڭ سىياسىتى" بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇ گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىيلىرىدىن ئىدى. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە بولسا خېلىدىن بۇيان سول تەرەپكە مايىللىقى بىلەن گومىنداڭ ئوڭچىلىرىدىن پەرق قىلاتتى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۇنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشى، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە كۈچەيتىش بولدى.

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى بولۇپ كېلىپلا پۈتۈن زېھنىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرىشىنى ئۆچۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە ۋۇ جۇڭشىنلارغا ئوخشىمايدىغان ئالامەتلەر روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يەنى، جاڭ جىجۇڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە قاتارلىق ئارزۇلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىچكى جەھەتتە تىنچ بولۇش (بۇ تىنچ بولۇش دېگىنى، قورال كۈچى ئىشلەتمەي بېقىندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈش شارائىتىنى يارىتىش)، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىنى تۇتتى.

ئۇ شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىدا، ئىچكى جەھەتتە: ”مەن شىنجاڭغا چوڭ خەنزۇچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تارىختىكى خاتالىقلىرىنى

تۆزىتىش، تارىختىكى جىنايەتلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن كەلدىم" دېگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، "چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇيىنىڭ 10 ـ يىلى، يەنى زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىغا تەكلىپ سۇنۇش بىلەن شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ... شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، شىنجاڭ رايونىدا، ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلقى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى بىلەن بېسىقتۇرۇپ، ئاندىن تېخىمۇ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن. دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن... شىنجاڭنىڭ تارىخى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تارىخى بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئەزەلدىن ھېچقانداق ئورنى بولماي كەلگەن، قانداقتۇر دېموكراتىيە، ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى..."①

ئۇ 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق ئەكسىيەتچى سىياسىتىنى ھەر ھالدا سۆكۈپ: "بۇرۇنقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بەزەن تەدبىرلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلار

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان جايلىرى بار..."① دەپ ئېتىراپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەر ھالدا خېلى سەمىمىيتى بارلىقى ئۇنىڭ 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جياڭ جىيېشىغا سۇنغان دوكلاتى ۋە گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا شىنجاڭ مەسىلىسىدىن بەرگەن دوكلاتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق تونۇشقا كەلگەن: "پادىشاھ خەن ۋۇدى زامانىدا بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي رايونلارغا بارغان جاڭ چيەندىن تارتىپ، تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا ئەسكەر تارتىپ چىققانغا قەدەر بولغان تارىخ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق، زۇلمەتلىك تارىخ. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار ئۇچرىغان زۇلۇمغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىشىمىز، ئۇلارغا مېھرىبانلارچە قول سۇنۇپ ياردەم قىلىشىمىز كېرەك..."② ئۇ شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەردىن ئالغان تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "... مىللىي نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، بەزىلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى قالاق دېيىشىدۇ. مەن كۆپچىلىككە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى، شىنجاڭدا مەن ئۇچراتقان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ھەرگىزمۇ باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا قالاق ئەمەس. شىنجاڭ خەلقى بەك يېقىملىق ئىكەن. بىز ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كۆرگەن ئەر ـ ئايال

---

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سوھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 41 ـ بەت.

② جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سوھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 49 ـ بەت.

قېرىنداشلىرىمىز نېمىدېگەن كېلىشكەن، نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسلامىيەت روھى، ئۇلارنىڭ جاپاغا چىدامىلىق ئەمگەكچان، ساغلام، تېتىك مىللىي ئالاھىدىلىكى ئادەمنى نەقەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ-ھە؟ راستىنى ئېيتسام، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خەنزۇلىرىمىزنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئىزا تارتىپ قالىمىز. ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ماجاڭ ئوينىمايدۇ، ئەپيۇن چەكمەيدۇ، ھەر كۈنى يۇيۇنىدۇ، تازىلىقى ياخشى.... بۈگۈن بىز ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلاشسۇن دەيدىكەنمىز، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىمىز دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار جۇڭگو مىللەتلىرىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرسىدۇر.“، ”... ئاھالىسى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيتساق، قەدىمكى تارىختا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قالاق ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن نۇرلۇق سەھىپىلەرنى قالدۇرغاندى. ئەپسۇسكى، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە باشقا شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تولۇق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەن... بۇنىڭغا تارىختىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار جاۋابكار بولۇشى كېرەك.“①

جاڭ جىجۇڭ ئەنە شۇنداق تونۇغانلىقتىن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇنداق پىرىنسىپقا ئاساسلانغان:

---

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987-يىل 5-ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 49-، 51-بەتلەر.

"شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ خەلقى تارىختا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ كەلگەن. بۇ خىل زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇرۇنقى پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز ھەمدە مىللەتلەر باپباراۋەر دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەرلىك ھوقۇقى، ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىشىمىز كېرەك."①

ئۇ تاشقى جەھەتتە توختىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى يەنە "دىپلوماتىيە مەسىلىسى" دەپ تونۇغان. "شىنجاڭنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئەزەلدىن تارتىپلا تارىخىي، جۇغراپىيە، مىللىي ئىقتىساد جەھەتلەردە خىلمۇخىل، قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن ھەرگىز زېمىن غەرىزى يوق. لېكىن، ئۇ شىنجاڭدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قويۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چوقۇم دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش لازىم."②

يۇقىرىقىدەك پرىنسىپ بويىچە، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئىچكى جەھەتتە، ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان تىنچلىق سۆھبىتىدە ئۈچ

---

①② جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 9 ـ ، 10 ـ بەتلەر.

ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ سەممىيىتى ۋە يول قويۇشى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش يولىدا بىرمۇنچە كۈچ سەرپ قىلدى ۋە بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشقا ئېرىشتى. تاشقى جەھەتتىمۇ، ئاغزىدىلا ئېيتىپ قويۇشتىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىڭشىيا ۋە قومۇلدا تۇرۇپ قالغان ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇپ كېتىشىگە ياردەملەشتى. جۇڭگو - سوۋېت ھاۋا قاتناش كېلىشىمى ئىمزالىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو - سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. "سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى"نى قۇردى. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا سودا قىلىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىش سۆھبەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى... ۋەھاكازالار.

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ بىر قاتار سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ماھىيىتىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئاغزىدا دېگەن "خەلققە باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە بېرىش" دېگەن شوئارى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئاغزىدا "شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلە" دەپ تۇرۇقلۇق، بۇنى ھەل قىلىشتا ئەكسىيەتچى جىياڭ جېيشىنىڭ "ئۇچۇق ۋە سەممىي كۆرسەتمىلىرى"نى ئىزچىللاشتۇرماقچى بولغانلىقى، ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، مەسئۇت، مەتتىمىن، ئەيسالارغا ھە دەپ يان بېسىشى، مەسئۇتنى

رەئىس قىلىپ كۆتۈرۈپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ شىللىسىگە دەسسىتىپ قويۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئوسمان باندىتنى مەخپىي قوبۇل قىلىشى، ئۇنى رادىئو ئالاقە ئاپپا-راتى، ھەربىي قورال-ياراغ ۋە ھەربىي كۈچ ھەم مەسلىھەتچىلەر بىلەن تەمىنلىشى (گەرچە ئۇ بۇنى سۇڭ شىلىيەنگە ئارتىپ قويغان بولسىمۇ)، تۇرپان-توقسۇن-پىچان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى "تىنچلىق بىتىمىنى بۇزدى" دېگەن بەتنام بىلەن قانلىق باستۇرۇشقا يول قويۇشى، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ تاغ ئىنقىلابىي (تاشقورغان ئىنقىلابىي) قاتناشچىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىشقا يول قويۇشى ۋە ھاكازالار يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت تولىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچەيگەنىدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى "ئۈچ مەسىلىنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلساقلا، شىنجاڭ چوقۇم بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۈچ مەسىلە ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرىدىغان بولساقلا، شىنجاڭ چوقۇم تىنچلىنىدۇ..."① دەپ سىلاپ-سىيپاپ، زىددىيەتلەرنى يوشۇرۇش، سىنىپىي كېلىشتۈرمىچىلىك قىلىش يولى بىلەن ھەل

---

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىلى 5 - ئايدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - بەت.

قىلالمايتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتە "تىنچلىق" سىرتقى جەھەتتە "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش"تىن ئىبارەت ۋاقىتلىق، بىرمەزگىللىك سىياسىتىگىمۇ گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈم جاھىل، خەلققە، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەكسىيەتچى-ئوڭچى كۈچلەر ئىزچىل كەسكىن قارشى تۇرۇپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ شىنجاڭ خەلقىگە بەرمەكچى بولۇپ ۋەدە قىلغان "باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە"نى بېرەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بېرەلمىدى، بۇنىڭغا جاڭ جېيىشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىمۇ يول قويمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىردا ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئاساسەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىپ، بىتىم بۇزۇلدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ساقلىنىپ قالالمىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆزى 1947-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە، ئازراق بىر قىسمىنى سۇڭ شىلىيەن قاتارلىقلارغا ئارتىپ قويۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىنى لەنجۇغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى رەئىسلىككە تەۋسىيە قىلىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇش ۋە سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا 1948-يىلى ئاخىرلاشماي دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامىلنىڭ بىرسى شۇكى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازاد-

لىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى غايەت زور غەلى-بىسىنى ۋە جىياڭ جېيشى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل گۇمران بولۇش تەقدىرىگە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگەندى.

جاڭ جىجۇڭ كېيىنكى كۈنلەردىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسىگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇردى. لېكىن ئاخىرىغا كېلىپ، ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-لىكىدىلا تولۇق ۋە ھەقىقىي ھەل بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇ گومىنداڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تىنچلىق سۆھ-بىتى ئۆتكۈزگۈچى ۋەكىلى بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ شۇ يەردە قېپقالغان كۈنلىرىدە، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ پىكىر-مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 1949-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى قانائەتلىنەرلىك ھەل بولدى. بۇ ئەمەلىيەتنى كۆرگەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتى قانداق بولغانلىقى گەرچە ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە تولۇق يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ماھىيىتى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى خاتا مۆلچەرلەپ، خۇددى جىياڭ جېيشى چۇڭچىڭنى بېتىمىنى يېرتىپ تاشلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، بۇ يەردىكى 11 بىتىمنىمۇ قوپاللىق، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن يېرتىپ تاشلىدى.

مۇشۇنداق شارائىتتا بىز ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ

ئۈرۈمچىدە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئەگەر يەنە تۇرۇۋەرسەك خەلقنىڭ توغرا، ھەققانىي تەلەپلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەشنى يەنە داۋام قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولاتتىكى، خۇددى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىدەك، خوجايىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلىشىگە ئېرىشىپ، كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئۆكتەملىكىگە باھانە تېپىلاتتى. شۇڭا بىز ئىلىغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدۇق.

بىز ئۈرۈمچىدە ۋە يەتتە ۋىلايەتنىڭ باشقا جايلىرىدا تۇرۇشى خەتەر بولغان ئىلغار ئادەملەرنى، ھەربىر ۋىلايەتتىن كېلىپ كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەرنىڭ بىر قىسمىنى، يەنە بىر قىسىم خەنزۇ ئىنقىلابىي ياشلىرىنى ئاۋۋال ماڭدۇردۇق. خەنزۇ يولداشلار خەنزۇ مەتبە ھەرپىدىن بىرنەچچە يەشىك تەييارلىدى. بۇنىمۇ ئىلىغا ماڭدۇردۇق (ئۇ ۋاقىتلاردا ئىلىدا خەنزۇچە ھەرپ ئېھتىياجلىق ئىدى). بىزنىڭ كېتىپ قالغانلىقىمىزنى بىز ئېيتمىساقمۇ گومىنداڭ تەرەپ بىلىپ تۇردى. لېكىن، ئۇلار توسمىدى ھەم توسىيالمايتتى. بەلكى ئۇلار بىزنىڭ بۇ تەرەپتىكى بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنى ئېلىپ كېتىشىمىزنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپمۇ ھېسابلايتتى.

# ئۈچىنچى باب
## بوغداغا ساياھەت (قوشۇمچە)

بىز ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە بولغان بىر ۋەقە ئېسىمدە تۇرىدۇ، ئۇنى مۇشۇ جايدا ئېيتقاچ كېتەي:

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىش باشلانغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بوغدا كۆلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ۋە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىر كاتتا سورۇن ئورۇنلاشتۇردى، بۇنداق پائالىيەتنىڭ نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇ مۇنداق چۈشەندۈردى: بىرسى، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش؛ يەنە بىرى، ئاشۇ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭدىن كەلگەن قورچاق قانۇن پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۈي يۇرېننى كۈتۈۋېلىش؛ ئۈچىنچىدىن، بىتىم سۆھبىتىگە ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بىز ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنى قارشى ئېلىش.

بۇ ساياھەت ۋە زىياپەتنىڭ ھەشەمەتى ئىشنىڭ ئالدىدىلا ئالەمنى مالەم قىلدى، رەسمىي يولغا چىققان كۈنى تېخىمۇ داغدۇغىلىق ۋە ھەيۋەتلىك بولدى. بىتىمگە ئەمەلدىن قول قويۇلغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېڭىلا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ قاتنىشىشقا رازى بولدۇق. 7 ـ ئاينىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدىن بىرى، ئەتىگەندىلا

ئۈرۈمچىدىن فۇكاڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. شەھەردىن چىقىشىمىز
بىلەنلا يولنىڭ ئىككى چېتىگە تىزىلغان قورالىلىق پەخرىي قاراۋۇل-
لارنى كۆرۈپ، بۇ شەھەردىن مېھمانلارنىڭ مېڭىشىنى ئۈزىتىش
بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق. كېيىن شەھەردىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچى
بىلەن فۇكاڭ ئارىلىقىدىكى چۆلگە چىققىنىمىزدا، ئوخشاشلا يولنىڭ
ئىككى چېتىدە بىرەر يۈز مېتىردە بىردىن تەق تۇرغان قورالىلىق
قاراۋۇللار سېپى كۆرۈندى، ئۈرۈمچىدىن فۇكاڭغىچە 60 كىلومېتىر
يول ئارىلىقىدا ئاشۇنداق پەخرىي قاراۋۇللار ئارىسىدا ماڭدۇق.
ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ باش-ئايىغى كۆرۈنمەي قالغان كىچىك ماشىنىلار
قاتىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى، جاڭ جېجۇڭ ئەپەندى
ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن نەنجىڭدىن كەلگەن مېھمانلار، چوڭ-
كىچىك مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلار، خانىملار، ئارتىس-ناخشى-
چىلار، يەنە باشقىلار بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە
ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىمۇ تەكلىپ قىلىنغا-
نىدى. فۇكاڭدىن بوغداغا بۇرۇلغاندىن كېيىن، پەخرىي قاراۋۇللارنى
تۈگىدىمىكىن دېسەك، نەدىكىنى؟ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاغ
باغرى ۋە تاغ چوققىلىرىغىچە تىزىلغان ئەسكەرلەر چوڭ يولدىكى-
دىنمۇ كۆپ ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز بىر
ماشىنىدا ئولتۇرۇپ بۇگۈنكى بۇ ساياھەتنىڭ تەنتەنىسى ئۈستىدە
پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. بۇ ساياھەت ۋە زىياپەتنىڭ مەنىسى شەكىلدە
يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۈچ خىل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاساسىي
مەقسەت بۇ ئەمەس، مەقسەت گېنېرال جاڭ جېجۇڭ ئەپەندى ئۆزى-
نىڭ ئابروينى ۋە گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى كۆرسىتىشتىن
ئىبارەت ئىدى (شۇ قېتىمقى مېھمانلارنى قوغداشقا بىر دىۋىزىيە

ئەسكەر قاتنىشىپتىكەن). "چوڭ داغدۇغىلىق ساياھەت، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ساقچىلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ كېتىپ بارغان ماشىنىلارغا قاراپ، — مىڭلىغان ئەسكەرلەردىن ئىبارەت پەخرىي قاراۋۇللار. بۇ نېمىدېگەن ھۆرمەت! بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكىل، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆچىنى نامايىش قىلىپ، بىزگە تەھدىت سالماقچى، ئەسكەرلەر بولسا، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ قۇلى" دېدى ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا. مەن بۇ سۆزلەرگە قوشۇلدۇم.

فۇكاڭدىن ئۆتۈپ بوغداغا بۇرۇلدۇق، تاغقا يېقىن بىر جايدا ئەسكەرلەر تۇتۇپ تۇرغان ئاتلارغا مىنىپ يەنە ئىلگىرىلىدۇق. تاغ ئاغزىغا كىرگەندە، بىر قىسىم ساقچىلىرى بىلەن ئاتلىق كېتىپ بارغان جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە يېتىشتۇق، ئۇنىڭ يېنىدا مەخسۇس ئاتقا مىنىش كىيىملىرى بىلەن ياۋروپاچە ياسالغان چىرايلىق ئىككى قىز كېلىشكەن ئىككى ئاتقا مىنىپ ئات ئويىنىتىپ كېتىپ بېرىپتۇ، بۇلار جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ يېقىنىدا شاڭخەيدىن كەلگەن قىزلىرى ئىكەن. بىر قاراش بىلەنلا ئۇلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. خەنزۇ قىزلىرىنىڭ ئاتتا بۇنداق ئەركىن ئويناپ كېتىپ بارغانلىقىغا ھەيران قالدۇق، "بۇلارغا ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس، ياۋروپادا يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاتقا مىنىپ ئوينىشى بىر خىل ئادەت. بۇلارمۇ ئاشۇلاردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك" دېدى ئەخمەت ئەپەندىم. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزگە قىزلىرىنى تونۇشتۇردى، بىز ئۇلار بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئىلگىرىلەپ كەتتۇق.

تاغ ئاغزىغا كىرىپ ئۆستەڭدىكى سۇدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلۇ-

شىمىزغا مەخسۇس ياسالغان زەمبىللەردە (جودا) ئولتۇرۇپ ئېگىزگە قاراپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغان ئادەملەر كۆرۈنىدى. بۇ مەنزىرە بەك قىزىق تۇيۇلدى، فۇكاڭدىن بوغدا كۆلگە چىققىچە يەنە 30 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يول بولۇپ، ماشىنا ماڭالمايتتى. ئاتتا ئولتۇرالمايدىغان بەزى بوۋاي ياكى ئاياللارغا زەمبىلدە ئولتۇرماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇ تاغقا چىقىش ئۈچۈن بۇ زەمبىللەر ئالاھىدە ياسالغان ئوخشايدۇ، خېلى چىرايلىق ياسىلىپتۇ، ئۈستىگە كۆرپە-ياستۇقلار سېلىنغان، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇشقا ۋە يۆلىنىپ يېتىشقىمۇ بولىدىكەن. ئالدىدا تۆت، كەينىدە تۆت بولۇپ سەككىز ئەسكەر زەمبىلنىڭ شوتىلىرىنى دولىسىغا قويۇپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ، يەنە تۆتتىن سەككىز ئەسكەر ئىككى تەرەپتە قاتار كېتىپ بېرىپتۇ، بۇلار نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرىدىغانلار ئىكەن. ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئەھۋال بىزگە ئاجايىپ تۇيۇلدى. زەمبىلدە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىسى پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئارقىسىغا يۆلىنىپ بەھۇزۇر كېتىپ بارىدۇ، بەزىلىرى بولسا قورقۇپ زەمبىلنىڭ ئىككى چېتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئارقىدا قالدۇق، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. بىر ۋاقىتتا دەرەخ ئارىسىدىن ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ قاتتىق كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ بىر ياقتىن كۈلۈپ، بىر ياقتىن بىزنى: "چاپسان كېلىڭلار!" دەپ ۋارقىرايتتى. بىز ئاتلىرىمىزنى دېۋىتىپ، ئىلگىرىلەپ بارساق، ئابدۇكېرىم بىرقانچەيلەن بىلەن زەمبىلدە كېتىپ بارغان بىر سېمىز ئادەمنى يانداپ ماڭغاچ كۈلۈشۈپ كېتىپ بېرىپتۇ. سېمىز ئادەم بولسا، زەمبىلدە ئارقىسىدىكى يۆلەككە يۆلىنىپ، زەمبىلنىڭ

ئىككى چېتىنى چىڭ تۇتۇپ تىترەيتتى، ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆلۈۋاتقانلارغا ئاچچىقى كېلىپ ئالىياتتى. بۇ ئادەم بولسا قانون پالاتا باشلىقى يۈي يۈرېن بىلەن نەنجىڭدىن كەلگەن بىر شائىر ئىكەن. ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: "شائىر ئەپەندىم، مۇنچە قىينالغۇچە ئاتقا مىنسلە بولمامدۇ؟" دېگەنىدى. ئۇ: "توختا، زەمبىلنى يەرگە قوي!" دەپ ۋارقىرىدى. زەمبىلنى يەرگە قويغاندىن كېيىن ئۇ چۈشۈپ: "ئات ئەپكەل!" دەپ ۋارقىرىدى.

بىر پەستىن كېيىن، بىر ئەسكەر سېمىز، پاكار، سالپاڭ قۇلاق ئېگەرلىك بىر ئاق ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. ئۇ ئاتنىڭ ھۇرۇنلۇق بىلەن ئاياغ ئېلىشىدىن تەپسە تەۋرىمەس تازا قاشاڭ ئاتلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاتنى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە شائىر ئاتقا قاراپ كەينىگە داجىپ كۆزلىرىنى ئالايتتى - دە، كىشىلەرنىڭ كۈلگىنىنى سېزىپ، دەرھال ئۆزىنى تۈزەپ "غەيرەت"كە كەلدى ۋە يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئاتنىڭ يېنىغا باردى. ئات ئۆزىچە بىر پۇرقىغانىدى، شائىر چۆچۈپ كەينىگە ئىككى قەدەم ياندى، كېيىن ئاتنىڭ بېشىنى سىلىپ شۇك تۇرغىنىغا قاراپ، يەنە ئىلگىرىلىدى، ئىككى ئەسكەر ئاتنىڭ بېشىنى ئىككى تەرەپتىن تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇراتتى. ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ قولتىقىدىن، بىر ئەسكەر ئارقىسىدىن يۆلەپ ئاران بالالىقتا ئۇنى ئېگەرگە چىقاردى. ئۇ ئېگەرنىڭ بېشىنى چىڭ تۇتۇپ، گوياكى بىر بومبىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك، تىترەپ، قورقۇپ ئولتۇراتتى. ئەسكەرلەر ئاتنى يېتىلىدى، ئىككى ئەسكەر ئىككى يېنىدا ئۇزەڭگىدىن پۇتلىرىنى تۇتۇپ ماڭدى. ئۇلار ئالدىمىزدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى يولدىن ئوڭغا بۇرۇلغانىدى، قاتتىق ۋارقىرىغان

بىر ئەنسىز ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز ئاتنى ئىلدامىلىتىپ بارساق، شائىر بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتقانىكەن. ئات ماڭماي جىم تۇرۇپتۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىزگە ئۇنىڭ: ”مېنى چاپسان ئاتتىن چۈشۈرۈڭلار!“ دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. كېيىن ئەسكەرلەر ئۇلىشىپ ئۇنى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئاتتىن چۈشۈردى، ئۇنىڭ سىياقىدىن ھامان قورقۇنچلۇق بىر كەيپىيات بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە قاراپ بىرنېمە دەپ غودۇڭشىدى. بۇ ”مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، سىلەر كېتىۋېرىڭلار“ دېگىنى ئىكەن. بىز چاقچاق بېسىمى بىلەن ئۇنى ئاتقا مىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇق، كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئەسكەرلەرگە ئۇ كىشىنى يەنە ئاشۇ زەمبىلگە سېلىپ، ئاۋايلاپ ئېلىپ مېڭىشنى تاپشۇردى. ئاتقا مىنىپ باقمىغان كىشى ئۈچۈن بۇمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

بوغدا كۆلىنىڭ چوڭ داۋىنىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدۇق، ئايلانما يوللار بىلەن تاغ يوتىلىرىدىن ئايلىنىپ، كىچىك بوغدا كۆلىگە چىققاندا، قۇياش تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بولغانىدى. بىز جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ قىزلىرىغا يېتىشىۋالدۇق. ئۇلار ماھىر ئاتچىلارغا ئوخشاش ئاتتا يېنىك ئولتۇرۇپ ئۆرلەپ كېتىپ باراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنى يانداپ كېلىپ بىللە ماڭدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۇلارغا: ”ئات مىنىشكە بەك ئۇستا ئىكەنسىلەر، قازاق قىزلىرى بىلەن بىر بەيگىگە چۈشۈپ باقامسىلەر يا؟“ دېدى چاقچاق ئارىلاش. ”مېنىڭ سىز بىلەن بەيگىگە چۈشكۈم بار“ دېدى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ كىچىك قىزى چاقچاق قىلىپ، ”مەيلى“ دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ. مەن ”ئەگەر يېڭىلىپ قالس-

گىزچۇ؟” دېگەنىدىم، ئۇنىڭ ئاچىسى: ”يېڭىلىپ قالسا شىنجاڭدا قالىدۇ“ دېدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ: ”ئۇنداق بولسا مەن بەسلىشىپ يېڭىلسام ئېلىپ كېتىدىكەنسىلەر ـ دە؟“ دېدى. ”شۇنداق بولمايچۇ؟“ دېدى قىز ئابدۇكېرىمگە قاراپ كۈلۈپ.

ئارقىمىزدىن ئەخمەت ئەپەندىم جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى، بۇرھان ئەپەندى ۋە يەنە بىر قىسىم ئەربابلار بىلەن يېتىپ كەلدى. بىز داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ قارىغايلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، گۈللۈك چۆپلەر بىلەن پۈركەلگەن تاغ ئۈستىگە چىققانىدۇق، ئالدىمىزدا گۈزەل بوغدا كۆلىنىڭ مەنزىرىسى ئېچىلدى. سۈپسۈزۈك، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بوغدا كۆلىنىڭ سۈيى تۆت تەرىپىگە ھەم ئاسمانغا ھۆسنىنى چېچىپ تۇراتتى، كەڭ قارىغايلىق تاغلارنىڭ يۇقىرىسىدا بوغدا چوققىسى ”مانا مېنى كۆرۈپ قوي“ دېگەندەك قۇياش شولىسى ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇدۇلىمىزدا ئېگىز مۇز تاغ قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى بىلەن پارقىراپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى تاغلارنىڭ دەرەخلىرى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، ئۆز ئالدىغا گۈزەللىكى بار ئىدى.

ــ ئاھ، بەك گۈزەل ئىكەن، ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن، مېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ گۈزەل ئىكەن، ــ دېدى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بوغدا مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ.

ــ شۇنداق، ۋاڭمۇنياڭنياڭ بۇ يەرگە بىكارغا كەلمىگەن ـ دە؟ ــ دېدى بۇرھان ئەپەندى چاقچاق ئارىلاش.

ــ ۋاڭمۇنياڭنياڭنىڭ بۇ كۆلدە يۇتىنى يۇغانلىقى بىر رىۋايەت بولسا، بىز راستتىنلا پۇتىمىزنى يۇيىدىغان بولدۇق، بۇ سۇ بەزى كىسەللەرنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس، ــ دېدى

ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە قاراپ كۈلۈپ.

— شۇنداق بولمايچۇ، بوغدا سۈيى ھەممە سۇلاردىن كۈچلۈك، ئۇنىڭدا ئېرىتكۈچ مېتاللار بار ئىمىش، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ چاقچاق ئارىلاش.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى گەپلەرنىڭ مەنىسىنى سېزىپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، بىز ئاتلىرىمىزنى ئوڭغا بۇراپ كۆل ياقىسىدا بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىز رەڭ تاغ باغرىدىكى تۈزلۈككە تىكىلگەن چېدىرلارغا قاراپ يول ئالدۇق.

بىز قونالغۇغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتۇق، ھەممىمىز بەلگىلەنگەن چېدىرلارغا كىرىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ بىرپەس دەم ئالغاندىن كېيىن تاماققا قىچقاردى. ئەمدى بوغدا كۆلىنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن، بۇ دائىرىدە قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان، بوغدا چوققىسى بولسا ھامان قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. تاغ باغرىدىكى ياپيېشىل كەڭ قارىغايلىق كىشىگە زوق بېرىپ تۇراتتى، كەڭ دائىرىگە تىكىلگەن ئاق چېدىرلار ئەتراپىدا ئادەملەرنىڭ يۈگرى-تۆۋەن ئاۋازدىكى پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مەيدانىنىڭ يۇقىرىسىدىراق بۇتخانىغا ئوخشاپراق سېلىنغان بىر قەۋەتلىك بىر ئىمارەت بار ئىدى. قاتار تىزىپ قويۇلغان كەڭ دۈگىلەك شىرەلەر ئۈستىگە تاماققا كېرەكلىك نەرسىلەر. سەيلەر، ئىچىملىكلەر، تەخسە، پىچاق، قوشۇق ۋە چوكىلار... قويۇلغانىدى. ئىچىملىك — چىشۈيدىن تارتىپ پىۋا، ماۋتەي، ۋوتكا، كانيەك، شامپانىسكىغىچە، ھەممىسى بار ئىدى.

مېھمانلار ئۈستەللەرگە ئولتۇرۇشقا باشلىدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى دۈگىلەك شىرەلەرنىڭ يۇقىرىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن چاسا

ئۇستەل ئالدىدا تۇرۇپ، مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىغا يۇي يۇرېننى، ئاندىن كېيىن مەسئۇت ئەپەندىنى، ئۇنىڭ يېنىغا ئامېرىكا كونسۇلىنى، ئاندىن ئەنگلىيە كونسۇلىنى خوتۇنلىرى بىلەن ئولتۇرغۇزدى. سول يېنىغا ئەخمەت ئەپەندىمنى، كېيىن سوۋېت كونسۇلىنى، ئاندىن باشقىلارنى ئولتۇرغۇزدى، بۇ ئاساسىي ئۇستەلگە ھۆكۈمەت ئەزالىرى مۇلكى ۋە ھەربىي ئەربابلار، چەت ئەل مەسئۇل خادىملىرى، نەنجىڭدىن كەلگەن مېھمانلار ئورۇنلاشتى، ئاندىن قالغان مېھمانلار دۈگىلەك شىرەلەر ئالدىدىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇ-رۇشتى. بۈگۈنكى زىياپەت بىر سىياھەت زىياپىتى، تاغ ئۇستىدىكى زىياپەت بولسىمۇ، شەھەرلەردە تەييارلانغان تەنتەنىلىك زىياپەت-لەردىن قېلىشمايتتى. سەيلەر كېلىشكە باشلىدى، خەيسىلڭ، شىيا، ياخشى بېلىقلار، قارلىغاچ چاڭگىسىدا قىلىنغان شورپىلار... كەينى-كەينىدىن كېلىپ تۇردى. خەنزۇچە تاماق دېسە، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا ئىلى تۇڭگان ئاشخانىلىرىدا يەيدىغان جاسارۇ بىلەن گويۇرۇ كېلەتتى. ئۇرۇمچىدە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىرىنچى قېتىم بىزگە زىياپەت بەرگەندىمۇ سەيلەر مۇنچىلىك جىق بولمىغانىدى، مەن قىزىقىپ سەيلەرنى ساناپ تۇردۇم، ئون بەشكىچە سانىغاندىن كېيىن، گەپ ئارىلاپ سانىيالماي قالدىم.

بىرىنچى ئىسسىق سەي كېلىشى بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئالدى بىلەن قانۇن پالاتا باشلىقى يۇي يۇرېننى ۋە ئۈچ مەملىكەتنىڭ كونسۇللىرىنى ھەم بارلىق مېھمانلارنى بۇغدا كۆلدىن ئىبارەت مۇشۇ گۈزەل جايدا قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزلىدى، ئۇندىن كېيىن، بارلىق خانىملار ۋە ئەپەندىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دەپ قەدەھ

كۆتۈردى.

بىرپەستىن كېيىن، قانۇن پالاتا باشلىقى يۈي يۇرېن قولىغا قەدەھ ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ بوغدا تاغلىرىدەك ئاۋات بولۇشى ۋە بوغدا كۆلى سۈيىدەك تىنچ بولۇشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭنىڭ ۋەيران قىياپىتىنى پاراۋانلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، مېھمانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈردى، ئاندىن كېيىن كەينى-كەينىدىن قەدەھ كۆتۈرۈشلەر بولدى؛ مەسئۇت ئەپەندى، بۇرھان ئەپەندى، خادىۋاڭ، چەت دۆلەت كونسۇللىرى، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار قەدەھكە تەكلىپ قىلىشتى.

بۈگۈنكى ئولتۇرۇش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، زىياپەت باشلىنىپ ئاز ئۆتمەيلا كۆل ئەتراپىنى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق پۈركەشكە باشلىدى، بوغدا چوققىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەيداندىكى بىرقانچە جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۆۋرۈكلەرنىڭ ئۇلمىكىگە گازلىق چوڭ لامپىلار ئېسىلدى. بوغدا قولتۇقىدا كەچكى گۈزەل مەنزىرە پەيدا بولدى. تاماقتىن كېيىن، بىرقانچە خەنزۇ ئارتىسلار ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە ناخشىلىرىنى كۆرسەتتى.

ئەتىسى تۇرۇپ چېدىردىن چىققاندا، قۇياش كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغدىن ئەمدى كۆتۈرۈلۈۋاتقانىكەن، كۆل، ئەتراپ، مۇز تاغ، ئورمان ھەممە تەرەپ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن. پاكىز ھاۋا، گۈزەل كۆرۈنۈش كىشىگە زوق بېغىشلايتتى. ئەتىگەنلىك تاماقنى يېگەندىن كېيىن، ئىختىيارىي ھەرىكەتلەر بولدى، بەزىلەر قارىغايلارنى ئارىلاپ تاغقا ياماشتى، بەزىلەر كۆل بويىغا ماڭدى. گاھىلار بولسا، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، توپ-توپ

بولۇپ پاراڭلاشاتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز ئارقىدىكى تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق، قارىغايلار ئارىسىدىكى بىر كەڭرەك چۆپلۈك بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، كىچىكرەك سەينالىق بىر دۆڭگە چىقتۇق. ئۇ يەردىن قارىغاندا، پۈتۈن بوغدا قولتۇقى تېخىمۇ تولۇق ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى، بىز ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىم بىرنەچچە ساقچى بالىلار بىلەن تاغنىڭ يۇقىرىسىدىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تاياق، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ تۇراتتى، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاغنىڭ يۇقىرىسىغا چىققانچە تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ياخشى جايلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز ئولتۇرۇپ ساقچى بالىلار تېرىپ كەلگەن بۆلدۈرگەنلەرنى يەپ پاراڭلاشتۇق. كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم تاغنىڭ بوغدا چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن بېلىدە بىر بۇتخانا بارلىقىنى ئېيتىپ، شۇ يەرگە بېرىشنى تەكلىپ قىلدى، بىز شۇ ياققا قاراپ ماڭدۇق.

بىز يۇقىرىلىغانسېرى قېلىن قارىغايلىقلار ئارىسىدىكى تىك يوللاردىن مېڭىشقا توغرا كەلدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ھېرىپ-چارچاپ دېگەندەك كىچىككىنە بۇتخانىغا يېتىپ باردۇق، بۇ شەھەر-دىكى چوڭ، ھەشەمەتلىك سېلىنغان بۇتخانىلارغا قارىغاندا، كىچىك ھەم ئاددىي بىر بۇتخانا ئىكەن، بىراق، بوغدا باغرىدىكى مۇشۇ قارىغايلار بىلەن ئورالغان سەينادا بۇتخانا ئىمارىتى خېلى كۆركەم كۆرۈنەتتى. بۇتخانىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. كېيىن بىر ئاز دەم ئېلىپ ئاندىن كۆل بويىغا قاراپ تۆۋەنلەپ، ئۇڭ تەرەپتىكى باشقا بىر يالغۇز ئاياغ يول بىلەن مېڭىپ چۈشتۇق. كۆلنىڭ بويىغا كەلسەك، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىكەن. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ئىككى قىزى چىرايلىق سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى كىيىپ، سۇغا چۈشمەكچى

بولۇپ تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. ئاڭغۇچە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
ھەمراھلىرى بىلەن كېلىپ قالدى-دە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ
بىلەن ئىككىمىزگە قاراپ: ”قېنى مېنىڭ قىزلىرىم بىلەن مۇسابىقىغە
چۈشەلەمسىلەر؟“ دېدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بىلەن ئىككىمىز
مۇسابىقىغە چۈشىمىز دەپ، ئوڭ قوللىرىمىزنى كۆتۈردۇق. كېيىن
دۆڭدىن تۆۋەنلەپ، كۆل قىرغىقىغا چۈشتۇق. بۇ ۋاقىتتا كۆل بويە-
دىكى ئادەملەر ئارىسىدا چاۋاك ھەم قىيقاس-سۈرەن كۆتۈرۈلدى.
بىز كىيىملىرىمىزنى سېلىپ، قىسقا ئىشتانلىرىمىز بىلەنلا تەييار بول-
دۇق. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ قىزلىرى بىزنى تەكلىپ قىلدى،
بىللە سۇغا كىردۇق. بوغدا كۆلىنىڭ سۈزۈك سۈيى تەنلىرىمىزنى
جۇغۇلدىتىۋەتتى، بىرئاز قورۇنغاندىن كېيىن كۆنۈپ قالدۇق،
ئۈزدۇق، ئىككى تەرىپىمىزدە قارىغاي ياغاچلىرىدىن ياسالغان ئىككى
سالدا بىرنەچچىدىن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ماڭماقتا. قارىساق
جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ قىزلىرى بەك ئەركىن ئۈزۈۋاتىدۇ. مەن
ئابدۇكېرىم ئاباسوۋغا: ”ھەي چاغلاشماي چۈشۈپ قاپتۇق جۇمۇ،
قاراڭ ماۋۇ قىزلارنىڭ ئۈزۈشلىرىنى؟“ دېدىم، ”ئاتقا مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ئۈندەشمە دەپتىكەن، غەيرەت قىلىش
كېرەك.“ دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ كۈلۈپ، يەنە بىرئاز ئۈز-
گەندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى قىز بىردەم دۈم ئۈزۈپ، بىردەم
يېنىچە ئۈزۈپ، بىردەم ئوڭدىسىغا ئۈزۈپ، بىزنى زاڭلىق قىلغان-
دەك كۈلۈپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئارقىمىزدا كۆل بويىدىن كۈلكە،
چاۋاك، ۋارقىراش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر-ئىككى يۈز
مېترچە ئۈزۈپ بارغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ماڭا
قاراپ: ”بولمايدىكەن، ئارقىمىزغا قايتايلى، تەسلىم بولايلى“ دېدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا سۇ ئۈزۈشتە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىز خېلى ياخشى ئىدۇق. بىز ئىلى دەرياسىنى قىيپاچ ئۈزۈپ ئۆتەلەيتتۇق. ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ دەريانىڭ بىر چېتىدە، دۆڭرەك قولتۇقلاردا ئۈزەتتى. لېكىن، بۇ "مۇسابىقە"گە بىز راست دېگەندەك چاغلاشماي چۈشۈپ قاپتىمىز. ئىككى ئۆسمۈر قىزنىڭ بىزنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بۇنچىلىك ياخشى ئۈزۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتۇق، ئارقىغا قايتتۇق. قايتقاندىن كېيىن، كۆل بويىدا يەنە چاۋاك، قىيقاس-سۈرەن باشلاندى. كەينى-كەينىدىن توپلانغان ئادەملەر بىرنەچچە يۈزگە يېتەتتى. باردى-كەلدى تۆت يۈز مېتىرچە ئۈزۈش بىزگە ئاسان چۈشمىدى. ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ماڭا قارىغاندا خېلى ھېرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرەت بىلەن ئۈزدى.

ئارانلىقتا كۆلنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلاپ پۈت تېگىدىغان يەرگە كەلگەندە ئۈزۈشنى توختىتىپ، مېڭىپ قىرغاققا چىقتۇق. كۆل بويىدا ئۇرۇلۇۋاتقان چاۋاكلار ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقىپ كەتتى. بۇ چاۋاكلار بىزنىڭ ئۇتۇقىمىزنى قارشى ئېلىش ئەمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چاۋاكلار بىزگە ئانچە ياخشى ئاڭلىنىپ كەتمىدى. لېكىن يېڭىلگەن بولساقمۇ بوش كەلمەسلىك كېرەك دەپ، كەينى چاقچاققا ئايلاندۇردۇق. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى: "قانداق، يېڭىلگەنلىكنى ئېقرار قىلامسىلەر؟" دەپ توۋلىدى، مەن: "كىچىك قىز باللارنى ھۆرمەت قىلىپ قويدۇق-دە؟" دېگەنىدىم، كۆپچىلىك كۈلۈشتى. كېيىن ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ: "شاڭخەيچە ئۇزاق يەردىن كەلگەن مېھمانلار تۇرسا، يەنە كېلىپ شۇنداق گۈزەل قىزلار تۇرسا، بىز ئۇلارنى يېڭىپ قويساق مەردلىك بولمايدۇ-دە" دېدى. ئۇ

سۆزىنى خەنزۇچىغا ئۆرۈپ بەرگەندە، كۈلكە ئاۋازلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۈگۈنكى بۇ "مۇسابىقە" ئاشۇنداق بىر كۈلكىلىك ئويۇن بولۇپ تۈگىدى، بىز كىيىملىرىمىزنى كىيىپ قارىساق، ئۇ ئىككى قىز ئەركىن ئويناپ ئۈزۈپ، ئىككى سالنىڭ ئارىسىدا قايتىپ كېلىشىۋېتىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ بىلەن ئىككىمىز كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇراتتۇق، ئەيسابەگ كەلدى، ئۇ كېلىپ ئولتۇرۇپلا بىزگە چاقچاق قىلدى. بىز مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسا بەگلەر بىلەن كۆز قاراشتا بىر بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەمەلىي مەسىلىلەردە دائىم توقۇنۇشۇپ تۇراتتۇق، بەزى ۋاقىتلاردا خېلى قاتتىق مۇنازىرىلەر قىلىپ، ھەتتا قىزىرىشىپمۇ قالاتتۇق. لېكىن، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مۇئامىلىلىرىمىز يامان ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئەيسابەگ بىر چاقچاقچى ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئىككىمىز كۆپ چاقچاق قىلىشىدىغان ئىدۇق. ئۇ كېلىپلا: "ئىككى ئاداش بىر بولۇپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپتۇ" دەپ كۈلدى، كېلىپ يېنىمىزدا ئولتۇرۇشىغا ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ: "قەدەمنى چاغلاپ باسسىلا، تۆگە ئۇسسۇلغا قوپسا، يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزۇپتۇ" دېدى. ئۈچىلىمىز كۈلۈشتۇق (بىز ئەيسابەگنى ئۆزىنىڭ بويى ۋە مېڭىشىغا قاراپ تۆگە دەپ چاقچاق قىلاتتۇق). كۈلۈشمەكتىن كېيىن ئەيسابەگ قاتتىق چۈشكۈردى. كېيىن مەن ئۇنىڭغا قاراپ: "خانىم سېغىنغان ئوخشايدۇدە؟" دېدىم، كېيىن ئەيسابەگ ئاغزىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈۋاتقاندا، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ كۈلۈپ، "ياغلىقتا لازا بولمىسۇن يەنە؟" دەپ چاقچاق قىلدى. ئەيسابەگ بۇ گەپنى چۈشەنمىدى،

ئاندىن ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ مەنىسىنى سۆزلەپ بەردى:

"ئىككى ئادەم سەپەرگە چىقىپتۇ. سەپەر ئۈستىدە بىرسى چۈشكۈ-
رىۋېرىدىكەن، ئۇنىڭ ھەمرىيى ئەجەب جىق چۈشكۈردۇڭغۇ دېسە،
ئۇ ئادەم خوتۇنۇم سېغىنغان ئوخشايدۇ، دەپتۇ. بۇنىڭ مەنىسىنى
سورىسا ئۇ خوتۇنىنى سېغىنغاندا ئادەم جىق چۈشكۈرىدۇ، دەپتۇ،
كېيىن ھېلىقى ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەن مېنى
زادى سېغىنمايدىكەنسەن، دەپ خاپا بولۇپتۇ، خوتۇنى نېمە گەپ
دەپ سورىسا، ئاۋۇ ئاغىنەمنىڭ خوتۇنى سېغىنغانلىقتىن سەپەر
ئۈستىدە تازا چۈشكۈردى، دەپتۇ، خوتۇنى كۈلۈپ كۆڭلىگە پۈكۈپ
قويۇپتۇ، ئېرى يەنە بىر قېتىم سەپەرگە چىققاندا، ئۇ بىر ياغلىققا
لازىنى سۈركەپ، ئېرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئېرى ھېلىقى
ئاغىنىسى بىلەن يەنە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار يولدا بىر داۋاندىن
ئاشىدىغان بولغاندا، ئاتلىرى ھېرىپ قېلىپ، ئاتنى يېتىلەپ پىيادە
مېڭىشقا توغرا كېلىپتۇ. مېڭىپ-مېڭىپ قاتتىق تەرلەپتۇ، تەرلىگەن-
دىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتكەنىكەن،
چۈشكۈرۈپ كېتىپتۇ، چۈشكۈرگەنچە تەرلەۋېرىپتۇ، تەرلىگەنچە سۈرتى-
ۋېرىپتۇ، سۈرتكەنچە چۈشكۈرىۋېرىپتۇ، مۇشۇنداق قىلىپ بۇ بىچارە
ھېرىپ-ئېچىپ، ئولتۇرۇپ-قوپۇپ، ئاران بالالىقتا داۋاننىڭ
ئۈستىگە چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئاغىنىسى ۋاي ئاداش بۈگۈن خوتۇنۇڭلار
تازا سېغىندىمۇ نېمە دېسە، ئۇ ئاچچىقى كېلىپ، بۇنداق سېغىنغان-
دىن كۆرە، تىللىغان مىڭ ياخشى دەپتۇ، ئۇ سەپەردىن قايتىپ
ئۆيىگە كىرىشىگىلا خوتۇنى ۋاي قانداق كەلدىلە دەپ بولغۇچە ئۇ
ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ۋاي نېم بوللا، نېمە گەپ؟ دېسە، بولدى بۇندىن
كېيىن سەپەرگە چىققاندا سېغىنمايلا قويغىن، سېغىنىشتىن تويدۇم،

دەپتۇ. خوتۇنى تازا راھەتلىنىپ كۈلۈپتۇ..."

شۇنىڭدىن كېيىن بىز چاقچاق ئارىلاش ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق، بىزنىڭ يېنىمىزغا كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى، ئاڭغىچە نەنجىڭدىن قانۇن پالاتاسى باشلىقى بىلەن بىللە كەلگەن بىر ساقاللىق رەسسام يېڭى سىزىلىپ تاختايغا چاپلانغان رەسىمنى ئېلىپ يېنىمىزغا كەلدى، ئۇنىڭ رەسىمنى قىزىقىش بىلەن كۆردۇق، ئۇ بوغدا چوققىسىنى، مۇز تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بوغدا كۆلىنىڭ كەڭ مەنزىرىسىنى سىزىپتۇ. رەسىم خېلى ياخشى سىزىلغانىدى، ھەممىمىز بۇ ئادەمنى ماختىدۇق (بۇ رەسسام شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا يەنە بىرقانچە ئوبدان رەسىملەرنى سىزغانىدى. ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ، بۇ ئادەم مۇشۇ قېتىم شىنجاڭدا قېلىپ، كېيىن ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرىگە ماڭغاندا، قۇمۇلغا يېقىن تاغ ئۈستىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا بولۇپ كەتتى).

ئۇندىن كېيىن ھېلىقى سېمىز شائىر بىرنەچچە ئادەم بىلەن دەرەخ ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى، تەرلەپ ئۇزۇن پەلتوسىنى دولىسىغا ئارتىۋاپتۇ، ھەممىمىز ئۇنى قارشى ئېلىپ، مۇشۇ بوغدا ئىلھامى بىلەن بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ ئۇنچە تەكەللۇپ قىلمايلا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، شائىرانە قىياپەت بىلەن يىراقلارغا تىكىلىپ بىردەم تۇردى-دە، ئوڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ بىر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقسىمۇ، ئۆزىنىڭ قىياپىتىنىڭ مەغرۇرلۇقى بىلەن، تۈنۈگۈنكى زەمبىلدە قورقۇپ ئولتۇرغان، كېيىن ئاتقا مىنىپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن شائىرغا ئوخشىمايتتى. تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن

كېيىن بىلسەك، بۇ بوغدانىڭ، بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن شېئىر ئىكەن. ھەممىمىز ئۇنىڭ شېئىرىغا چاۋاك چالدۇق.

بوغدا كۆلىدىكى ساياھەت ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، ساياھەت ياخشى، كۆڭۈللۈك ھەم تەنتەنىلىك ساياھەت بولدى. ئەسلىدە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ساياھەتنىڭ ۋاقتىنى بىر ھەپتىگە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، بىز قايتىشنى تەلەپ قىلدۇق، چۈنكى بىتىم ئىمزالان قىلىندى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمدى قۇرۇلدى. ھېچقانچە ئىش قىلىنغىنى يوق، خەلق بىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. بىزنىڭ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، مۇشۇنداق چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ ساياھەت قىلىپ يۈرۈشىمىز توغرا ئەمەس ئىدى. بىز قايتىمىز دەپ چىڭ تۇرغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. گۈزەل جاي بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

# يەتتىنچى قىسىم
# ئازادلىق ئالدىدىكى يېڭى كۈرەشلەر

# بىرىنچى باب
# ئومۇمىي ۋەزىيەت

بىز ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ بارغان ۋاقىتلاردا، يەنى 1947 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، مەملىكەت بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى بارغانچە زاۋاللىققا يېقىنلىشىۋاتقان، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇش قەدەممۇقەدەم چوڭ غەلىبە قىلىۋاتقان، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت خەلقى يەتتە ۋىلايەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەنىدى.

## 1. مەملىكەت ۋەزىيىتى

1947 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا، مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە كىشىنى خۇش قىلىدىغان چوڭ ياخشى ئەھۋاللار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋالايلى!» دېگەن يوليورۇقنى چىقىرىپ، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى تەرەققىياتى زور خەلق ئىنقىلابىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتىش بىلەن، جاڭ جېيشىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل

تارمار قىلىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى بەلگىلىدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ 1946-يىلى 7-ئايدىن 1947-يىلى 6-ئايغىچە بولغان بىرىنچى يىلىدا جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا بىرقانچە ئۇرۇش مەيدانىدا پەشۋا بېرىپ، جياڭ جيېشىنى مۇداپىئە كۆرۈش ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ 1-پەسلىدە، يەنى 1947-يىلى 7-ئايدىن 9-ئايغىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇشنى ئازاد رايونلارغا داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئازاد رايونلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي پىلانىنى بىتچىت قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1947-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ يېزىلىرىدا پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا چىقارغان يوليورۇقىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئازاد رايونلاردا ۋە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە پارتىزانلار ئۇرۇشى قانات يېيىپ، نۇرغۇن تايانچ بازىلار مەيدانغا كەلدى، پارتىيىنىڭ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىككىنچى جەڭ مەيدانىنى ئېچىش يوليورۇقىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاچارچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا، زىيانكەشلىككە قارشى 1946-يىلى 12-ئايدىن ئېتىبارەن كۆتۈرۈلگەن دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قوزغالغان ئىشچىلار ۋە باشقا ساھەلەردىكى خەلقنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە، جياڭ جيېشىغا قارشى كۈرىشى

1947 ـ يىلى 5 ـ ، 6 ـ ئايلارغا كەلگەندە ئېخمۇ ئەۋج ئېلىپ، 60 نەچچە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگىچە كېڭەيدى، دېمەك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى غەلىبىلىك ئۇرۇشى بىلەن جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىككى سەپتىكى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنى ئومۇمىي مۇھاسىرىگە چۈشۈرۈپ قويدى، مەملىكەت بويىچە مۇنداق ياخشى ۋەزىيەت شىنجاڭ خەلقىغە، جۈملىدىن بىز ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

## 2. شىنجاڭ ۋەزىيىتى

شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى شۇ چاغدا ھامان جىددىيلەشمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى فاشىستىك قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتتى. قەشقەردە قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئابلەق ئەزىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ياشلار تۇتقۇن قىلىندى. تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەتتا ئادەتتىكى پارتىزانلارمۇ تۇتۇلۇپ، شەپقەتسىز ئۆلتۈرۈلدى. خوتەندە ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابلىز قارىيلار ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلدى ۋە زور بىر قىسىم ئىنقىلابچى ياشلار قولغا ئېلىندى. قەشقەر ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆمەر داموللا ۋالىي قىلىندى. ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەكسىيەتچى گومىنداڭنىڭ يالاقچىسى بولغان سىيىت ئەخمەت خوجا ۋالىي قىلىندى. مۇشۇنداق تۇتقۇن قىلىشلار بىلەن قىرىش، ئۆلتۈ-

رۇش شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

## 3. تۇرپان قوزغىلىڭى

بىز ئىلگىرى قايتىپ كېلىپ، بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتمەستىنلا تۇرپاندا خەلق قوزغالدى. تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مەيدانغا كېلىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېسىمى، تەھلىكىسى، سۇيىقەستى نەتىجىسىدە بولغانىدى.

سۇڭ شىليەن «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ 3 ـ كىتابىدا يازغان ماقالىسىدە بىر تەرەپتىن: "جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىدە قەشقەردە مۇشكۇللۇككە ئۇچراپ قايتقاندىن كېيىن، يول قويۇشتىن قاتتىق پوزىتسىيىگە ئۆزگىرىشى تۇرپان قوزغىلىڭىنى تېزلىتىشىنىڭ ۋە ئىلى تەرەپ بىلەن ئاخىرقى بۇزۇلۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ قالدى" دەپ ئەسلى پاكىتنى ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ يۇقىرىقى سۆزلىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا قوزغىلاڭنى تۇرپان، توقسۇن، پىچانلىقلار ئۆزى باشلىدى، دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولغان ۋە بۇنىڭغا سەۋەب قىلىپ تۇرپاندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ملتىقىنى بۇلىدى، قاتناش ئىشلىرىغا كاشىلا قىلدى، ئاشلىق بۇلىدى، ئابدۇراخمان باشلىق ئادەملەر مەجلىس ئېچىپ تەشكىلىي ھەرىكەت قىلدى، ئەخمەتجانلار ئۇيۇشتۇرغان 400 ـ 500 ئادەم 40 ـ 50 مىلتىق بىلەن توقسۇن ئالغۇيىدا ھەرىكەت قىلدى، لەمجىندە ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ياڭخىدا ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى، دېگەنلەرنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىرمۇنچىلىرى تۆھمەت، "ئەخمەتجان قاسىمى

ئادەم ئەۋەتىپ، ئالغۇيدا قوراللىق ھەرىكەت قىلىدى" دېگەن سۆز تامامەن يالغان. بەزى جايلاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى زورلۇق قىلغاندىن كېيىن مىلتىق تارتىۋېلىش، ساقچىغا كېلىپ ئادەم ئۇرۇشقا، قاماشقا قارشى تۇرۇشقا ئوخشىغان ۋەقەلەر بولغان. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بولۇشىغا گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈشى سەۋەب بولغان. يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قوراللىق ۋەقە چىقىرىپ، شۇنىڭ بىلەن باستۇرۇشقا باھانە تاپماقچى بولغان. "ئابدۇراخمان مەجلىس ئاچتى" دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ بارغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ئىلغار ياشلار ۋە بىر قىسىم ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشۋىق ۋە تەربىيە ئىشىنى ئېلىپ بارغانلىقى راست. ئابدۇراخماننىڭ ۋە تۇرپاندىكى باشقا مەسئۇل ئادەملەرنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ زومىگەرلىكىگە قاراپ تۇردۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ئابدۇراخمان باشلىق يولداشلارنىڭ ئاممىغا چۈشەندۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ قىلماسلىقنى دائىم جېكىلەپ تۇرغانىدۇق. ئەخمەتجان ئەپەندىم نامانجاننى ئالاھىدە چاقىرىپ نەسىھەت قىلغانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز تۇرپانغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلىگەنىدۇق. كېيىن ئۇلار كېتىپ مەن ئۈرۈمچىدە قالغاندا، ھۇشۇر كېرىم، يەنە بىر-ئىككى كىشى (ئىسمىدە قالماپتۇ) كېلىپ ماڭا تۇرپان ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىكىنى، ئەمدى قوزغىلاڭ قىلمىسا خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىشقا رۇخسەت سوراپ ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلىدى. ھەتتا ئۇلار قوزغىلىشنىڭ پىلان، خەرىتىلىردىنمۇ ئېلىپ كەپتۇ. مەن كىشىلەرگە ئېيتىپ، قورالىلارنى يىغىۋېلىڭلار، قوزغىلاڭ قىلىشقا بولمايدۇ، مۇبادا قوزغىلاڭ قىلىش كېرەك

بولسا بىز ئېيتمىز، دېدىم. بۇ گەپ ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ قوزغىلاڭ قىلمىدى. كېيىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن بولماستىن، گومىنداڭچىلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرى تۇرپاندا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئابدۇراخمان مۇھتى، باۋۇدۇن يۇسۇپ قاتارلىق يولداشلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىلاجسىزلىقتىن قوزغالغان. بۇنىڭدىن تۇرپان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بوزەك بولمايدىغان ئىرادىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاشۇنداق ھەر خىل زۇلۇم ۋە زومىگەرلىكىگە چىداپ تۇرالمايۋاتقان چاغدا، گومىنداڭچىلار ئىلگىرىدىن باھانە قىلىپ كەلگەن يەنە بىر ئىشنى، يەنى شېڭ شىسەي ۋاقتىدا مۇسادىرە قىلىنغان يەر-مۈلۈكلەر (مىراس)نى ئىگىلىرى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاشۇ يەر-مۈلۈكلەرنى باشتا سېتىۋالغان ئادەملەرنى قۇتراتىپ ھەرىكەتكە سالغان. يەر، كارىز تالىشىش چاتاقلىرى چىققاندا، شۇنى كۈتۈپ تۇرغان گومىنداڭچىلار دەرھال 400 دىن ئارتۇق ئەسكەر چىقىرىپ، تۇرپان بازىرىدا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئابدۇراخمان مۇھتى قاتارلىقلارنى نەزەربەندكە ئېلىۋالغان. ئابدۇراخمان مۇھتى باشلىق مەسئۇل ئادەملەر بۇنداق ئېغىر خەۋپ ئاستىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈندە شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇ يەردىن قېچىپ ئۇلار ئالدى بىلەن پاقابۇلاق كارىزى دېگەن يەرگە كېلىپ يوشۇرۇنغان. ئۇ يەردە ئاستانە پەيچۇسو باشلىقى رەجەپ توختى بىلەن خەۋەرلەشكەن. ئابدۇراخمان مۇھتى ئاشۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇر-

غاندا تۇرپاندىكى ھەربىي ھالەت ئەھۋالنى ۋە ئابدۇراخمان مۇھە-
تىنىڭ قېچىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە
كەلگەندە ئاللىقاچان خوجانىيازنىڭ زاۋۇتى دېگەن يەرگە يىغىلىپ
تەييار بولغان. بۇ يەردە رەجەپ توختى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ
قوزغىلىش توغرىسىدىكى خېتىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن
سىڭگىم، ياڭخىلارغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ تەييارلىق قىلغان، ئۇ يەر-
لەرگە يېزىلغان خەت ئاستانە پەيچۇسونىڭ باشلىقى رەجەپ توختى
نامىدىن يېزىلغان. ئەتىسى يەنى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە سىڭگىم
ئېغىزىدا تاغقا قاراپ ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇراخمان
مۇھىتى ئىمىن شيەنجاڭ بىلەن كېلىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان.
ئىككى كۈن ئېلىشقاندىن كېيىن تۇرپان تەرەپتىن بىرمۇنچە ئادەملەر
مۇسۇلمانچە دىنىي خەت يېزىلغان بايراقلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،
يېقىن كەلگەندە قوزغىلاڭچىلارغا ئوق چىقارغان. بۇلار ئۆزلىرىنى
ئۆزگەرتىۋالغان ھەربىيلەر ئىكەن. بىرنەچچە كۈن ئېلىشقاندىن
كېيىن، گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ
قوشۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇراخمان
مۇھىتىلار ئۈتەڭئېغىز دېگەن يەرگە چېكىنىپ بېرىپ، ئادەملەرنى
تەرتىپكە سېلىش، قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ
بارغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ئۈچ مىڭدەك بوپتىكەن،
پارتىزانلارنىڭ باشلىقلىقىغا ئابدۇراخمان مۇھىتى، مۇئاۋىنلىقىغا شېر
بەگ، باۋۇدۇن يۈسۈپ، ئىمىن شيەنجاڭ، نامانجانلار سايلانغان.
يەنە ئابدۇقادىر ھەسەن، ھۇشۇر كېرىم، رەجەپ توختى، ئاۋۇت،
ئابدۇجېلىل، ئەزىز قۇربان، ئىسكەندەر ئابدىلەر ھەيئەتلىككە
سايلانغان. شۇنداق قىلىپ، كېيىن بۇلار توقسۇندىن كەلگەن

ئادەملەرنىڭ رىغبىتى بىلەن توقسۇنغا بارغان. ئەمما، بۇ يەردە
ئاشۇ كەلگەنلەر مەلۇم قىلغاندەك جىق ئادەم يوقكەن. گومىنداڭنىڭ
ھۇجۇمى بولسا بارغانچە كۈچىيىۋەرگەن. ئاندىن، بۇ يەردە قوزغىلاڭ-
چىلارنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى بولمىغان، باشلىقلار كېلىشەلمىگەن.
شۇندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ 400 دەك ئەسكىرى كېلىپ، پارتىزان-
لارنى چىقىمغا ئۇچراتقان. ئابدۇراخمانلار ئىلى تەرەپكە كېتىشنى
قارار قىلىپ "قالغانلار قالسۇن، كېتىدىغانلار بىز بىلەن كەتسۇن"
دەپ يولغا چىققان. ئۇلار ئاچزار ھالەتتە نۇرغۇن قىيىن يوللارنى
بېسىپ، ئۇزاق سەپەردىن كېيىن ئاۋۋال ئارالتۆپىگە كېلىپ دەم ئال-
غان، شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى يەنە يولغا چىقىپ، مىللىي
ئارمىيە شتابىدىن ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ باشلىشى بىلەن غۇلجىغا
يېتىپ كەلگەن. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق.

تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ھەربىي قوماند-
دانلىقى نۇرغۇنلىغان ھەربىي قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلغان. سىڭگىم-
دىكى قىسىملاردىن باشقا، تۇرپان، پىچاندىكى ئىككى يىلىك ئەسكەرنى
ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن، ئاندىن باشقا 78-كورپۇس قارىمىقىدىكى
176-دىۋىزىيىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن. يەنە 78-دىۋىزىيىنى يار-
دەمگە تەييارلىغان. مۇشۇنچىۋالا زور كۈچ بىلەن ھەر تەرەپتىن
ھۇجۇم قىلىپ پارتىزانلارنى ناھايىتى چوڭ چىقىمغا ئۇچراتقان. يۇقى-
رىقىلاردىن باشقا يەنە گومىنداڭ ھەربىي قوماندانلىقى 128-دىۋى-
زىيىنى، 46-دىۋىزىيىنى ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ۋە
قوزغىلاڭچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە بۇيرۇغان. شۇنداق قىلىپ
گومىنداڭچىلار ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالغان قوزغىلاڭنى باھانە
قىلىپ تۇرپاندا چوڭ باستۇرۇش، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ

بارغان. تۇرپانـدا قوزغىلاڭغا قاتـناشقانلارنى خالىغانـچە قاماش، ئۆلتۈرۈشتىن باشقا، قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان بىگـۇناھ ئادەملەردىنمۇ نۇرغۇننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ۋەزىيىتى جىددىيـلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەت بىزگە، خەلـققە پايدىـلىق ئىدى. قىرىش، ئۆلتۈرۈشتەك فاشىستلىك ھەرىكەت كۆچەيگەنسېرى خەلقنىڭ گومىنـداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي جەڭگىۋار ئىرادىسى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىگەندى.

## 4. ئۈچ ۋىلايەت ۋەزىيىتى

ئۈچ ۋىـلايەت ۋەزىيـىتى ئومۇمەن ياخـشى ئىـدى. بىتىم بولۇپ بىر ئۇرۇمچىگە مېڭىشىنىڭ ئالدىـدا ئۈچ ۋىـلايەت ھۆكۈمىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانىدى. بىتىم بويىچە ئۈچ ۋىلايەت ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىگە بىۋاسـىتە قارايدىـغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالغانىدى. مۇنداق شارائىتتا، ئۈچ ۋىـلايەت ئىنقىلابىـي ھۆكۈمىتـىنىڭ رەئىسى مارشال ئېلىخانـتۆرىگە چەتئىلدەك تۇرۇشقا توغرا كەلگەن، ئىلىغا ھاكىمبەگ خوجا، تارباغاتايغا باشـۋاي، ئالتايـغا دەلىلـقان ۋالىي بولغانىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن شەكىلـدە ئۈچ ۋىـلايەت يەنە ۋىلايەت بولۇپ تۇرىۋەردى. ئەمەلـىيەتتە ئـۈچ ۋىلايەتـنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندىم يەتتە ۋىلايەتتىن سايلانغان باشقا ھۆكۈمەت ئەزا-لىرى بىلەن بىرلىكتە باشقـۇرۇپ تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبىـرى بولغان ئەخمەتـجان قاسىمـى مەمۇرىي جەھەتتە

ئومۇمي رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەت ئەپەندىمگە بويسۇن-
مايمەن دېگەن ئوچۇق ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ كۆپ-
چىلىك ئىلغار ياشلار، خەلق ئاممىسى ئەخمەت ئەپەندىمنى ھۆرمەت
قىلاتتى، ئۇنى ھىمايە قىلاتتى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە
ئۆتەشلىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلاتتى. ھەربىيلەر ئىنتىزامچان،
ئۆز جايىدا تۇراتتى. مالىيە يامان ئەمەس، مەدەنىيەت، مائارىپ،
تەشۋىقات ئىشلىرىمۇ يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ — ۋەزىيەتنىڭ ياخشى
تەرىپى. لېكىن ۋەزىيەتنىڭ ناچار تەرىپى، ئومۇمي كۆرەشكە پايدى-
سىز تەرىپىمۇ بار ئىدى. بۇ بىزگە خېلى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى.
ئومۇمەن ئالغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرى، مۇتلەق كۆپچىلىك ئىلغار ياشلار، خەلق ئاممىسى — بۇ بىر
تەرەپ ئىدى. بۇلار ئىنقىلابىي كۈچ، ئاساسىي كۈچ ئىدى. يەنىمۇ
مۇھىمى مىللىي ئارمىيە ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا بۇ تەرەپتە
ئىدى. باي-خوجىلار، ئىشان-روھانىيلار، پومېشچىك-ئېكسپىلا-
تاتسىيىچىلەر، يەنە بۇلارنى ياقلايدىغان، ياكى ئۇلارنىڭ تۈگمىنىگە
سۇ قۇيىدىغان يۈگەنسىز ئاتالمىش "ئىنقىلابچى" قەھرىمانلار ياكى
بەزى ھۆكۈمەتسىزلىك ھەرىكىتىنى قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر يەنە بىر
تەرەپ ئىدى. بۇ بىر تەرەپ سان جەھەتتىن جىق ئەمەس،
ھەربىي كۈچ بۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى
ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدا دىنىي،
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەسىرى چوڭ ئىدى، بولۇپمۇ باي-خوجى-
لارنى قاتتىق قوللايدىغان، ئاما ئىچىدە تەسىرى چوڭ بولغان
روھانىي كۈچلەرنىڭ كاشىلىسى ناھايىتى زور ئىدى. يەنە ئۇلارنىڭ
ئىچىدە سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئاز

ئەمەس ئىدى، ھەتتا گومىنداڭ بىلەن تىلەكىداش ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار قولىدىن كەلگەن چارىلەر بىلەن ئۆز مەنپەئىتى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى. بۇ ئىككى خىل كۈچ ئارىسىدىكى ئاساسىي مەسىلە — ھوقۇق مەسىلىسى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا سىنىپىي مەسىلە، يېپىق ھالەتتىكى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى ئىدى. ئەمما يۇقىرى تەبىقىلەر بىلەن ئوچۇق سىنىپىي كۈرەشنى باشلاشقا تېخى شەرت - شارائىت يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تۇتقان پرىنسىپىمىز گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنى نىشان قىلغان بىرلىك سەپ سىياسىتىنى — ھەم كۈرەش قىلىش، ھەم ئىتتىپاق بولۇش سىياسىتىنى قوللىنىش بولدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق مۇرەككەپ كۈرەش ۋەزىيىتىدە ھەم گومىنداڭغا قارشى كۈرەشتە خەلققە توغرا رەھبەرلىك قىلىش، ھەم خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى يۈكىنى ئازايتىپ، مەلۇم يەڭگىللىكلەرنى بېرىش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى.

بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن قوللانغان ئاساسىي پرىنسىپىمىز ۋە سىياسىتىمىز ئەنە شۇنداق بولدى. بۇ مەسىلىدە ئەخمەت ئەپەندىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ناھايىتى جىق ئىشلارنى قىلدى.

بۇ مەزگىلدە قىيىنچىلىقلار جىق، ئاساسىي مەسىلە ئىلىدا ئىدى. ئالتايدا رەھبەرلىكتە مەسىلە يوق، ۋالىي دەلىلقان ئىلغار كۈچلەر بىلەن بىللە خەلققە تايىنىپ ئىش قىلدى. ئۇ ياقتىكى جىددىي كۈرەش ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئۇ ئارقىلىق گومىنداڭچىلارغا قارشى ھەربىي كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئۇسمان گومینداڭنىڭ ياردىمى بىلەن بىرمەزگىل كۆچىيىپ، بىر نۆۋەت سارسۇمبىگىمۇ بېسىپ كىرگەن بولدى، لېكىن دەرھال چېكىندۈرۈلدى. تارباغاتايغا كەلسەك، رەھبەرلىك ئىچىدە مەلۇم زىددىيەتلەر بار ئىدى.

# ئىككىنچى باب
# يېڭى ۋەزىپىلەر

بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتە قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى جىق ئىدى. بىز بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىزمەتنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىۋالدۇق: بىرىنچىسى، ھەربىي خىزمەت؛ ئىككىنچىسى، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي خىزمەت؛ ئۈچىنچىسى، مىللىي خىزمەت. بۇلار ئاساسىي ۋەزىپە. بۇلاردىن باشقا ئەلۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمىتى، ئاياللار خىزمىتى ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى.

## 1. ھەربىي خىزمەت

بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. يەنە جاڭ جيېشىنىڭ ما بۇفاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىش نىيىتى بار ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا ھەربىي كۈچنى يەنە ئۆلغايتىش، دۈشمەننىڭ قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىغا تەييار تۇرۇش كېرەك ئىدى. بەلكى يالغۇز ئۈچ ۋىلايەتنى قوغداشلا ئەمەس، يەتتە ۋىلايەت خەلقلىرىگىمۇ ياردەم قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە قاتنىشىشقىمۇ تەييار تۇرۇش كېرەك ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچى ئاۋۋالقى پارتىزان شەكلىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلاردىن 1945 - يىلى 4 - ئايدا رەسمىي مىللىي ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. بىتىمگە قول قويۇلۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، بىتىمگە ئاساسەن ئەسكەرلەر سانى 12 مىڭغىچە قىسقارتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدىكى ھەربىي قىسىم زاپاس كۈچ بىلەن قوشقاندا 30 مىڭغا يېقىن بولۇپ، بىتىمدىن كېيىن مەلۇم ساندا قىسقارتىلدى. لېكىن 12 مىڭغىچە قىسقارتىلغىنى يوق. چۈنكى گومىنداڭ ئەسكەر- لىرىمۇ قىسقارتىلمىغان، تەتۈرىچە كۆپەيتىلگەنىدى. مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ سانى مەلۇم دەرىجىدە قىسقارتىلغاندىن تاشقىرى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋاقتىدا خىزمەت بىرئاز بوششىپ قالغان، شۇڭا ھەربىي كۈچنى ئۇلغايتىشقا ۋە تەربىيىلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملار ۋە قىسىملارنىڭ سىپپى كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىيىنىڭ ھەربىي تەييارلىقى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىسى ئۈچۈن خېلى جىق خىزمەتلەر قىلىندى. قوراللار تولۇقلاندى، جەڭگىۋارلىقى ئاشۇرۇلدى.

تىنچلىق بىتىم تۈزۈلگەندە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قىسىملار مۇنداق ئىدى:

قوماندانلىق شتابى، باش شتاب، سىياسىي باشقارما، ئارقا سەپ، ئوپېراتىۋ بۆلۈم، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، رازۋېت بۆلۈمى، شتاب ئالاقە ئېسكادرونى، شەھەر كومېندانتى، شتراپ روتىسى، مەركىزىي دوختۇرخانا، ئوپېراتىۋ دىۋىزىيون، ھەربىي مەكتەپ، شىخو دوختۇرخانىسى، ماتورلۇق روتا، زەمبىرەك دىۋىزىيونى، بىۋاستە روتا ۋە شىمالىي يۆنىلىش شتابى، قوماندانلىق باش

شتابىدا يەنە "ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى"نىڭ ھەربىي كومىتېتى بار ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسىملىرى جەمئىي 11 پولك بولۇپ، ئاتلىق ئاتلىق پولك، بەش پىيادە پولك بار ئىدى. بۇ پولكلار: شىمالىي يۈنىلىش پولكى، شىخو پولكى، زاپاس پولك، تېكەس ئاتلىق پولكى، تارباغاتاي ئاتلىق پولكى، سارسۇمبە ئاتلىق پولكى، قوبۇق-سار ئاتلىق پولكى، ساۋەن ئاتلىق پولكى، موڭغۇل ئاتلىق پولكى، كەڭساي ئايرىم ئاتلىق پولكىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىۋاستە قاراشلىق دىۋىزىئون، ئېسكادرون، روتىلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: جەڭگىۋار دىۋىزىئون، زەمبىرەك دىۋىزىئونى، بىۋاستە ئاتلىق دىۋىزىئون، تۇڭگان دىۋىزىئونى، شوتا ئېسكادرونى، شىبە ئېسكادرونى، شتاب ئالاقە ئېسكادرونى، كومېندانت قىسمى، ماتورلۇق روتا، ئايرىم قاراۋۇل روتا قاتارلىق قىسىملار.

پىيادە پولكىنىڭ ئادەم سانى 1500 دىن 1900 گىچە، ئاتلىق پولكىنىڭ ئادەم سانى 1200 دىن 1500 گىچە، دىۋىزىئوننىڭ ئادەم سانى 400 ـ 500 گىچە، كومېندانت ئېسكادرونىنىڭ ئادەم سانى 300 دىن ئارتۇق بولاتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مىللىي تەركىبى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، تۇڭگان، قىرغىز، رۇس، شىبەلەردىن ئىبارەت ئىدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، مۇشۇ قىسىملار تولۇقلاندى، ئاۋۋالقى 11 پولك 13 كە كۆپەيتىلدى، سەپتىن قايتقانلار، زاپاستىكىلەر قايتىپ كەلدى.

ئىلگىرىكى ئاساستا مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. بىر يېرىم ئايلىق تەشۋىقاتچىلار كۇرسى، ئىككى ئايلىق روتا ـ ئېسكادرون سىياسىي كومىسسار مۇئاۋىنلىرى كۇرسى، پولك

دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر كۇرسى... غا ئوخشىغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ، سىياسىي خادىملار تەربىيىلىنىپ تۇردى. ئارمىيە بويىچە ئون خىلدىن ئارتۇق گېزىت نەشىر قىلىنىپ تۇردى. ئۇندىن باشقا قىسىملارغا ئۆزىمىزدە چىقىدىغان ۋە چەتتە چىقىدىغان ھەر خىل ژۇرناللار، نەزەرىيىۋى كىتابلار تارقىتىلىپ تۇردى. «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» قاتارلىق كىتابلارمۇ تارقىتىلىپ، ئوفىتسېرلەر ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. يەنە قىسىملاردا تىياتىر گۇرۇپپىلىرى، ساز كۇرۇژوك-لىرى تەشكىل قىلىنىپ، سەنئەت ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. ئارمىيە بويىچە 109 قىرائەتخانا ئېچىلىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب ھەم ژۇرناللار قويۇلدى. ئارمىيىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساۋاتسىز-لىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلدى. 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ساۋاتلىقلارنىڭ سانى 75 پىرسەنتكە يەتتى. مۇشۇ خىلدىكى بىر قاتار تەدبىرلەر بىلەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۆچەيتىلگەندىن تاشقىرى، نەزەرىيە، ئىدىيە، سىياسىي ھەم مەدە-نىيەت سەۋىيىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقى مۇستەھكەملەندى. مىللىي ئارمىيىدىكى پۈتۈن ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ئىنتىزامىمۇ بارغانچە كۈچە-يىپ باردى، پۈتۈن ئارمىيە بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان ئاڭلىق، ئىنتى-زاملىق جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندى. بۇ يەردە شۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى

ھەر دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ چوڭ ياردەم قىلدى.
ئارمىيىنىڭ قورالى ئاساسەن گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن تارتىۋالغان
قوراللار ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ مەلۇم ساندا قورال بىلەن
ياردەم قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق ياردەملىرى مىللىي
ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىدا چوڭ رول ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا گەپ قىلغاندا مىللىي ئازاد-
لىق كۈرىشىدە جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلغان كۆپلىگەن قۇربان-
لارنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمىز. ھايات قالغان جەڭچى ۋە ئوفىتسېر-
لەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمۇ ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدۇ. بولۇپمۇ
ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ۋە جەڭلەردە رەھبەرلىك رولىنى ئۆتىگەن
ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك، مۇئاۋىن قوماندان-
لىرى دەلىلقان سۇگۇربايوۋ، زۇنۇن تېيىپوۋ، ئابدۇرەھىمجان ھەسە-
نوۋ ۋە باشقا مەسئۇل كادىرلىرىنى، مەسىلەن، پولك كوماندىرلىرىدىن
ماجالوۋ، ئىسمىنوۋ، لېسكىن، مەرغوپ، ئەسئەت، يۈسۈپجان،
ئۇرايىمباي، موگۇتىنوۋ، غېنى باتۇر، يۈسۈپوۋ، ئىنئامجانوۋ،
رەسولوۋ، بايچۇرىن، شۈيېۇتۇڭ، يونۇچوۋ، ئالىيېۋ، بەدەلقان
قاتارلىق يولداشلارنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەك. بۇلار شىنجاڭ
خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى
كۆرسەتكەن. ئايرىم كادىرلار كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بەزى
خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى
خىزمىتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

رەھبەرلىك جەھەتتە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي رەھبەرلىكىدە
چوڭ رول ئوينىغان ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ
بېرىشتا رەھبەرلىك قىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىشىمىز كېرەك. ئەخمەت ئەپەندىم مىللىي ئارمىيىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇ، ئومۇمىي رەھبەرلىكتىن باشقا ۋاقىت چىقىرىپ، كۆپ ۋاقىتتا قىسىملارغا چۈشۈپ، جەڭچى-ئوفىتسېرلەرنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى، قوراللىنىشىنى ۋە تۇرمۇش تەمىناتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەھۋال ئىگەلەپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇراتتى. تۆۋەنگە چۈشكەندە، ھەربىي قىسىملار يېقىن جايدىن ئۆتكەندە قىسىملارغا كىرمەي ئۆتۈپ كەتمەيتتى. ئۇ، جەڭچى-ئوفىتسېرلەرگە سۆز قىلغاندا، ئۇلارغا چوڭ ئىلھام بېرىپ، ئىدىيىدە ئاكتىپلىقنى، كۈرەشتە جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ جەڭچىلەر بىلەن جىقراق سۆزلىشىپ، تۆۋەندىن مەسىلە چېلىقتۇرۇش، ئۇنى ھەل قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەخمەت ئەپەندىم ھەربىي تەمىنات ئىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پۇختا بولۇشى، ترانسپورتنىڭ ياخشى بولۇشى، تاماق نورمىلىرىنىڭ يېتەرلىك ۋە سۈپەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بولسا، جەڭچى-ئوفىتسېرلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە ۋە ئىدىيە تەرەققىياتىغا چوڭ كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەر خىل كادىرلار كۇرسلىرىدا سىياسىي تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەيتتى، ئۇ باشتا باش شتاب سىياسىي باشقارمىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئىدى، كېيىن مەمۇرىي خىزمەتتە ئىشلىگەن چاغلىرىدىمۇ ھەربىيلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى زادى ئەستىن چىقارمىدى. بىر قېتىم ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز شىخودا

ئېچىلغان ئوفىتسېرلەر كۇرسىغا دەرس بېرىشكە باردۇق. ئەسلىدە بىز بىر ھەپتىلىك مۇددەت بىلەن بارغان، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئوفىتسېرلەرنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، غۇلجىدىكى ئىش شۇنچە ئالدىراش بولغىنىغا قارىماستىن، ئۇزاقراق تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز دەرس بېرىش، تۈرلۈك سۆھبەت مەجلىسلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى بىلەن بىرەر ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالغاندۇق.

## 2. ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي خىزمەت

بۇ ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىككىنچى مۇھىم بىر مەسىلە ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي خىزمەت بولدى. ئىدىيىۋى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش بۇ بىر مۇھىم ھالقا ئىدى. ئالدى بىلەن ئاممىنى تەربىيەلەش، بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي ئالدىنقى كۈچ بولغان ئىلغار ياشلارنى تەربىيىلەش بەك مۇھىم ئىدى. ياشلار قوشۇنىدا ئىدىيە ئاساسەن ساغلام بولسىمۇ يەنە خېلى مۇرەككەپچىلىك بار ئىدى. ئاساسلىقى، ئىنقىلابنىڭ نىشانى مەسىلىسى، ئىنقىلابتىكى ئاساسىي كۈچلەرنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش مەسىلىسى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قولىغا تولۇق ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئىدى. مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەردە ئىدىيىنى توغرىلاش، مەيداننى ئېنىقلاش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بىرلىكتە غەيرەت بىلەن ئالغا بېسىش زۆرۈر ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىش بىلەنلا بۇ ۋەزىپىنى چىڭ تۇتتى. بىر ياقتىن ئىدىيىۋى ئەھۋاللارنى تەكشۈ-

رۇپ، تەتقىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن كونكرېت خىزمەتلەرنى تۇتتى. ھوقۇق مەسىلىسىدە ئاممىدا، ئىنقىلابىي زىيالىيلاردا تەلەپ قاتتىق ئىدى. يەنى خوجا ـ بەگلەردىن، روھانىيلاردىن ھوقۇقنى تولۇق قايتۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئومۇمىي ھوقۇقتا ئىگە بولۇپ، ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا ۋە ئاممىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن مەمۇرىي جەھەتتىكى نۇرغۇن ئەمەلىي ھوقۇقلار يەنىلا يۇقىرى سىنىپ ۋە تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئىشقا جىق كاشىلا قىلاتتى. ئەمدى ھوقۇقنى قانداق قىلىپ ئىگەللەش كېرەك، بۇ شۇ چاغدىكى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەت ئەپەندىم ۋە باشقا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ھەربىيدىكى كادىرلارغا، ھەربىي تەشكىللەرگە ھەم بىرقەدەر ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا يۆلىنىپ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ تازا ئۈنۈملۈك بولمىدى. ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتكە ئورتاق بىر ئاممىۋى تەشكىلىي رەھبەرلىك زۆرۈرلۈكى كۆرۈنۈپ قالدى.

ئىدىيىۋى خىزمەتنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئېھتىياجى بىلەن كۆپ مۇزاكىرىدىن كېيىن، بىر ئاممىۋى تەشكىلات ھەم ھوقۇقلۇق تەشكىلات قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. مۇشۇ قارارغا ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ۋە يەتتە ۋىلايەتتىن بولغان خەلقچىل زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلق جەمئىيەتلىرى رەھبەرلىرى ۋە ئاكتىپلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا "شىنجاڭدا

تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى“ (قىسقارتىپ ”ئىتتىپاق“ دەپ ئاتىدۇق) قۇرۇلدى.

بۇ يەردە بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بىز يۇقىرىدا ئېيتقان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ”ئىتتىپاق“نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۆز ئىشىنى توختاتتى. بۇ مەسىلە خېلى ئۇزاق ھەم جىددىي مۇزاكىرە قىلىندى. مۇزاكىرە قىلىنغان ئاساسىي مەسىلە، ئەمدى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئاشكارا مەيدانغا چىقىپ، ھازىرقى ۋەزىپىنى ئۆتەشكە ئاللامدۇ، يوقمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئاشۇ شارائىتتا، كوممۇنىستىك پارتىيە خاراكتېرىنى ئالغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئاشكارا مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پروگراممىسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق تەشكىلاتى ياكى جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى بىر تەشكىلات نامى بىلەن ئىش قىلىشقا تېخى بولمايتتى. شۇڭا، باشقىدىن يېڭى بىر خەلق تەشكىلاتى قۇرۇش، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى مۇشۇ تەشكىلاتقا قوشۇۋېتىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش مۇراجىئەتنامىسىنى تەييارلاپ چىقتۇق. بۇ مۇراجىئەتنامىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇنىڭ خىزمەت ئۇتۇقلىرى، ئۇنىڭ توغرىلىقى توغرىسىدا سۆزلىنىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېيتىلدى، لېكىن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق مەسئۇل كادىرلىرى ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ”ئىتتىپاق“قا قوشۇلۇپ، ”ئىتتىپاق“ تەشكىلى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي رولىنى جارى قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى. دېمەك، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇ-

لۇپ، "ئىتتىپاق" قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي ۋە ۋىلايەتلىك تەشكىلاتلىرىغا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇل كادىرلىرى كىردى. ئەمەلىيەتتە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى "ئىتتىپاق"نىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالدى.

"ئىتتىپاق" قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ئۇنىڭ ئەزالىرى بارلىققا كەلدى، تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. كېيىن ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىمۇ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، ئاندىن كېيىن ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي قىسىم تەشكىلاتى ھەم مايتاغ بىۋاستە تەشكىلاتى قۇرۇلدى. "ئىتتىپاق" نامدا بىر خەلق تەشكىلاتى ياكى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھەممە ساھەدە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ھوقۇقلۇق سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. "ئىتتىپاق" ئەزالىرى 1948 ـ يىلغا كەلگەندە 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، يەتتە ۋىلايەتتە ئىتتىپاق تەشكىلاتى كېڭەيتىلگەندە، سانى 80 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى ھەممە مىللەتتىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار 21 مىڭدىن، ئىشچىلار 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئاندىن قالسا چارۋىچىلار، خىزمەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە يەنە باشقا تەبىقىدىكى ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئەزالارنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئاساسىي كۈچ بولۇپ گەۋدىلىنەتتى.

"ئىتتىپاق" ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ئىشىنى ئېلىپ بېرىشتا «ئالغا» گېزىتى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، «ئوداق» ژۇرنىلىغا ئوخشاش گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىقارغانىدى. "ئىتتىپاق" قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي

كۈرىشىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە رەھبىرىي كۈچكە ئايلاندى. ئۇ قۇرۇلۇشى بىلەنلا خەلقنى تەشكىللەش ۋە تەربىيەلەش ئارقىلىق جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمە-رانلىقىغا ۋە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقىنى چىڭىتىش بىلەن خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى، باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىپ ئىشلىدى. "ئىتتىپاق"نىڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى "ئىتتىپاق" ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بولۇپ، ئۇ "ئىتتىپاق"نىڭ مەركىزىي ھەيئەت ئەزالىرىنى ۋە مەركىزىي ھەيئەتنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولغان تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلايتتى. تەشكىلىي ھەيئەت مەملى-كەت، ئۆلكە ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن زۆرۈر بولغان سىياسىي تەدبىرلەرنى ھەم مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئاقار-تىش، مائارىپ ساھەسىدىكى زۆرۈر تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئىجرا قىلاتتى. بۇ مەزگىلدىكى "ئىتتىپاق"نىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خىزمەت يۆنىلىنىشىنى چوڭ بۇراش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنىڭ يېڭى پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئالغا سۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە "ئىتتىپاق" ئۆزىنىڭ گېزىت، ژۇرناللىرى ئارقىلىق ھەم ھەر خىل يىغىنلاردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى ۋە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى تارقىتىپ تۇردى ھەم مەملىكەت بويىچە خەلق ئازادلىق كۈرىشىنىڭ داۋاملىق

غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلەردە تەربىيىلىنىشى ۋە ئىلھام ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يىغىپ ئېيتقاندا، "ئىتتىپاق" ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدا توغرا نىشانغا قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغان يېڭى بىر باسقۇچنى پەيدا قىلدى. ئۇ بۇ يېڭى باسقۇچتا بىر قاتار خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئازادلىق كۈرىشىگە ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە مەملىكەت بويىچە ئازادلىق كۈرىشىنىڭ غالىبىيىتىنى كۈتۈۋېلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى بىر تۇتاش ھەل قىلىشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

"ئىتتىپاق" ئازادلىقتىن كېيىن مەلۇم مەزگىل داۋام قىلدى. 1950 - يىلى ئۇنىڭ تەشكىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، نىزامنامىسىمۇ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر بىرلىك سەپ تەشكىلاتىلىق رولىنى ئوينىدى. بىراق، ئازادلىق- تىن كېيىنكى ئەمەلىي ئەھۋال، يەنى، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇ- نىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى قولغا ئالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن "ئىتتىپاق"نىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇبىرىشى ھاجەتسىز بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. "ئىتتىپاق" گەرچە ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ زور تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئالغا سۈرۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. "ئىتتىپاق"نىڭ تەشكىلى

ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئۇتۇقلۇق خىزمىتى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىدا مۇھىم سەھىپە ئىگەللىشى كېرەك. ئۇرۇمچىدىكى "خەلق تىياتىرى" "ئىتتىپاق"نىڭ قالغان مەبلىغى بىلەن قۇرۇلدى. مۇشۇ تىياتىر "ئىتتىپاق"نى ئەسكە ئېلىشتا مۇھىم بىر خاتىرە بولۇپ قالدى.

# ئۈچىنچى باب
# مىللىي خىزمەت

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىچكى قىسمىدا، ئىدېئولو-
گىيە ساھەسىدىمۇ جىددىي كۈرەشلەر بولۇپ تۇردى. تارىخىي
نۇقتىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە قارشى كۈرەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي مەسىلىدىكى كۈرەش ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش
ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىدى.

بۇ كۈرەشنىڭ بىر تەرىپىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم
ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلار باشچىلىقىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي
كۈچلەر، يەنە بىر تەرىپىدە ئېلىخانتۆرە باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ
كۈچلەر تۇراتتى. ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەر ماركسىزم-لېنىنىزم
نۇقتىئىنەزىرى مەيدانىدا تۇرۇپ، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم
تەرەپدارلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن ئىزچىل كۈرەش
قىلىپ كەلدى. بۇ كۈرەشنىڭ ئۇتۇقى ۋە ئەھمىيىتى ناھايىتى
زور بولدى.

1946-يىلى 6-ئايدا ئېلىخانتۆرە باشچىلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە
كىشىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى-

دىن چۈشۈپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللىي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت نىشانىسى توغرا يول بىلەن تېخىمۇ تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو تېررىتورىيىسى بولغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ئىكەنلىكى، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەش ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىدىكى بەزى كەمچىلىك، خاتالىقلارنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشلىق ئىلغار ئىنقىلابىي كادىرلار ئۆز ۋاقتىدىلا ئېنىق كۆرۈپ، بۇلارنى تۈزىتىش، داۋاملىق سادىر قىلماسلىق توغرىسىدا ھەر خىل تەدبىرلەر بىلەن بىرمۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە جىق كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈز بەرگەن مىللىي قىساسچىلىققا قارشى تەشۋىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس لۈكچەكلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشىنىڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى. بۇ يولداشلار ھەر مىللەت خەلق

ئامىسىغا خەنزۇ ھۆكۈمرانلار بىلەن خەنزۇ ئەمگەكچى ئامىنىڭ پەرقى بارلىقىنى، تارىختىكى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي قىرغىنغا جاۋابكار بولغۇچىلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى، خەنزۇ ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ باشقا مىللەت ئەمگەكچىلىرىگە ئوخشاشلا ئېزىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى، بولۇپمۇ غۇلجىدىكى خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كۆرگەنىدى. خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش، خەنزۇلار ئىچىدىكى نىيىتى يامان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەتۈر تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىشىنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى، نىشانىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن خەنزۇچە گېزىت چىقارغان، خەنزۇلار ئۆيۈشمىسىنى قۇرغان، خەنزۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئاچقانىدى.

1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى 17 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ مەجلىسىدە بايكۆل، ھەرەمباغ، ئايرودرومنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا قېچىپ كېتەلمەي قالغان بىر قىسىم گومىنداڭچىلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆز بالىلىرىدىن بىرمۇنچىسىنى ئېتىپ تاشلاپ، يەنە بىرمۇنچىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاشۇ تاشلاپ كېتىلگەن خەنزۇ بالىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس يېتىم بالىلار ئۆيى ئېچىش قارار قىلىنغان، قاراردا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

"گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قېچىش ۋاقتىدا تاشلاپ كېتىلگەن يېتىم بالىلار ئۈچۈن دارىلئېيتام (يېتىملەر ئۆيى) تەشكىل قىلىنسۇن:

1. دارىلئېيتامنى ئېچىش ۋە ئىدارە قىلىش مائارىپ نازارىتىگە تاپشۇرۇلسۇن.

2. ئۆي بىلەن تەمىن قىلىش مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇلسۇن.
3. ماتارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سمىتا مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن تەمىنلەنسۇن.
4. غۇلجىغا يېقىن يەردىن دارىلئېتام ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بېرىلسۇن.

بۇلاردىن باشقا، نازارەت ۋە ئىدارىلەر ئىختىيارىدا بولغان خەنزۇ كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ماتارىپ نازارىتىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىمۇ ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان، خەنزۇلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى مال - مۈلۈكلىرى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان بولسا ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇشۇ خۇسۇستا كەلگەن ئەرزلەر بولسا ۋاقتىدا ھەل قىلىش توغرۇلۇق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇق ۋە ئالاقىلىرى چۈشۈرۈلگەن، مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ قانداق ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى ئاڭلانغان ۋە قاراپ چىقىلغانىدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن بەزى نىيىتى بۇزۇق ئادەملەر تەرىپىدىن قىسمەن مەسىلىلەر سادىر قىلىنىدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى نوقۇللا ئۇ مىللەت بىلەن بۇ مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دەپ قارىماي، ئادالەت بىلەن قانۇنىي يولدا ھەل قىلدى. مەسىلەن، 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى 24 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەت مەجلىسىدە بەزى بۇزۇق ئادەملەرنىڭ خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق ۋە باسقۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەسىلىسى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىنىپ مۇنداق قارار چىقىرىلدى:

"ئا. بۇلاڭچى، باسقۇنچىلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە چارە

كۆرۈلسۇن.

ب. بۇلاڭچى، باسقۇنچىلارغا ئەڭ ئېغىر ئالىي جازا قوللىنىلسۇن.

ت. قورالىق باسقۇنچىلىق قىلغان ئوسمان تۇڭگان ۋە قۇتلۇققا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن."

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى گومىنداڭدىن ئەسىر ئېلىنغان خەنزۇ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرگىمۇ مىللىي نۇقتىدىن تۇرۇپ ئەمەس، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ياخشى مۇئامىلە قىلدى، خارلاش، قالايمىقان ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇرۇش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانمىدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرگە ئېلىنغان بەش مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى سالامەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ گېنېرال ۋە كۆپلىگەن ئوفىتسېرلەر بار ئىدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان "ھەربىي ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كومىسسىيىسى (ھەيئىتى)"نىڭ باشلىقى رەشت بابا، مۇئاۋىن باشلىقى سىدىق يۇسۇپوۋ، ئەزالىرى ئاخۇنباي، غىياسىدىن، كامالىدىن تالىپ ۋە ئەمىردىنلەرنىڭ بۇ ئىشنى تولۇق تاماملىغانلىقى توغرۇلۇق ھۆكۈمەتكە يازغان دوكلاتى قاراپ چىقىلغانىدى.

غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇرۇش جەريانىدا ۋە پاتىپاراقچىلىقتا بىرنەچچە يۈز بىگۇناھ خەنزۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن، بۇ خاتا ئىش بىر تەرەپتىن خەنزۇ ۋە يەرلىك مىللەت ھۆكۈمرانلىرى پەيدا قىلغان ئۇزاق يىللىق مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي قىساسچىلىقتىن پايدىلانغان ئاز سانلىق يامان ئادەملەر تەرىپىدىن قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ قانخور

ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنىڭ بىگۇناھ يەرلىك پۇقرالارنى ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن بولغان. مەسىلەن، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىنغاندا، ئىدارە ئىچىدىكى قۇدۇق، تەرەتخانا، قوتانلاردىكى قىغ تېگىدىن باشلىرى كېسىلگەن، جادۇ بىلەن تۇغرالغان، قارنى يېرىپ ئۈچەيلىرى تارتىپ ئۈزۈلگەن، يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغان 200 دىن ئارتۇق يەرلىك ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ جەسىتى تېپىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپى قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىنديې غۇلجىغا بارغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە قانۇنسىز تۇتۇپ كېتىلگەن بىگۇناھ سىياسىي "مەھبۇس" ۋە "گۇمانلىق" ئادەملەر ئىدى.

ئۇندىن باشقا گومىنداڭچىلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلىپ، ئازابلاپ ئۆلتۈرگەن، ھەتتا ئىنقىلابچىلارنىڭ پەرزەنتى دەپ تۇتۇۋالغان نارەسىدە بالىلارنىمۇ قىلچە رەھىم قىلماي قىرغان. ھەبىب يولىنچى، قاسىمجان قەمبىرى، مىنشۇۋلارنىڭ 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە يوللىغان بىر ئىسپاتلىق دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

"1945 - يىلى 1 - فېۋرال كۈنى بىز تۆۋەندە قول قويغۇچىلار 13 نەپەر كىچىك نارەسىدە بالىلارنىڭ ئازابلاپ ئۆلتۈرۈلگەن جەسەتلىرىنى تېپىۋالدۇق. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بوغۇپ، بەزىلىرى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇلارنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ خەنزۇ چېرىكلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى."

دېمەك، يۇقىرىقى ئاز بىر قىسىم پاكىتلاردىنلا كىمنىڭ مىللىي قىرغىن ئېلىپ بارغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۆزىمىز تەرەپكە كەلسەك، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە ۋەكىللىرى خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىلغان غەزەپ، ئۆچمەن-لىكىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ مىللىتى خەنزۇ ئىكەن-لىكىنى تۇتۇۋېلىپ، گومىنداڭ دېمەك قانخور دېمەك، خەنزۇلارمۇ گومىنداڭچى بولغانلىقتىن ئۇلارمۇ گۇناھقا شېرىك دېگەندەك تەشۋى-قاتلارنى يۈرگۈزدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق ئىلغار ئىنقىلابىي كادىرلار بۇ تەشۋىقاتقا دەلمۇدەل قارشى تۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممە مىللەتتە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ ھەممە مىللەتتە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى مىللىي ئەكسىيەتچىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز مىللىتىنىڭ دۈشمىنى بولىدىغانل-قىنى تەكرار-تەكرار تەشۋىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلا-يەت ئىنقىلابىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى خاتا كۆز قاراشلىرى تۈزىتىلدى، شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى بىرمۇنچە ئىدىيىۋى مەسىلىلەر، بولۇپمۇ خاتا كۆز قاراشلار نېگىزىدىن تۈگەپ كەتمىدى.

مىللىي مەسىلىدىكى يۇقىرىقىدەك خاتا كۆز قاراشلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەييارلىقلار كۆرۈلۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغاندىن كېيىن، 1948-يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى بىر دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىننى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى باشقۇرۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ «مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئەخمەتجان قاسىممۇ يىغىن ئاخىرىدا

مۇھىم سۆز قىلدى.

ئابدۇكېرىم ئاббاسوۋ ئۆز دوكلاتىدا، بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمىزنىڭ خاراكتېرى، نىشانى، ئىنقىلاپ جەريانىدا قوللىنىلغان سىياسەتلەر، جۈملىدىن مىللىي سىياسىتىمىز توغرىسىدا نۇقتىلىق توختالدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: "بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە سىرتقى جاھانگىرلارغا ھەم ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرىغا قارشى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت ئېزىلگەن خەلق ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى ۋە قاتناشتى. بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ۋە سىياسىي جەھەتتە ئېزىلگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە كەمبەغەللەشكەن، مەدەنىي جەھەتتە قالاق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە تەڭ ھوقۇقلۇق، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن، مەدەنىي جەھەتتە تەرەققىي تاپقان يېڭى ئۆلكە قۇرۇپ چىقىش." ئابدۇكېرىم ئاббاسوۋ ئۆز سۆزىدە مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: "بىز مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىدە يۇقىرىدىكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەربىر مەسىلىنى توغرا ھەل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي مەسىلىگە مۇۋاپىق ئېتىبار قىلدۇق. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئېلان قىلغان باياناتىتا شىنجاڭدا كۆپ مىللەت بارلىقىنى كۆرسەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقتا تەڭ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇق". ئابدۇكېرىم ئاббاسوۋ 1947 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى بىر مەجلىستە بىزنىڭ ھەربىر مىللەتكە مۇئامىلە قىلىش

مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: "بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە نۇرغۇن مىللەتلەر بار. بىز ھېچقاچان خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ئەمەسمىز. بىز گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتىگە قارشى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي ئېزىش سىياسىتىگە ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىمىز."

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆز سۆزىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار ئۇتۇقلارنى ئېيتىپ ئۆتتى. مەسىلەن، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى مائارىپىنى يولغا قويۇش، ھەر مىللەت تىلىدا دەرسلىك كىتابلار نەشر قىلىش، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، شىبە، موڭغۇل تىللىرىدا گېزىت چىقىرىش، يەنە ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئايلىق ژۇرناللارنى چىقىرىش، بۇندىن باشقا، بەزى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلتايلىرىنى ئېچىش، خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىل قىلىش ۋە باشقىلار.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆز دوكلاتىدا مىللىي سىياسەتنىڭ توغرا تەرىپىنى ۋە ئۇتۇقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە مىللىي مەسىلىدىكى يۈز بەرگەن خاتالىقلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن بىز مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى جەريانىدا قىلچە خاتالىق ئۆتكۈزمىدۇق، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز. بەلكى خاتالىقلارنى پاش قىلىمىز، خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىش تۈپ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىمىز ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىمىز. بىز جىق خاتالىق ئۆتكۈزدۇق. بىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە 'ئەزگۈچى مىللەت ئۆزى تۇغما مەۋجۇت ئەمەس' دېگەننى ياخشى ئويلاشمىدۇق. شۇنداقلا ئەزگۈچى

مىللەت ئىچىدىكى ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچىلەرنى بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى پەرق ئەتمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئوخشاشلا ئېزىلىۋاتقان خەنزۇ خەلقىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى بولدى. مەسىلەن، بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ناھايىتى ئاز سانلىق يامان ئۇنسۇرلار خەنزۇ-لارنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىدى. ئۇلارغا تەگلىك پوزىتسىيىدە بولمىدى. ھەتتا ئۇلارغا تەھدىت سالدى، خەنزۇلارنىڭ مۈلكىنى تارتىۋېلىش، بۇرۇن خەنزۇلارغا قەرزدارلار قەرزىنى بەرمەسلىك، بەزى لۈكچەكلەر خەنزۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاش، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ سېلىشقا ئوخشاش خاتا ئىشلار سادىر بولدى."

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق خاتالىق-لارنىڭ بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، مۇندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىدىكى مۇنداق ئېغىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش، كادىرلار ۋە ئامما ئىچىدە كەڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ھەر مىللەت بىر ئىتتىپاق بولۇپ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقى بىلەن ياخشى ئىتتىپاق بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

مۇشۇ قېتىمقى مەجلىس ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مىللىي مەسىلە-دىكى خاتالىقنى تۈگىتىشتە چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولدى. ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ھەر خىل

ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن، مەجلىسلەر ئۆتكۈزۈش، گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىش، ئېھتىياق ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ ئەمەلىي چارىلەرنى قىلىش، يەنى خەنزۇ مەكتىپى ئېچىش، خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، خەنزۇچە گېزىت چىقىرىش ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق چارىلەر بىلەن كادىرلارنى، ئاممىنى تەربىيىلەپ، يېڭى بەلگىلەنگەن مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا چاقىردى. ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى بۇ توغرىدا كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى بىۋاستە ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ ئۇ كۆپلىگەن دوكلات مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ۋە يازغان ماقالىلىرىدە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا كەڭ توختىلىپ، كۆپچىلىككە تەربىيە بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: "مىللەتچىلىك ھەممە مىللەتلەرنىڭ بىرلىك كۈچىنى تەشكىل قىلالمايدۇ، ئۇ مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەت ئوتىنى ياقىدۇ. باشقا مىللەتنىڭ ئۇنىڭ (مىللەتچىنىڭ) مىللىتىگە دۈشمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ. مىللەتچى مەنتىقىي جەھەتتە ئۆز مىللىتىدىن چىققان مىللىي مۇناپىق ۋە مىللىي ساتقىنلارنى ھىمايە قىلىدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى خالايدىغان بولسا، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق بولغاچقا مىللەتچىلىككە قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىش شەرت. مىللەتداش مىللىي مۇناپىق ھەرگىز ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىدىن كېچىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ."

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە خەلق ئاممىسىغا ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ نىشانىسىنى ھەم

ۋەزىپىسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن ماقالە-سىدە مۇنـداق دېگەنـىدى: "بىزدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تىغى خەلق ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمىنى بولغان مۇتتەھەم ئەكسىيەتچى-لەرگە ۋە ئۇنىڭ تايانچىسى بولغان جاھانگىرلىككە قارىتىلغان بولۇشى كېرەك... پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگودىكى دېموكراتىك تەبىقىلەر جۇڭگودىكى بيۇروكرات ـ فېئودالىزمغا ۋە ئۇنىڭ ھەربىي، سىياسىي كۈچى بولغان ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان دۇنىيا جاھانگىرلىكىگە قارشى كـۈرەش ئېلىپ بارماقتا. پۈتۈن جۇڭگودىكى ئازادلىق ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان خەلق ھەم دېموكراتىك تەبىقىلەر بىزنىڭ ئىتتىپاق-چىلىرىمىز بولىدۇ. جۇڭگودىكى مىلتارىستلار، ئەكسىيەتچى گومىن-داڭچىلار ۋە دۇنىيا جاھانگىرلىكى بىزنىڭ ئازادلىقىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن دېموكراتىك ھەرىكەتنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي خەلقچىل-لەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىرىن-چى باسقۇچىدا سادىر بولغان مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىگە قارىماي، مىللەت ئايرىماي، گومىنداڭسىز، جاھانگىرلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىسىز، مىللەت-لەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەلدىكى ئەركىن، يېڭى، خەلقچىل ئۆلكە قۇرۇشتىن ئىبارەت."

1948 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلانغان مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش خىزمىتى قەدەممۇقەدەم چوڭ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى، 1949 ـ يىلىغا كەلگەنـدە ئۇتۇقلار كۆرۈنەرلىك

بولدى، مىللىي ئىستىپاقلىق كۈچەيدى. ئەلۋەتتە، مىللىي مەسىلىنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئۇ ۋاقىتتا ماركسىزم نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تولۇق ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەڭ مۇھىمى، مىللىي مەسىلىدە يۈز بەرگەن خاتا خاھىشلار تۈزىتىلدى. مىللىي ئىستىپاقلىقنى بۇزىدىغان، خەنزۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان، ھەتتا بەزى لۈكچەكلىك بىلەن بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان بۇنداق ئېغىر خاتالىق ۋە ئەشەددىي قىلىقلار چەكلەندى، تۈزىتىلدى. بىرمۇنچە يامان ئادەملەرگە قەتئىي زەربە بېرىلدى. بۇ كۈرەش ئاسان بولمىدى. بەزى ئەكسىيەتچى، باي پومېشچىكلار ۋە بەزى روھانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خېلى قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. بەزى ھوقۇقدارلار بەزى يامان ئادەملەرنى قۇترىتىپ، بۇ خىزمەتكە پۈتلىكاشاڭ بولدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى كەڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ئاممىغا يۆلىنىپ ئۇنداق قارشىلىق ۋە كاشىلىلارنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارغا يول بەرمەي، ئاخىر مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئۇتۇق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىدى.

# سەككىزىنچى قىسىم
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
# تارىخىي ئەھمىيىتى

# بىرىنچى باب

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە غەلىبە قازىنىشىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئاساسىي ئامىللارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنىڭ ئۆلغىيىشى ۋە كۈچىيىشى.

بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە ھەل قىلغۇچ ئامىل بولدى. ئەگەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك-باراۋەرلىككە ئىنتىلىشى ۋە زۇلۇمغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئىرادىلىرى بولمىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تېزلا بىر تۇتاش كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1944-يىلى مەيدانغا كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا باشلانغان ھەر خىل شەكىلدىكى كۈرەشلىرىنىڭ يىغىندىسى بولدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە، بولۇپمۇ ئالتايدا جۇملىدىن تاشقورغان ئەتراپلىرىدا خېلى بۇرۇنلا شېڭ شىسەينىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ

قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى باشلانغانىدى.

1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي تاغلىق رايونلاردىكى خەلقىنىڭ قارشىلىقىدىن قورقۇپ قوراللارنى يىغىۋېلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. تاغ ئاھالىسىنىڭ قوراللىرى ئەسلىدە سانى چەكلىك ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىدىغان قوپال، كونا قوراللار بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئايرىلسا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئوۋ قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. شىڭ شىسەي شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى "ئالتاي قورال ـ ياراغ ئېنىقلاش كومىتېتى" دېگەن بىرنېمىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقىنىڭ مىلتىقىنى زورلۇق بىلەن يىغىۋېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئىش تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار ناھىيە ھاكىمى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يېتەكچىلىكىدىكى شەرقىي يول قورال ئېنىقلاش خادىملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ ـ تۆت يۈز ئادەم توپلىنىپ، كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋەقە ئالتاي ۋىلايىتىنى زىلزىلىگە سالغانىدى.

ياندۇرقى يىلى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار ئاقاتھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى راقات قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭگىل ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار قاتناشقان، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولغان قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىدى. شىڭ شىسەي "باركۆل ۋە ئالتاي ئۇرۇش مەيدانى قوماندانلىق شتابى" تەسىس قىلىپ، زور ئارمىيە ئەۋەتىپ باستۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار كۆچۈپ يۈرۈپ ئۆزىنى تۇتقۇزمىغانلىقتىن، شىڭ شىسەينىڭ باستۇرۇش

پىلانى ئۇ كۈتكەن ئۈنۈمنى بېرەلمىدى.

1943 ـ يىلى ئەتىيازدا شىڭ شىسەي ئۆز ئارمىيىسى ئۈچۈن 10 مىڭ تۇياق ئات ئىئانە قىلىش بۇيرۇقىنى چىقىرىپ، غەزىپى تاشالماي تۇرغان خەلقنىڭ تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭگىل ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى. فۇكاڭ، باركۆل قازاقلىرىمۇ تۇشمۇتۇشتىن ئاۋاز قوشۇپ دەللىقان سۇگۇربايىۋنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. دەللىقان 25 كىشىلىك يادرو گۇرۇپپا رەھبەرلىكىدىكى "ئالتاي قازاق خەلق گۈللىنىش كومىتېتى" قۇرۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىزان ئەترىتى تەشكىللىدى.

دەل شۇ چاغلاردا تاشقۇرغان تاغلىرىدىمۇ ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى باشلانغان، ئۇلۇغچات بىلەن تاشقورغان ئارىسىدا ئىسھاقبېكنىڭ باشچىلىقىدا قوراللىق پارتىزان ئەترىتى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى.

شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەڭلا كۆتۈرۈلۈشى، بۇ كۆتۈرۈلۈشنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى شەكلىنى ئېلىشى تاسادىپىي ئەمەس، بۇ شىڭ شىسەينىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى تۇپەيلىدىن غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىگە يەتكەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىي قارشىلىقىنىڭ تېخى دەسلەپكى بېشارىتى ئىدى.

شىڭ شىسەي كېتىپ ۋۇ جۇڭشىن كەلدى، دېمەك شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگىنى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم، تېخىمۇ ئېنىتىك قىلىچ، تېخىمۇ قىپيالىڭاچ مىللىي كەمسىتىش بولدى، قىسقىسى، بۆرە

گەتتی، چىلبۆرە كەلدى. جاللات كەتتی، باش كېسەر كەلدى. ئۇ هەر مىللەت خەلقىغە "نەسىلداش ئۇرۇق" دېگەن ئەڭ ۋەھشىي چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ كىشەن ـ كويزىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى خەنزۇ بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پۇت ـ قولىغا سالدى. مۇشۇنداق ئۇچىغا چىققان چوڭ خەنزۇچىلىق، مىللىي زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆپىلەپ كەلگەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىكى قالاقلىق، ھەربىي مىلىتارىستلىق بىلەن ئاق تېررورلۇق — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭدىكى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنى ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىپ، قۇللۇق گىرداۋىغا ئېلىپ باردى.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت ۋە شارائىت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

2. مەملىكەت بويىچە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزلۇكسىز غەلىبىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ بارغانچە ئۇلغىيىشى.

مانا بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى بولدى. 1943 — 1944 ـ يىللىرى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قىرغىنچىلىقى، بۇلاپ ـ تالاپ خانىۋەيران قىلىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن تەسلىمچىلىك، ئىچكىرىگە نىسبەتەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ۋاقىتلار ئىدى. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە

نىسبەتەن ئۇرۇش قىلماسلىق يولىنى تۇتۇپ، ئەسكىرىي كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇ كۈچى بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىرىنچى سەپتە باتۇرلارچە جەڭ قىلىۋاتقان 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئەمما، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە يوقاپ كېتىش تۇگۇل، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ فاشىزمغا قارشى خەلق كۈچلىرىنىڭ كۈرىشىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قازىنىشى، فاشىستىك ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولغان ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇنداق بىر شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلاردا، گومىنداڭ باشقۇرۇۋاتقان رايونلاردا ھەمدە ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالغان رايونلاردا باشلانغان خەلقنىڭ قوراللىق ھەرىكىتى باسقىلى بولمايدىغان دولقۇن بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلغىيىپ، بىرلەشمەكتە ئىدى. دېمەك، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە ھەم مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەن تۇپرىقىنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان، ياپون جاھانگىرلىكى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن، جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسى ئومۇمىيۈزلۈك پاش بولۇپ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان بىر پەيتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىدى.

مەملىكەت مىقياسىدىكى ئاشۇنداق بىر ياخشى شارائىت، ياخشى ۋەزىيەت بولمىغان بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى، قوزغالغاندىمۇ غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3. قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى.

بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە غەلىبە قىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشاتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تارىختىن تارتىپ بۇرۇنقى چارپادىشاھ دەۋرىدىكى روسسىيە بىلەن بولسۇن ياكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولسۇن، تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، مىللىي، دىنىي، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ، ھەتتا تۇغقانچىلىق، تونۇش-بىلىشلىك مۇناسىۋەت قويۇق بولۇپ، ئۇ ياقتىكى ئىلغار ئىدىيە ۋە تەرەققىياتنىڭ بۇ ياققا كىرىشى تېز، تەسىر قىلىشى تېز، ئەكس ساداسىمۇ تېز ئىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى، تەشكىللىنىشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي باشلانماستىن ئىلگىرىلا بۇ تەرەپتىكى

ئىنقىلابىي زىيالىيلار ۋە ئىنقىلابچىلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چىقىپ كېتىپ پاناھلىنىپ، ۋەزىيەت سەل - پەل ئوڭشۇلۇق بولغاندا يەنە قايتىپ كېرەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ۋە ئاساسىي تايانچلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ، ئىسھاقبېك، سەيپۇللايوۋ قاتارلىق يولداشلارمۇ ئىنقىلاب ھارپىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان ياكى بىرمەزگىل شۇ يەردە پاناھلانغانىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىشى ۋە ياردەملىشىشىدە خەلقئارا سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ بار ئىدى، يەنى شېڭ شىسەي كوممۇنىزمغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاسىيلىق قىلغانىدى.

شىنجاڭغا گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشى بىلەن تەڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. 1943 - يىللىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋېللىس شىنجاڭغا كېلىپ "كۆزدىن كەچۈرۈش" ۋە "تەكشۈرۈش" پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇندىن باشقا يەنە ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىستلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەمدە ئامېرىكا نېفىت كومپانىيىلىرىنىڭ قارمىقىدا بولغان "جۇڭگو نېفىت شىركىتى"مۇ

شىنجاڭغا كېلىپ شۆبە شىركەت قۇردى. بۇلارغا ئەگىشىپ زور تۈركۈمدىكى ئامېرىكا ھەربىي ئاخبارات خادىملىرى كەينى ـ كەينى ـ دىن شىنجاڭغا كېلىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ بىر قاتار خەلقئارا "ئويۇن"غا تاماشابىن سۈپىتىدە قاراپ ئولتۇرالمايتتى.

ئاشۇنداق ئەھۋاللار بىرىكىپ شەكىللەندۇرگەن كوممۇنىزمغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز شارائىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈ ـ مىتى ئۆزىنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق بۇرچىغا ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشىنى قوللىدى، كۆرەش جەريانىدا بولسا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەردى.

ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۇنچە تېز ۋە ئاسان بولمىغان بولاتتى.

# ئىككىنچى باب

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشتىن ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان كۆرىشى دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى سەپنىڭ بىر ئۈلۈش كۈچى، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئىنقىلابىي سېپىنىڭ بىر ئەزاسى، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئۈلۈشى سۈپىتىدە ئۆزىگە مۇناسىپ رول ئويناپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەن بولۇپ، تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئىچكى جەھەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق غەربىي قاسنىقىدا، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي دىققەت-ئېتىبارىنى ۋە پۈتۈن كۈچىنى ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىشقا قارىتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن ئۇزاقتا جايلاشقان چېگرا رايوندا قوزغالغان ئىنقىلاب بولغاچقا، شۇ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەييارلىنىپ، باشلىنىپ تاكى غەلىبە قىلغانغا

قەدەر بولغان مەزگىلىدە ئادەم ئەۋەتىپ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشقا يېتىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىپ ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيىدا يولداش ماۋزېدۇڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن مەشھۇر سىياسىي دوكلاتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى 'نەسىلداش ئۇرۇق، دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى. 1943 ـ يىلى ئىكەجاۋ ئايمىقىدىكى موڭغۇل خەلقىغە يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى، 1944 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەلىرى ۋە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ خۇيزۇلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى مانا بۇنىڭ ئوچۇق دېلىلىدۇر. بۇ ـــ چوڭ خەنزۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت."① يولداش ماۋزېدۇڭ

---

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1860 ـــ 1861 ـ بەتلەر.

يۇقىرىقى سۆزىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، گومىنداڭنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنئەندە چىقىدىغان ئورگان گېزىتى «ئازادلىق گېزىتى» ۋە چۇڭچىڭدە چىقىدىغان پارتىيە گېزىتى — «شىنخۇا گېزىتى» قاتارلىقلار شۇ چاغدىكى ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ۋە ئوبزور ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ پارتلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىگە بولغان تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى يەنئەن «ئازادلىق گېزىتى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان جىنايىتىنى پاش قىلىپ، «شىنجاڭ قالايمىقانلىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ، بىر تۇخۇم 200 كويغا چىقتى» دېگەن ماۋزۇدا تۆۋەندىكىدەك خەۋەر

ئېلان قىلدى: "ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت بويىچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۆلكە بولۇپ قالدى. بىر تۇخۇم ھۆكۈمەت پۇلىغا 200 كويغا، بىر خالتا ئۇن ھۆكۈمەت پۇلىغا 30 مىڭ كويغا چىقىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئايلىق تاماق راسخوتى 30 ـ 40 مىڭ كوي ھۆكۈمەت پۇلىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا شېكەر، چاي، رەخت قاتارلىقلارنىڭ باھاسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى."

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى يەنئەن «ئازادلىق گېزىتى» شىنجاڭدىن چۇڭچىڭغا قايتقان بىر پروفېسسورنىڭ سۆھبىتىنى «گومىنداڭنىڭ چىرىك سىياسىتىدىن بىر كۆرۈنۈش ـــ شىنجاڭ خەلقى ئازاب ـ ئوقۇبەتتە!» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ پروفېسسور مۇنداق دېگەن: "شىنجاڭدىكى مەسىلە، ئاساسلىقى، چىرىكلىكتە. بۇرۇن شىنجاڭدا شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بىرلا ئادەم خىيانەتچى بولسىمۇ، بىراق ئۇ باشقىلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلاتتى. ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە خىيانەت قىلمايدىغان ئەمەلدار قالمىدى. خەلق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. مەسىلەن، ئادەتتىكى پۇقرالار ئىچكىرىگە بېرىش ئۈچۈن بىر پارچە يول خېتى ئېلىشقا 200 مىڭ كوي پۇل خەجلىشى كېرەك. شىنجاڭدا كۆپ مىللەتلەر بارلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلارنى پەقەت 'نەسىلداش ئۇرۇق' دەپلا ئاتاۋاتىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئاللىقانداق ھال سوراش ئەمەلدارلىرى ئەۋەتىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىلچىمۇ ھۆرمەت قىلمىدي. بۇنداق ئىكەن، مەسىلە پەيدا بولۇشى ئەجەبلە-

نەرلىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.“

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى يەنئەن «ئازادلىق گېزىتى» سالۇڭ ئىمزاسىدا «شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنىڭ ھەقىد- قىي ئەھۋالى» ماۋزۇلۇق ئوبزور ئېلان قىلدى. ئوبزوردا مۇنداق دېيىلگەن: ”شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بۇرۇن گومىنداڭنىڭ ئاخبارات قامالچىلىقى ۋە بۇرمىلىما تەشۋىقاتى ئارقىسىدا (مەسىلەن، شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنى ’توپىلاڭ‘ دەپ ھاقارەتلىگەنلىكى قاتارلىقلار) ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلەتتى.“ شۇنىڭدىن كېيىن ماقالىدە دېموك- راتىك ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبى، خاراكتېرى ۋە بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇم- يۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى كونكرېت، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ بېرىلگەن، ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: تارىختىن ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ”ئۇزاق مۇددەت چىڭ خاندانلىقى ۋە چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاس- تىدا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ خىل كۈرەشلەر بۇ يەردە پەسەيسە، ئۇ يەردە كۆتۈرۈلۈپ، گاھى پەسىيىپ، گاھى ئۆرلەپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.“، ”شىنخەي ئىنقىلابى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە زاڭزۇلارنى بىرلىشىشكە چاقىردى. بىراق،

جۇمهۇرىيەت هوقۇقىنى ملىتارىستلار تارتىۋالغانلىقتىن، چىڭ خاند-
دانلىقىنىڭ مىللىي زۇلمىنىڭ ئورنىنى يەنىلا چوڭ پومېشچىك ۋە
چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىقتىن ئىبارەت زۇلمى دەس-
سىدى. هەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك هوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى."
بۇ ۋاقىتتا "شىنجاڭدا چوڭ خەنزۇچى پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىلى ياڭ
زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىق ملىتارىستلار كەينى-كەينىدىن
هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋېلىش
ۋە ئېغىر باج-سېلىق يىغىشنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئۈستىدىن تېررورلۇق هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى." نەتىجىدە، شىنجاڭ-
دىكى هەر مىللەت خەلقى ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ كۈرەش قىلدى. ماقا-
لىدە يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب
ئالاهىدە تەهلىل قىلىنغان. ئۇ بولسىمۇ، شېڭ شىسەي هۆكۈمرانلى-
قىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، "ئۇ ئۆزى ئېلان قىلغان
پروگراممىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىرغىن قىلىش
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 100 مىڭدەك ئادەمنى
ئۆلتۈردى." 1941-يىلدىن باشلاپ گومىنداڭغا بىۋاستە قاراشلىق
قوشۇنلار شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرگە قارىتىلغان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېغىر بېسىم تېخىمۇ هەددىدىن
ئاشتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تاۋار ۋە بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن
سېتىۋېلىشتى هەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. خەلقنىڭ تۇرار جاي،
كىگىز ئۆيلىرىنىمۇ ئىگەللىۋالدى. پۇل پاخاللىشىپ، مال باهاسى
ئۇچقاندەك ئۆرلىدى. نەتىجىدە، هەر مىللەت خەلقى تۇرمۇش
كەچۈرەلمەيدىغان ئەهۋالغا چۈشۈپ قالدى. قىسقىسى، چوڭ خەن-
زۇچىلىق يولىنى تۇتقان چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ

زۇلمى توپەيلىدىن، شۇنداقلا ‘ئەمەلدارلار غالجىرلاشسا خەلق ئىسيان كۆتۈرىدۇ’ دېگەن قانۇنىيەتكە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتلەر شىددەت بىلەن پارتلىدى. شۇڭا، شىنجاڭ مەسىلىسى ‘مىللىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتتىن ئىبارەت.’ ماقالىدە يەنە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئەيىبلەنگەن.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى يەنئەن «ئازادلىق گېزىتى» «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبىلىك ۋەزىيىتىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەردە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى يۈز بەرگەندىن بۇيان "گومىنداڭ دائىرىلىرى باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. لېكىن، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ قوشۇنى كۈنسايىن كېڭەيدى. ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدا مۇسۇلمان خەلق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ كۈچى ئۈرۈمچىگە يۈز چاقىرىممۇ كەلمەيدىغان يەرگىچە يېتىپ كەلدى. ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي شەھىرىنى ئىشغال قىلدى...، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر يەنە چۆچەك بىلەن ئىلى رايونلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرماقتا" دېيىلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

”قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى
11 ماددىلىق بىتىم“ ۋە ”قوشۇمچە ھۆججەت 1“ رەسمىي ئىمزالاز-
غاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىككى تەرەپ
تىرىشىپ ھاسىل قىلغان بىتىمنى قوللىدى. جاڭ جىجۇڭ 1 - ئاينىڭ
6 - كۈنى چۈڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن، «شىنخۇا گېزىتى» 3 - ئاينىڭ
8 - كۈنىدىن باشلاپ «جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىلى ۋەقەسىنى ھەل قىلىش
جەريانى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.
خەۋەردە جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىش
سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: ”مىللىي باراۋەرلىك روھى ۋە سىيا-
سىي دېموكراتىيە فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ھەمدە ئوچۇق - يورۇق،
سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، خەلق ئېھ-
تىياجلىق بولغانلىكى دېموكراتىك ھوقۇق ۋە تۈرلۈك ئەركىنلىكلەرنى
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بېرىش ئارقىلىق ھاسىل بولدى“ دېگەن
سۆزىنى ئەينەن نەقىل كەلتۈردى.

1946 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭدا مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۈرە-
شىنىڭ غەلىبە مېۋىسى ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنئەندىكى
«ئازادلىق گېزىتى» ناھايىتى تېزلىكتە، يەنى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
بىرىنچى بېتىگە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە
ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى» دېگەن روشەن ماۋزۇ ئاستىدا خەۋەر ئېلان
قىلدى.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نەنجىڭغا
بارغاندا، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ-

دىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇ- قىغا ئاساسەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ۋە ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋنىڭ تەلەپلىرىنى ئاساسەن قوبۇل قىلدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ بىلەن يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ نەنجىڭدىكى ئۇچرىشىشى ۋە سۆھبىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم پاكىت بولدى.

شىنجاڭدىكى مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىشقا چۈش- كەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلماي، ئۇنى بۇزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەنشى - چاخار - خېبېي رايونىدىكى «خەلق گېزىتى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھەرد- كەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشىگە قىزغىن مەدەت بەردى. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى» «شىنجاڭدىكى سۆھبەت بۇزۇلدى، جياڭ جيېشى مىللىي ئاپتونومىيە تەلىپىنى رەت قىلدى، خەلق مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمىدى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ، "گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا زور قوشۇن تۈرغۇزۇپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئەزگەن ۋە قورقۇتۇپ بۇلاڭ - تالاڭ

قىلغان، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قوراللىق كۈرىشىگە سۇيىقەست بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان" جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر مەسئۇتقا قارشى كۈرەشىنى قوللىدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇ گېزىت «شىنجاڭدىكى توقۇنۇش يەنە داۋام قىلماقتا. خەلق قوشۇنى سارسۇمبىنى قايتا ئىشغال قىلدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلىپ، "گومىنداڭ دائىرىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچىگە 50 - 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن توپلاپ، خەلقنىڭ ئالاھىدە رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. جياڭ جىيېشىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى مۇسۇلمانلارنى ھە دەپ قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. جياڭ جىيېشى باندىت مىللىتارىستلىرى كۆرۈنۈشتە خەلقنىڭ سايلام ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، خەلق نامزاتلىرىنى تۇتۇپ قاماپ قويۇپ، خەلقنى جياڭ جىيېشىنىڭ باندىت قورچاقلىرىنى سايلاش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىشكە مەجبۇرلىدى. خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغۇچىلارنى يالغان جىنايى پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ قولغا ئالدى" دەپ پاش قىلدى. ماقالە يەنە "خەلق چىداپ تۇرالماي شىنجاڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا ئاتلاندى" دەپ يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى تەكىتلىدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان باندىت ئىشغال قىلىۋالغان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى سارسۇمبىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت "ئاھالىسى 700 مىڭدىن ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئومۇ-

مىي ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. خەلق قۇراللىق قوشۇنى تەرەققىي قىلىپ 40 ـ 50 مىڭ كىشىگە يەتتى» دەپ خەۋەر قىلدى.

«خەلق گېزىتى» 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنە «شىنجاڭنىڭ خەلق ئاپتونومىيە ھەرىكىتى تەگىرىتىغىنىڭ جەنۇبىغا قەدەر كېڭەيىدى. بىرقانچە مىڭ پىيادە، ئاتلىق ئامىمە بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، تۇرپان ئويمانلىقىدا جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جياڭ جيېشى باندىتلىرىغا زەربە بەردى» دېگەن تېمىدا تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يېيىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭ‑جىن ئۈچ چوڭ جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇ دې خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يۈرۈش قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ دالا ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا ئىچكىرىلەپ يۈرۈش باشلىدى، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلا‑

يەت ئىنقىلابىغا يۈقىرى باھا بېرىپ ئەخمەتجانغا يازغان خېتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە ئالاقچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىپ كەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 1949 ـ يىلى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلاپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

# ئۈچىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئۆتۈق ۋە تۆھپىلىرى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي گەرچە كىچىككىنە بىر دائىرىدە قوزغە-لىپ غەلىبە قىلغاندەك كۆرۈنسمۇ، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۆتۈق ۋە تۆھپىسى مۆلچەردىكىدىن كۆپ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۆتۈق ۋە تۆھپىسىنى چوڭ جەھەتتە ئىككى تەرەپتىن كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى ماھىيەتتە خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئىلغار كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە فاشىزمىنى دەپنە قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشىگە مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتتىن مەلۇم مەدەت بېرىش بىلەن بىللە، ئىچكى جەھەتتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش-كىمۇ قاتنىشىپ بىر ئۇلۇش كۈچىنى تەقدىم قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە مەيلى گېرمانىيە، مەيلى ياپونىيە ياكى باشقا جاھانگىر كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە، ئۇلارنىڭ خەلقئارا فاشىزمغا قارشى كۈچلەرگە تەھدىت سېلىشىغا يول قويمىدى. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلىپ كۈرەش ئېلىپ بارغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ

دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى سەپتە تۇرغۇچى مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئۆلۈشى بولۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان شانلىق ئىنقىلابىي كۈرەش دەۋرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنىنى بەنت قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭدىمۇ بىر ئازادلىق ئۇرۇش سېپى ئاچتى. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بولمىغان ۋە غەلبە قازانمىغان بولسا ياكى ئۆز غەلىبىسىدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئالدامچىلىق نەيرىڭىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تارتقۇزۇپ قويغان بولسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ 80 پىرسەنتىنى، ھېچ بولمىغاندىمۇ 50 پىرسەنتىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى سالغان، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى جۈملىدىن غەربىي شىمالنىڭ ئازادلىقىنى كەينىگە سۈرگەن بولاتتى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان بولاتتى.

شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن ئالغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇق ۋە تۆھپىلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي باشلىنىش بىلەنلا، يەنى 1944 - يىلى 11 - ئايدىن تارتىپ 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە بولغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە

ئىلى، تارباناتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تولۇق ئازاد قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شۇ جايلاردىكى سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي كۈچىنى تولۇق تارمار قىلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىغە زور ئىلھام بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت تەييارلىدى.

ئىلقىدىن باشلانغان خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ بىر يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىشى ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ بىرقەدەر چوڭ ئۇتۇق بولدى. بۇ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى — ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئىنقىلابنى قوللىدى، ئۇرۇش ئوتى پارتىلىغاندىن كېيىن، ھەممە يەردە خەلق ئاۋاز قوشۇپ، چاپسانلىق بىلەن كۆرەشكە ئاتلىنىپ كەتتى. ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن ئىنقىلابقا يار-يۆلەك بولدى. پارتىزانلىق ھەرىكەتتىن تارتىپ رەسمىي ئارمىيە قۇرۇلغانغىچە خەلق ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن جېنىنى ئايىماي، پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان خەلقنىڭ سانسىز ئوغۇل-قىزلىرى ساپ قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىش بىلەن ئۈرۈمچىگە ۋە باشقا يەتتە ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە چوڭ تەھدىت سالدى، پۈتۈن شىنجاڭ زىلزىلىگە كەلدى.

2. پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچ ۋىلايەت

ئنقلابى باشلنش بلەنلا شنجاڭنڭ باشقا يەرلردە كۆتۈرۈلگەن ئنقلابي كۆرەشلەر يەنە بر بالداق يۇقرى كۆتۈرۈلدى. خەلقنڭ ئۈچ ۋلايەت ئنقلابغا بولغان هېسداشلقى، قوللشى ۋە ئۈچ ۋلايەت ئنقلابنڭ غەلبسنى تەقەززالق بلەن كۈتۈشدن ئبارەت ئومۇمي جۇشقۇن ۋەزيەت مەيدانغا كەلدى. بۇنڭ بلەنلا قالماستن تاشقورغاندكى پارتزانلق كۆرشى ئۈچ ۋلايەت ئنقلابنڭ بر قسمى سۈپتدە مۇنتزم قوراللق هەركەت بولۇپ شەكللەندى. بۇ گومنداڭنڭ قەشقەر ۋلايتدكى هەربي كۈچگە تەهدت سالدى. قۇمۇلدا پارتزانلق هەركتى مەيدانغا چقتى. تۇرپاندا ۋە يەنە باشقا جايلاردا خەلقنڭ قوراللق هەركەت تەييارلقى ئېلپ بېرلدى. ئۈچ ۋلايەت ئازاد قلنپ، ئۈچ ۋلايەتنڭ قوراللق كۈچى ماناس دەرياسغا كەلگەندە ۋە ئۈرۈمچگە هۇجۇم قلشقا تەييارلانغان ۋاقتتا، گومنداڭنى قورالق بېسقتۇرۇشنى توختتشقا مەجبۇر قلدى ۋە گومنداڭ هۆكۈمتنى تنچلق سۆهبتى ئۈستلدە ئۆلتۈرۈپ تنچلق بتمى تۈزۈشكە قستدى. تنچلق بتم تۈزۈلۈپ، بتمگە ئاساسەن برلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلدى، بز يۇقرىدا ئېيتقاندەك، گەرچە گومنداڭ ئەكسيەتچلرنڭ كاشلسى ۋە قارشلقى بلەن بتم بۇزۇلغان ۋە برلەشمە هۆكۈمەت تارقالغان بولسمۇ، لېكن، برلەشمە هۆكۈمەت داۋام قلغان ئاشۇ بر يل ئچدە پۈتۈن ئۆلكە بويچە، بولۇپمۇ ئۆلكنڭ تېخى ئازاد بولمغان يەتتە ۋلايتدە ئۈرۈمچنى مەركەز قلغان هالدا خەلقنڭ گومنداڭ ئەكسيەتچلرگە قارشى زور ئنقلابي دولقۇنى تېخمۇ يۇقرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. گومنداڭ ئەكسيەتچلرنڭ بتمگە خلاپلق قلشى، بولۇپمۇ 1947 ـ

يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مىلىتارىستلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، ئىلغار زىيالىيلارنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بولغان ئاممىنى ئۆلتۈرۈشى ۋە باستۇرۇشى، 25-فېۋرال ۋەقەسىنى چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە قاتتىق تەھدىت سېلىشى، خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كېڭەش ھەمدە ناھىيە ھاكىملىرى سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىم ئارقىلىق ئالداش قىياپىتىنى تونۇدى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نىسبەتەن ھەرقانداق دەرىجىدىكى خام خىيالدا بولۇشنىڭ خاتا بولىدىغانلىقى، پەقەت خەلق كۈچى، قوراللىق كۈچ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرمىغىچە مىللەتلەرنىڭ تەڭلىك، ئەركىنلىك، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تونۇش تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىدىن بىرسى ھەربىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئاۋۋال قوزغالغان قوراللىق پارتىزانلاردىن باشلاپ غۇلجا ئازاد قىلىنغىچە، ئۈچ ۋىلايەتتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنغىچە بولغان مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خەلق قوراللىق كۈچلىرى زور ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىپ، باشقا ۋىلايەتلەرنى ئازاد قىلىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىدى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە گەرچە پارتىزان شەكلىدە بولسىمۇ، لېكىن بىرلەشكەن تەشكىلىي رەھبەرلىككە تولۇق بويسۇنۇپ، ھەربىي پىلان ۋە تەرتىپ بويىچە ئۇرۇش ئېلىپ باردى. 1945-يىلى 3-ئايدا ئاۋۋالقى خەلق

قورالliق كۈچلىرى ئاساسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى تەشكىل قىلىندى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن تارتىپ تا تۆۋەنكىچە ئەسكىرىي بىرلىك تەشكىلاتلىرى تولۇق تەشكىل قىلىندى. مىللىي ئارمىيە ئۆز ۋاقتىنىڭ ھەربىي كىيىمى ھەم چىراي-لىق پاگونلىرى بولغان قوراللىق، جەڭگىۋار، ئىنتىزاملىق ھەم گۈزەل قىياپەتلىك بىر ئارمىيە بولۇپ تەشكىل قىلىندى. مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئۇتۇقلارنى مۇستەھ-كەملەش بىلەن تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلدى ۋە يۈرەكلىك يۈرۈش ۋە جىددىي ئۇرۇشلار بىلەن ئۈچ-تۆت ئاي ئىچىدە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىنى ئازاد قىلدى. مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىتىم تۈزۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغان مەزگىلدىمۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى بوشاشتۇرمىدى، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتتى. گەرچە سانى ئازايغان بولسىمۇ، سۈپەت جەھەتتە جەڭگىۋارلىشىپ، قىلچە بوشاشمىدى. بىتىم بۇزۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە سېپى يەنە تولۇقلاندى. مىللىي ئارمىيە يۈز بېرىشى ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇمغا قارشى زەربە بېرىشكە تەييار تۇردى. مىللىي ئارمىيە 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يەنى شىنجاڭ ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلق قوراللىق كۈچى، خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، خەلق مەنپەئىتىنى قەتئىي ياقلايدىغان بىر خەلق ئارمىيىسى بولۇپ يېتىشتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئىدىيە جەھەتتە خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېگەن ئىدىيىنى ياخشى تىكلىگەن، دۈشمەنگە قارشى پىداكارلىق

بىلەن ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان، ھەربىي ئىنتىزامى مۇستەھكەم، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىي سەۋىيىسى خېلى كۆتۈرۈلگەن بىر ياخشى خەلق ئارمىيىسىگە ئايلاندى. مىللىي ئارمىيە ئاشۇ تۆت-بەش يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ سېپىدە ھەربىي مەشغۇلات، سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە، مەدەنىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش ۋە جەڭلەردە چېنىقىش ئارقىلىق نۇرغۇن كادىرلارنى يېتىشتۈردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ كادىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا مىللىي ئارمىيىنى باشقۇرۇش، مىللىي ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى ياخشى كۆرسەتتى. پۈتۈن ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ياردەملىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، مەمۇرىي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى تىكلەش ۋە ئالتاي، بارىكۆل تەۋەلىرىدە باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ باشچىلىقىدا قەشقەرگە بارغان بىر پولك بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. ئاندىن باشقا غۇلجىدىن جەنۇبقا يەنە بىر قىسىم كادىرلار ئەۋەتىلگەنىدى. ھازىر شۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتىن، يەتتە ۋىلايەتتىن پارتىيىگە ئۆتۈپ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي خىزمەتلىرىدە ئىشلىگەن، مەمۇرىي جەھەتتە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە رەھبىرىي خىزمەتتە بولغان سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىرلىرى ئاز ئەمەس، بۇ كادىرلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقتىدا مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئالغان تەربىيىسى ئاساسىدا، كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۆسۈپ يېتىشىپ، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن،

ئىنقىلاب ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى ۋە قىلىپ كەلمەكتە.

بىز مىللىي ئارمىيە توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، ئىلگىرى قوراللىق پارتىزان قىسىملىرى ۋاقتىدا، كېيىن مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقتىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەشلەردە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كۆرسەتكەن شەرەپلىك ئىنقىلابىي خىزمەتلىرىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ھازىرغىچە پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەربىر ساھەدە خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان سابىق مىللىي ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ھەرىكەتچانلىقى، ئىنتىزامچانلىقى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا، خەلق قوراللىق كۈچلىرى تارىخىدا بىر يېڭى، شەرەپلىك سەھىپە ئاچقان ئارمىيە. بىز مىللىي ئارمىيىنىڭ قەھرىمان جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى دائىم ئەسلەيمىز. خەلق ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، ئۇلار خەلقنىڭ كۆڭلىدە دائىم، ئەبەدىي بىللە بولىدۇ.

4. ئىقتىسادىي خىزمەت پۇختا ئىشلەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ خېلى چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوراللىق كۈرىشى پارتلىغان چاغدا، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى يوقىتىلغان چاغدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى باشقا ۋىلايەتلەردىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. يەرلىك سانائەت يوق دېيەرلىك بولۇپ

بىرلا تېرە زاۋۇتى، بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىلا بار ئىدى. خەلق
تۇرمۇشىغا لازىمەتلىك بۇيۇملار ئاساسەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە
يۆلىنەتتى. يېزا ئىگىلىكى بولسا قالاق فېئودالىلىق تۈزۈمدە ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل ئېغىر باج-
سېلىقلار بىلەن ۋە باشقا يوللار بىلەن بۇلاپ - تالاشلىرى نەتىجىسىدە
دېھقان، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى بەك خارابلاشقانىدى. دېھقانلار
ئىككى تەرەپلىمە ئېزىلەتتى. بازار ئەھۋالى ئوخشاشلا قىيىن ئىدى.
شىنجاڭدا شېلىڭ شىسەي سوۋېتكە يۈز ئېتىپ ئالاقىنى ئۈزگەندىن
كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سودا ئىشى ئېغىر كۆڭگە قالغان،
سوۋېتنىڭ سانائەت ماللىرىنىڭ كېلىشى توختىغان، ئىچكىرىدىن مال
كېلىشى بەك قىيىن ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى خەلقنىڭ ئۆزىگە، يەرلىك مەھسۇلاتلارغا، قول ھۈنىرى
مەھسۇلاتىغىلا تايىناتتى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەتتە ماتا، چەكمەن،
يىپەك رەختلەرنى توقۇش ئىشلىرى يوق ئىدى. بۇنداق ماللارنى
ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۈچ ۋىلايەتكە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى.
يىغىپ ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا
ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇنداق قىيىنچى-
لىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئالدى
بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ دېھقان-
لارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە باج - سېلىقنى ئازايتىش تەدبىر-
لىرىنى قوللاندى. گومىنداڭ ۋاقتىدا خەلقنىڭ باج - سېلىقى بىر-
بىرىدىن ئېغىر ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
1948 - يىلى 1944 - يىلغا قارىغاندا ھەر خىل باجلار 50 پىرسەنت
كېمەيدى. بۇندىن باشقا تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كېڭەيتىش، دېھقان-

لارغا پۇل قەرز بېرىش، ئۇرۇق قەرز بېرىش ۋە باشقا ياردەملەرنى بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىرىلغۇ يەركۆلىمى 1944 ـ يىلغا قارىغاندا تەخمىنەن يېرىم ھەسسە كۆپەيدى. 1948 ـ يىلى غۇلجىدا ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئۆرۈمچىگە نىسبەتەن 5 باراۋەردىن 12 باراۋەرگىچە ئازايتىلدى. 1948 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان خىراجەت نىسبىتى ئومۇمىي خىراجەت نىسبىتىنىڭ 33 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدۇ. ناھىيىلىك بانكا قۇرۇلۇپ، دېھقانلارغا ياردەم بېرىش يولغا قويۇلۇپ، ھەر يىلى دېھقانلارغا پۇل ۋە ئۇرۇق قەرز بېرىلدى. بەزىدە دېھقانلارنىڭ ھالىغا قاراپ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇۋېلىندى. ئەھۋالى قىيىن دېھقانلارنىڭ قەرزلىرى كۆتۈرۈۋېتىلدى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاۋۋالقى ۋاقىتلاردا دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز دېھقانلارغا تەگمەستىن يەنە ئوتتۇرا يولدا يوقىلىپ كېتىش، باي دېھقانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشلىكى مەلۇم بولدى. كېيىن بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇپمۇ مالىيە ساھەسىدە ئىشلىگۈچىلەردە قەرزنى تۆلىيەلەيدىغانلارغا بېرىش كېرەك، دېگەن پىكىر پەيدا بولدى، قول ئىچىگە ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنى سەزگەندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلدى. مەجلىسلەردە ئېيتىش، قارار قىلىش، تاپشۇرۇق بېرىش بىلەن قانائەت قىلماستىن، مەسئۇل كادىرلاردىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەشكىل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ناھىيىلىرىگە چۈشۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلدى. ئاساسىي ۋەزىپە (مۇنداق

گۇرۇپپىلار ئەتىيازدىكى تېرىلغۇ ۋاقتىدا چۈشۈرۈلەتتى) ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىنى ۋە بېرىلگەن قەرزلەرنىڭ قەرزگە موھتاج دېھقانلارغا يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئىدى. بىر قېتىم، 1948 ـ يىلىنىڭ ئەتىيازى بولسا كېرەك، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق بىرنەچچىمىز تۆۋەنگە چۈشتۇق، ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجا ناھىيە‐سىگە چۈشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ جىڭغا، مەن سۈيدۈڭگە باردىم. قارىساق دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى ناھايىتى جىددىي ئىكەن. لېكىن، دېھقانچىلىق سايمانلىرى جەھەتتە قىيىنچى‐لىقى كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇق يوق، ياكى ناچار ئىكەن. يەنە بىر جەھەتتىن يۇقىرىدىن بېرىلگەن قەرز ئۇرۇقلار دېھقانلارنىڭ قولىغا يەتمەپتۇ. بىز كەسكىن چارىلەر بىلەن پومېشچىك، باي دېھقانلارغا بىر تىپىنمۇ ياردەم بەرمەسلىك، بۇ ياردەمنى كەمبەغەل، نامرات دېھقانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇق. بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم يەنە مەجلىس ئېچىپ، يېڭى قارار چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئالاھىدە تاپشۇرۇق بەردى. شۇ ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مالىيە ئىشلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. قەرزنى قەرزنى تۆلىيەلمەيدىغانلارغا بېرىش كېرەك، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەپ تۆلىيەلەيدۇ، تۆلىيەل‐مىسىمۇ مەيلى. تۆلىيەلەيدىغانلار قەرزگە موھتاج ئەمەس دېگەن مەسىلىنى ئەخمەت ئەپەندىم قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي جەھەتتە سودا ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، ئىچكى يېرىك مەھسۇلات ۋە قول ھۈنەر مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى تەمىن قىلىش، بازارلارنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا، سوۋېت ھۆكۈمىتى

بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىندى. بىز ئاساسەن تىرىك مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى، تېرە ـ ئۈچەي ۋە باشقىلارنى چىقاردۇق، ئۇلار گەزمال ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن سودا ئىشلىرى خېلى ياخشى يولغا قويۇلۇپ، بازارلار ئاۋات بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە باھا چىڭ تۇتۇلۇپ، باھانىڭ قالايمىقان ئۆرلىشى چەكلەندى، باھا مۇقىملاشتى ۋە تۆۋەنلەپ باردى. بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا پۇل چىقاردى. پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىم بولۇپ، پۇل پاخاللىقى مەيدانغا چىقمىدى. مانا مۇشۇنداق چارىلەر بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئومۇمەن ياخشى بولدى. ئاشلىق، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئۆزىنى نورمال تەمىنلەيدىغان ياخشى بىر ئىقتىسادىي ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ ئۇتۇقلىرى بولمىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈرەشلىرىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى.

5. مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدا خېلى زور ئۇتۇقلار مەيدانغا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولۇش ھارپىسىدا بۇ رايونلاردىكى مائارىپ ئىشلىرى بەك ناچار ئىدى، مەكتەپلەر، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاز بولغىنىغا قارىماي، سوۋېت جەھەتتىمۇ قالاق، دەرسلىكلەر، بولۇپمۇ مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەر يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەيتتى، بار ئوقۇتقۇچىلارمۇ سىياسىي تەھدىت ئاستىدا ۋە ھەر خىل قىيىنچىلىقلار بىلەن كۆڭۈل بېرىپ

دەرس ئۆتەلمەيتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ نازارىتى دەرھال مەكتەپلەرنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كىرىشتى. تەرەققىيات تېز، سۈپىتى خېلى يۇقىرى بولدى. 1948 ــ 1949 ــ ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە ئىلى ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر 270كە، سىنىپ 1100 دىن ئارتۇقـقا، ئوقۇغۇچى 34700 دىن كۆپرەككە يەتتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 210 غا، سىنىپ 490 غا، ئوقۇغۇچى 4511 غا يەتتى، ئالتاي ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 65 كە، سىنىپ 234 كە، ئوقۇغۇچى 7590غا يەتتى (تارباغاتاي بىلەن ئالتاينىڭ بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىمۇ ئېچىلدى). شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئالغاندا 1948 ــ، 1949 ــ يىلى ئوقۇش يىلىغا يەتكەندە 545 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، 1830 سىنىپ، 56900 ئوقۇغۇچى، 2000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كادىرلار يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىدا بىر تېخنىكۇم قۇرۇلدى. بۇ تېخنىكۇمدا 18 سىنىپ 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، زور بولغان بىرقانچە سىنىپلار ئېچىلدى. بىلىم يۇرتى دەپ ئاتالغان بۇ مەكتەپ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە كادىر يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز تىلىدا ئوقۇيتتى. بۇلاردىن باشقا ھەر مىللەت يېزىقىدا ھەر خىل دەرسلىك كىتابلار تەييارلاندى ۋە بۇ دەرسلىك كىتابلار مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇردى. پەقەت ئىلى ۋىلايىتىنىلا ئالغاندا، مەكتەپلەر ئۈچۈن 37900 نۇسخا ھەر تۈرلۈك دەرسلىك كىتابلار

بېسىلىپ تارقىتىلدى. يەنە ساقلىقنى ساقلاش، تىببىي خىزمەتلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇرۇنقى بەزى دوختۇرلار خىزمەتكە سېلىنىپ، داۋاملىق ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، غۇلجىدا بىر تىببىي مەكتەپ ئېچىلىپ، بىرنەچچە يۈز ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلار رەتكە سېلىنىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ناھىيىلەردە دوختۇرخانىلار، رايونلاردا تىببىي پونكىتلار تولۇق قۇرۇلدى. دوختۇرلۇق ئىشلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىيال، دورا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت دوختۇرخانىلىرى تىببىي ئىشلارنى ئالغا سۈرۈشتە خېلى رول ئوينىدى.

مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ۋىلايەتلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت سەنئىتى راۋاجلاندۇرۇلدى، يېڭى مەزمۇنلۇق، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولغان كونسېرت نومۇرلىرى بارلىققا كەلدى. مۇزىكا ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرتىپكە سېلىنىپ راۋاجلاندۇرۇلدى. غۇلجىدىكى سەنئەت ئۆمىكى يېڭى-يېڭى كونسېرتلارنى ۋە ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىشلەپ خەلققە كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، بەزى سەھنە كىتابلىرىنىمۇ ئويناپ چىقتى. ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىگىچە قىرائەتخانىلار قۇرۇلۇپ، كىشىلەرنى ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشى خېلى ئوتتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىپ، ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئىشى خېلى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. شەھەرلەردە، يېزىلاردا ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ ھەر يىلى خېلى جىق ئادەملەرنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. 1949 ـ يىلغا كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ساۋاتلىقلارنىڭ سانى 70 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە

بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيىۋى تەربىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ،
تېببىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ساھەدە خېلى ياخشى كادىرلار يېتىشىپ
چىقتى. يىغىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، سەنئەت،
ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ئىشلىرىدا تۆت ـ بەش يىل قىسقىغىنا ۋاقىت
ئىچىدە خېلى چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. بۇ ئۇتۇقلارنى گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان يەتتە ۋىلايەتتىكى بىلەن سېلىشتۇر-
غاندا يەر بىلەن ئاسمانچە چوڭ پەرق قىلىدۇ.

6. سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ئالاھىدە يۈكسەلدى. ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى
خىزمەتتە كادىرلارنى، ئاممىنى تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىنقىلابىي خىزمەت جەريانىدا يۈز
بەرگەن كەمچىلىك ـ خاتالىقلار داۋاملىق تۈزىتىلدى. ئىدىيىۋى ـ
سىياسىي تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش توغرىسىدا، خەلق مەنپە-
ئەتىنى قوغداش، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇش، جاھانگىر-
لىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ
بېرىلدى. 1948 ـ يىلدىن تارتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ غەلىبىلەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇتۇقلىرى تەشۋىق قىلىندى، ئاما ۋە
كادىرلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىن
خەۋەرلەندۈرۈلۈپ، سەۋىيىسى كۆتۈرۈلدى. مانا مۇشۇنداق
خىزمەتلەر نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سىياسىي

جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە خېلى ئىلغار ۋە بىر قەدەر يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئاكتىپ زىيالىيلارنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاممىنى ئىنقىلابىيلىققا باشلىدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، يامان ئادەملەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى تۇردى. ئاخىر كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە توغرا باشچىلىق قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-لىكىدە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ غالىبىيىتىنى تېپىك ئۈلگە قىلغان ھالدا، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئازادلىققا چىقىرىشقا ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقتىدا قولغا كەلگەن بۇ غالىبىيەتلەر خەلقىنىڭ تولۇق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلپىدىن ئېيتقاندا تېخى يىراق بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت، شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئالغاندا بۇ ئۇتۇقلارنى كىچىك مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە كىچىككىنە قوراللىق قوزغىلاڭ-دىن ئۇنىمگىلغان جەڭچى - ئوفىتسېرلەرگە ئىگە بولغان مۇنتىزىم ئارمىيىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىپ، گومىنداڭنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي كۈچىگە خەۋپ تۇغ-دۇرۇش، سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتە يالغۇز ئۈچ ۋىلايەت بويىچىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتە نورمال ئەھۋالنى تىكلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش، مەدەنىيەت - مائارىپ - ساقلىقنى ساقلاش جەھەتلەردە بىرمۇنچە تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش — بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش

ئاسانمۇ ئەمەس ئىدى.

بۇ ئۇتتۇقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىكىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، بىر ياقتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، يەنە بىر ياقتىن ئىچكى ئەكسىيەتچى ـ مۇئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى قەتئىي نىيەت بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىق-لارنى يېڭىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور تۆھپىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

# تۆتىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 1944 - يىلى پارتلاپ تا 1949 - يىلىغىچە داۋام قىلغان مىللىي ئازادلىق ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قوراللىق كۈرىشىنىڭ خاراكتېرى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا يېڭىچە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدىن ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدە (بۇ خەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بېيجىڭدا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېچىلماقچى بولغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ۋەكىللەر ئۈمىكى ئەۋەتىشى توغرىسىدىكى تەكلىپ ئىدى): "سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتتى. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگودا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يۈز بەرگەن، 1919 - يىلىدىكى 4 - ماي ھەرىكىتىدىن باشلانغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا

قارشى ئېلىپ بارغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدۇر. دېمەك يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئىلمىي باھاسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە توغرا چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت خاراكتېرى ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى بەلگىلىگەندى. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت خاراكتېرى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ فېئوداللىق جەمئىيەت مۇھىتىدا قوزغالغان بۇ ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى ناھايىتى تەبىئىيكى، باشتا شېڭ شىسەي مىلىتارىزمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقى جاھانگىر كۈچلەر بىلەن ئىچكى فېئوداليزم كۈچلىرىگە تايانغان ۋە شۇلارغا ۋەكىللىك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغىلىشى بىلەنلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى قەتئىي ئاغدۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئاخىرغىچە بۇ نىشاندىن چەتنىمەي كۈرەش قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ۋە جاھانگىرلارغا سېتىلغان مىللىي خائىنلارغىمۇ، مىللىي بانditلارغىمۇ قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، ئۇ جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان، ئۇنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاشقا بەل باغلىغان ياكى ھېسداشلىق قىلىدىغان، مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك ۋە دېموكراتىيىنى ياقلايدىغان ھەممە سىنىپ، ھەممە تەبىقە، ھەممە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، ھەممە مىللەتلەرنى ئۆز قوينىغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلدى. بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقانلار تەركىبىدە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ياش پرولېتارىياتمۇ، دېھقان-چارۋىچىلارمۇ، زىيالىيلارمۇ، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىمۇ، جاھانگىرلارغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سەپتە تۇرغان يومېشچىكلار سىنىپىنىڭ، مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى. ئىنقىلاب مىللىي دېموكراتىك سەپتە تۇرغان بۇ سىنىپلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتكە قاقمىدى، ياكى قارشى تۇرۇش ئوبيېكتىغا قوشۇۋەتمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جاھانگىرلارغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سەپتە تۇرۇشنى خالايدىغانلا بولسا مىللىتىنى، دىنىنى سۈرۈشتۈرمەي ھەممە مىللەت خەلقىغە ئۆز سېپىدىن ئورۇن بەردى. بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس، شىبە، تاجىك، تاتار، موڭغۇل قاتارلىق، ئىشقىلىپ شۇ چاغدا شىنجاڭدا بار مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئىنقىلابىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىمۇ ھەممە مىللەت ۋەكىللىرى تولۇق ھوقۇق بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىدى. شۇنداقلا بۇ ئىنقىلاپ جاھانگىرلارغا ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىلى، ئىتتىپاقدىشى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە سېتىلغان، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەرنى قايسى مىللەتتىن بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ قارشى تۇرۇش ئوبيېكتى قىلدى. بۇنىڭغا مىللىي

خائىن مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسالاردەك ئۇيغۇرلارنى، ئوسمان، جانىمقان، سالىس قاتارلىق قازاقلارنى، لىۇ بىندي قاتارلىق خۇيزۇلارنى كۆرسىتىش كۇپايە.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، كومموۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە ماركسىزم ئېتىقادچىلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، لو جى، لى تەييۈي قاتارلىقلار، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىدىن رەھىمجان سابىر ھاجى، ئەنۋەر موسابايوۋ قاتارلىقلار، فېئودال دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن ئېلىخان تۆرە، ھېكىم بەگ خوجا قاتارلىقلار بار ئىدى ياكى ئۇلار مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدە مۇشۇنداق ھەر خىل، ھەتتا بىر-بىرىگە زىت ئىدىيىۋى ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىنقىلاب جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ توپ نىشانىدىن چەتكە چىقىپ كەتمىدى. ئۇنىڭدىن چەتلەش خاھىشلىرىغا يول قويۇلمىدى. ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە بەزىلەرنىڭ شىنجاڭنى پانئىسلام دىكتاتۇرلىقىدىكى ياكى پانتۈرك دىكتاتۇرلىقىدىكى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسىغا قارشى كۈرەش قىلىندى. شۇنىڭدەك ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يادرولۇق ئورۇنغا ئىگە بولغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ قاتارلىق كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە كىشىلەرمۇ ئىنقىلابىنىڭ شۇ چاغدىكى تەلىپىدىن ھالقىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. سىياسىي جەھەتتە بۇ ئىنقىلاب ئۈچ ۋىلايەت

تەۋەسىدە جاھانگىرلار ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، مىللىي خائىن ـ مۇناپىقلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىرقانچە ئىنقىلابىي سىنىپلار ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭ ۋە مىللىي خائىن ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى تىكلىدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مىللىي خائىنلارنىڭ زور كۆلەمدىكى كاپىتالىنى، بوش يەر، تاغ، ئورمان، كانلارنى ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بوش يەرلەرنى دېھقانلارغا تېرىشقا بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خۇسۇسىي يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى، باي دېھقانلار ئىگىلىكىنى قوغدىدى، شەخسىي كارخانا، دۇكانلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا يول قويدى.

قىسقىسى يېڭىچە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەيلى ئىنقىلابىي كۈرەش سېپىدە بولسۇن، مەيلى ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بەرپا قىلغان ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە بولسۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى، تەڭ ـ باراۋەرلىكىنى، دېموكراتىك ـ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپىنى نامايان قىلدى.

دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇ ئورۇنلىغان ۋەزىپىلەر ئۇنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە مۇناسىپ دەرىجىدە، شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولدى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتە جۇملىدىن ئۆز تەسىرىدە تۇتۇپ تۇرغان شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا مەملىكەت بويىچە كېيىنچە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ بىرمۇنچە زۆرۈر شەرتلىرىنى

يېتىلدۈرۈپ، پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قەدىمىگە تەڭ ماسلىشىپ مېڭىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەييارلىغان خېلى زور تۈركۈمدىكى ئاڭلىق، ئىلغار كىشىلەر، ناھايىتى تېزلىكتە ئەسلىدىكى ئاساسىغا كۆرە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئاكتىپ جەڭچىلىرىگە ئايلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدە خۇددى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدىكىدەك، بەلكى ئۇنىڭدىن ھەسسىلەپ ئاڭلىق تۈردە داۋاملىق كۆرەش قىلدى.

1944 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى باشتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن غەلىبىسىرى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆپ قېتىم ئىزدىدى. ئۇ خەلقئارا فاشىزمغا قارشى سەپنىڭ يېتەكچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىگە ۋە مەدىتىگە ئېرىشىپ، تاشقى جەھەتتە خەلقئارا جاھانگىرلارغا، ئىچكى جەھەتتە چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە مىللىي خائىنلارغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىدا ۋە كۆرىشىدە چىڭ تۇرغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىر سەپتە تۇردى، دېمەك، ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە، باشتىن ئاياغ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە، ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارىياتى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تەرەپتە ئېغىشماي

تۇرۇپ، خەلقئارا جاھانگىرلىككە، دۇنيا كاپىتالىزمىغا، ئىچكى جەھەتتە جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلدى. ئۇنىڭ كۈرىشى باشتا دۇنيا فاشىزمىغا قارشى دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرىشى بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ غەلىبىسىمۇ دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىسى بىلەن، جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇپ ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرىشىمۇ ئوخشاشلا خەلقئارا مىقياستا جاھانگىرلىككە، مەملىكەت ئىچىدە فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى كۆرەش بىلەن ياندىشىپ، ئاساسەن ئوخشاش مەقسەت ۋە نىشاننى بويلاپ تەرەققىي قىلدى.

شۇ بىرقاتار پاكىتلار ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرنەچچە تەرەپتىنلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاجرىتىۋېتىشقا بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ قاراش ناھايىتى جايىغا چۈشكەن خاراكتېرىستىكا.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئەنە شۇنداق خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىگە يېزىلدى. ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسى، تارىخىي ئەھمىيىتى شىنجاڭدىكى جۈملىدىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

# توققۇزىنچى قىسىم

# جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورنىدىن دەس تۇردى

# بىرىنچى باب
# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى

1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىلگىرىكى غالىبىيەتلەر ئاساسىدا، پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەر
بولدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان
ئازادلىق ئۇرۇش مەملىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ جايىدا كەينى ـ كەي-
نىدىن غەلىبە قازاندى. جياڭ جېيشى خاندانلىقىنىڭ تەختى چاك ـ
چېكىدىن يېرىلىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، 1948 ـ يىلى 5 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۆزى ئېلان قىلغان
”1 ـ ماي“ ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش شوئارلىرىدا، يولداش
ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار،
خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تېزدىن سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ خەلق قۇرۇلتىيىنى
چاقىرىشنى، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى مۇزاكىرە
قىلىشنى ھەم ئىشقا ئاشۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى. بۇ چاقىرىق
ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلات-
لىرىنىڭ، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ ھەمدە ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئىگە بولۇپ، جىددىي تەييارلىقلار
باشلىنىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئارقا-

ئارقىدىن ئاجايىپ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» دېگەن يېڭى يىل بېغىشلىمىسى ئېلان قىلىندى. 8 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ 1949 - يىلدىكى ۋەزىپىلىرى» دېگەن قارارنى ماقۇللاپ، پارتىيىنىڭ ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى تەكىتلەپ، پۈتۈن مەملىكەتكە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، 14 - كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەزىيەت توغرىسىدا باياناتى ئېلان قىلىپ، جاڭ جېيشىنىڭ يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنىدىكى سۈلھ تەلەپ قىلىش باياناتىغا رەددىيە بەردى. ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئاساس قىلىنغان 8 ماددىلىق تىنچلىق سۆھبىتى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 21 - كۈنى جياڭ جېيشى نائىلاج "ئىستېپا" بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. لى زوڭرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭى بولدى.

1949 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ج ك پ شىبەيپو كەنتىدە 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇھىم دوكلات بەردى. يىغىندا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل كېسىل-پاچاقلاپ تاشلاپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يېزىلاردىن شەھەرگە يۆتكەش، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ جۇڭگونى يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن سانائەت

مەملىكىتىمىزدە ئايلاندۇرۇش، يېڭى دېموكراتىك جەمئىيەتنى سوتسىيا-لىستىك جەمئىيەتكە ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىسى ھەم ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يوللىرى ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىن پۈتۈن پارتىيىنى غەلىبە ئالدىدا كەمتەر بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ساقلاشقا چاقىردى. 3-ئاينىڭ 25-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىبەيپودىن بېيپىڭغا كۆچتى.

4-ئاينىڭ 21-كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇ دېنىڭ مۇشۇ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تېخى ئازاد قىلىنمىغان كەڭ رايونلارغا مىسلىسىز كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلدى. 2-دالا ئارمىسى بىلەن 3-دالا ئارمىيىسىدىكى تۈمەنلىگەن قەھرىمان ئوزۇنلۇقى مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدىغان سەپ بويىچە چاڭجياڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ باركۈچى بىلەن ئۈچ يېرىم ئايدا قۇرۇپ چىققان چاڭجياڭ مۇداپىئە سېپىنى ئۇزۇل-كېسىل يىمىرىپ تاشلاپ، 1949-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى 22 يىلدىن بۇيان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن نەنجىڭنى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكارلاندى. شۇندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن شاڭخەي، شىئەن، چاڭشا، فۇجۇ، لەنجۇ ئازاد قىلىندى. 9-ئايدا سۈيۈەن ۋە شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈرۈش قىلىپ،
چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ، قولىغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبىلىرى
جۇڭگونىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا ئىمكانىيەت تەييارلاپ
بەردى. دەل شۇ ۋاقىتتا يەنى 1949 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى
يولداش ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى
ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ھەرقايسى سىنىپ-
لارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى ئورنىنى شەرھلىدى. يولداش
ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ماقالىسى پۈتۈن پارتىيە، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ
نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە،
يەنە ئۇ قۇرۇلغۇسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پروگراممىسى
ئىدى. مۇشۇ پروگراممىغا ئاساسەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگو خەلق
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى چاقىرىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىندى.
بېيجىڭدا خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق بولۇۋات-
قان مۇشۇ مەزگىللەردە، يەنى 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى مەخسۇس ئالاقە
ئاپپاراتى بىلەن شىنجاڭغا ـــ غۇلجىغا ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ-
نىڭ يەتتە ۋىلايىتىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتتىق ئەندىشىگە
چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا جان تالىشىپ، خەلقنى ئازابلىماقتا
ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغۇسى يېڭى
جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرنى تەشنالىق بىلەن
كۈتەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى چاپسانراق ئازاد قىلىشنى

ئۇيلايتتى. شۇڭا يولداش دېڭ لىچۇننىڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ غۇلجىغا كېلىشى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشاللىق بولدى. يولداش دېڭ لىچۇن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىنى تاپشۇردى.

خەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

"شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
ئەخمەتجان ئەپەندىمگە:

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق 9 - ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلەر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلەر پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار

سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ دەسلەپكى 10 كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

ماۋ زېدۇڭ

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بېيجىڭ."

بۇ خەت ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىغا تەگكەن چاغدا مەن ئائىلەم بىلەن ھاۋالىق، گۈزەل جاي — كەنسايدىكى كۆكسالادا دەم ئېلىۋاتاتتىم. بىركۈنى يولداش سەيپۇللايوۋ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ بىز تۇرغان جايغا كەلدى. خەتتە ماڭا دەرھال غۇلجا شەھىرىگە كېلىش، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار، دېيىلگەنىكەن. مەن شۇ كۈنىلا يولداش سەيپۇللايوۋ بىلەن غۇلجىغا قايتتىم. غۇلجىغا بارغان ۋاقتىمدا كەچ كىرىپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇدۇللا يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە باردىم. قارىسام، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ، رەھىمجان سابىر ھاجىلار مۇشۇ يەردە ئىكەن.

مەن كۆپچىلىك بىلەن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى خۇشال - خۇراملىق بىلەن ماڭا مۇنداق دېدى: "ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلدىڭىز، سىزگە ناھايىتى مۇھىم بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن ئالاقىچى دېڭ لىچۈن بىزگە ماۋجۇشىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ، مانا، كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ۋە بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ

تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ قاراڭ، يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا نەقەدەر يۇقىرى باھا بەرگەن ـ ھە!" مەن خەتنى قولۇمغا ئالغۇچە ئارىلىقتا ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: "يولداش ماۋ زېدۇڭ بىلەن يولداش جۇ دې رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. بىزنىڭ كۆرەشتە كۆزلىگەن ئازادلىق، گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىش مەقسىتىمىز ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدۇ."

مەن خۇشاللىقتا ھاياجىنىمنى باسالماي خەتنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ ئىككى بەتلىك ئۇيغۇرچە خەت بولۇپ، بىر قاراپلا خەنزۇچىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن خەتنى دەسلەپ بىر قېتىم تېزلا ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن ئالدىرىماي يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم. ئولتۇرغان باشقا يولداشلار خۇشاللىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ، مېنىڭ بىرنېمە دېيىشىمنى كۈتەتتى. "بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ خۇش خەۋەر ئىكەن، جۇڭگو خەلقى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غايىسى ئىشقا ئاشىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەپتۇ" دېدىم مەن.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ خېتى ھەقىقەتەن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنتايىن مۇھىم خەت ئىدى. مەركەزنىڭ يولداش دېڭ لىچۈننى ئازاد ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتىشى بىز بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئىدى. بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ خەت يېزىشىنىڭ ئۆزى ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىل

ئەۋەتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنىدىغان سىياسىي كېڭەشكە قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىش خېتى ئىدى. بۇ خەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، خەتتە "شىنجاڭ ئىلى پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان ئەپەندىگە" دەپ يېزىلغاندى. "پەۋقۇلئاددە رايون" دېگەن سۆز ئازاد رايون دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. دېمەك خەتتە پەۋقۇلئاددە رايوننىڭ ھۆكۈمىتىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە ھۆرمەت قىلغانلىق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆز خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بەك توغرا باھا بەرگەنىدى. خەتتە: "سىلەرنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى قىلغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى" دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە: "سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار يېقىندا ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ." دېيىلگەنىدى (بىز، شۇ ۋاقىتتىكى ئادەت بويىچە پەۋقۇلئاددە رايون دېگەننى" ئۈچ ۋىلايەت" دەپ، "سىلەرنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى قىلغان كۈرەشلىرىڭلار" دېگەن سۆزنى مەنىسىگە ئاساسەن "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي" دەپ قوللاندۇق. يەنى "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى" دەپ ئىشلەتتۇق. بۇ يېزىقتا پەرق قىلىشمۇ مەنىسى بىر ھەم ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتىلىشىغا ماس كېلىدىغان چۈشىنىشلىك سۆز ئىدى). يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خېلى ئىلگىرىلا ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇ 1945 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانـ
لىقىغا قارشى قوزغالغانلىقىنى، ئىلى رايونىدا خەلق قوراللىق كۈچـ
لىرى ئۇتتۇقلۇق كۈرەشلەر قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كۈرەشنى
(يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى) قوللىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.
يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ قېتىمقى خېتىدە تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى "پەۋقۇلئاددە رايون" دەپ ئاتاپ، خەلق-
نىڭ كۈرەشلىرىنى، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى "پۈتۈن جۇڭگو
خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى" دەپ
ئاتىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ خېتى ۋە بۇ خەتتە ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا بېرىلگەن باھا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى
ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
غالىبىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، "سىلەرنىڭ كۈرەشلار يېقىندا
ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ" دېگەنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى.
بۇ خەتنى ئوقۇپ بىز پەۋقۇلئاددە خۇش بولدۇق ۋە دەرھال
ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىن جاۋاب خەت يوللىدۇق:

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى،
قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىز-
دىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى.

بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى
ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق
بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بىز بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە

قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى

ئەخمەتجان قاسىمى

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

ماۋجۇشىغا جاۋاب خەتنى يېزىۋەتكەندىن كېيىن، مەسلىھەتلىشىپ، بېيجىڭغا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە بارىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى قارار قىلىندى: ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم؛ ۋەكىللەر: مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئىسھاقبېك، ئۆلكىلىك (بىرلەشمە) ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى دەللىقان سۇگۇرباييوۋ، خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن لو جىلار ئىدى. خىزمەتچىلىككە كەرىموۋ ۋە ئابدۇرىشىتلار تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش تەييارلىققا تۇتۇش قىلدۇق. تەييارلىق بىر ياقتىن بېيجىڭغا ئېلىپ بارىدىغان دوكلات ۋە ماتېرىياللارنى تەييارلاش، يەنە بىر ياقتىن بۇ ياقتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدىكى يولداشلارنى دېلىڭ لىچۈن بېيجىڭغا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، مەركەزدىن ماقۇللاپ جاۋاب كەلدى. ئىككى ھەپتە جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن، ۋەكىللەر 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ كېچىسى ھەممىمىز دېگۈدەك ئۇخلىمىدۇق. ئاخشىمى ھەممىمىز ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ يەنە بىر قاتار ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدۇق. كۆپرەك ئويلاشقان مەسىلە شىنجاڭنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، ئازادلىقنىڭ ئالدىدا گومىنداڭ قانداق قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇچ ۋىلايەتكە چېقىلىپ بېقىش ئېھتىمالى بارمۇ، يوقمۇ؟ تەسلىم بولۇشى مۇمكىنمۇ، يوقمۇ؟ ياكى كاتتىباشلىرى قېچىپ

كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ قېچىش ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ كېتىش ئېھتىمالى بارمۇ، يوق؟... دېگەنلەر ئىدى، بۇ ئېھتىماللارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىرى ئازراق ئىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىستاپ كەلگەندە گومىنداڭ باشلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى تەسلىم بولۇشى، بىر قىسمى ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ قېچىش ئالدىدا ئۆلتۈ- رۈش، ئوت قويۇش ئېھتىمالى كۆپرەك ئىدى. شۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ مەسىلىلەرنى كەڭ مۇزاكىرە قىلغاندىن تاش- قىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار دەپ ئويلىشاتتۇق؟ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن مەسىلىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

مۇزاكىرە نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھ- بەرلىرىنىڭ باشقىسى بېيجىڭغا كېتىپ، مەن قالىدىغان بولدۇم. مەن ئومۇمىي رەھبەرلىك ئىشىغا مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، ھەربىي ئىشلارغا لېسكىن (مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى)، مەمۇرىي ئىشلارغا ئەسئەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىغا نەبىجان، تەشۋىقات ئىشلىرىغا ۋە ياشلار خىزمىتىگە سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ مەسئۇل بول- دىغان بولدى. ئەخمەت ئەپەندىلەر يوشۇرۇن كەتمەكچى ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەتمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدە بىرەر ۋەقە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. لېكىن ئەخمەت ئەپەندىلەر بېيجىڭغا بېرىپ مەجلىسكە قاتناشقاندىن كېيىن ئاشكارا بولاتتى، ئۇ ۋاقىتتا مەسىلە چىقماسمۇ؟ مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئۇزاق مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر ”ھەم ھوشيار بولۇش، ھەم ئېھتىياق بولۇش،

ھەربىي جەھەتتە تەييار تۇرۇش، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، جامائەت خەۋپسىزلىكىنى كۈچەيتىش لازىم دېگەن قارارغا كېلىشتۇق. كەچ سائەت 11 لەردە تارقىلىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق. مەسىلە توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، يەنە ئىلىدىن خاتىرجەم بولالمىدۇق. ئىككىمىز جىق ئويلاشقاندىن كېيىن ئاخىر ئەخمەت ئەپەندىنىڭ غۇلجىدىن يۆتكەلمىگىنى ياخشى، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. بىز دەرھال ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بۇ پىكرىمىزنى ئېيتتۇق. كېيىن ئىسھاقبېك بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشتۇق. ئۇ ئىككىلىسى قوشۇلدى. ئەخمەت ئەپەندىم قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مەن بارىدىغان بولدۇم. بۇ ئىشنى يولداش دېڭ لىچۈنگە ئېيتىپ، مەركەزگە خەۋەر قىلىشقا كېلىشتۇق. شۇ ئارىدا ئەخمەت ئەپەندىم ھەر جەھەتتىن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن يەنىلا ئۆزىنىڭ بېرىش پىكرىنى ئېيتتى: "مەن زادى بېرىپ ئاشۇ مەجلىسكە بىر قاتنىشاي، يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي دېگەن قارارغا كەلدىم" دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكرىنى يەنە ھەممىمىز قوبۇل كۆرۈپ، ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز يەنە بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق، بىردەم دەم ئالايلى دەپ ياتساقمۇ ئۇيقۇمىز كەلمىدى، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بەك ھاياجانلىنىپ ئۇخلىمىدى، ئۇ "مەن ماۋجۇشىنى كۆرىدىغان بولدۇم، بىلەمسىز؟ بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىق! قانداقمۇ كۆزگە ئۇيقۇ كەلسۇن..." دەپ ھاياجان بىلەن زادى ئۇخلىيالمىدى.

ئەخمەت ئەپەندىملەر ئەتىسى كەچلىكى يولۇپ كەتتى. ھەممە ئىغىرچىلىق ماڭا قالدى.

بىر - ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بېيجىڭغا بېرىش تەييارلىقى بىلەن

بېسىلىپ قالغان ئىشلار ناھايىتى جىق ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭى ئىشلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئەسئەت، سەيپۇللايوۋ، لىسكىن، نەبىجانلار بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلاتتۇق. "ئىتتىپاق"نىڭ رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى سۆزلىشەتتۇق، نۆۋەتتىكى ئىشلار ئالدىراش بولغاندىن تاشقىرى، جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئەندىشىلىك خەۋەرلەرمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. بىردەم لىسكىن، بىردەم نەبىجان يېڭى-يېڭى ئاخباراتلارنى ئېلىپ كېلەتتى، ئۇن بويى تېلېفون ئۈزۈلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن تۈزۈكرەك ئۇخلىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن.

بىز ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە يەنە يولداش دېڭ لىچۈن بىلەنمۇ سۆزلىشىپ تۇراتتۇق، مەن ئاساسەن دېڭ لىچۈنگە ئۈچ ۋىلايەت ئەھۋالىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش ئەھۋالى، جەريانى ۋە ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە باشقىلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتىم (يولداش چېڭ شىخۇا تەرجىمانلىق قىلاتتى).

# ئىككىنچى باب
## ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ هايات!

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈش مەزگىلىدە مەن «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ بىر باش ماقالىسىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق ئىشخانىغا كەلگەنىدىم. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئىش ئۈستىلىمدىكى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان تېلېفون تۇيۇقسىزلا ئۆتۈمتۈت قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى، بۇ تېلېفون جىددىي ئىشلارغىلا ئىشلىتىلەتتى. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭ، دەرھال نۆۋەتچى ئوفىتسېرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: "يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، سىزگە مەلۇمات، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى سىزگە ئۇقتۇرىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار دەيدۇ."

مەن تېلېفوننى قويۇپ، كۆرۈپ بولغان ماقالىنى يېنىمدا كۈتۈپ تۇرغان تەھرىرگە تاپشۇرۇپ، دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا ماڭدىم. ماشىنا ئاۋات كوچىلاردىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا كىرگەندە، مېنى دەرۋازا ئىچىدىكى چىملىقتا بىر خىزمەتچى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ سىپايىلىق بىلەن مېنى كونسۇلخانىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، كونسۇل، مۇئاۋىن كونسۇل ۋە كونسۇلخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خىزمەتچىسى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددىي ھالەتتە تۇراتتى. ئۇلار مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ

ئىچىك ئالدىمغا كەلگەن بولسىمۇ، ئادەتتىكى كۆڭۈلدىكىدەك قىز-
غىن ئەھۋال سورىمىدى. كونسۇل مەن بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشكەندىن كېيىن، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن گەپ
قىلىپ بولغۇچە ئۇ شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر نۇسخا تېلېگراممىنى
چىقىرىپ، قايغۇلۇق تەلەپپۇز بىلەن: "بىز موسكۋادىن بىر جىددىي
تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق" دېدى-دە، ماڭا تېلېگراممىنى رۇسچە
ئوقۇپ بەردى: "ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر
ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ
زابايكال تېغىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھاۋا بۇزۇلغانلىقتىن، بەختكە
قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ ئايروپىلاندىكى 17 كىشىنىڭ ھەممىسى
قازاغا ئۇچرىدى."

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدا، بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك
بولدى، ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياي دېدىم. شۇ چاغدا مەن
ئۇلارنىڭ ماڭا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدىم،
ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرىنى غۇۋا پەرق ئېتەلىدىم.
مەن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا غاچچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۈنلۈك
ئاۋاز بىلەن: "ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!" دېدىم-دە،
كونسۇلنىڭ قولىدىن ھېلىقى تېلېگراممىنى يۇلۇۋېلىپ، ئىچىمدە
ئىتتىك ئوقۇدۇم. بۇ ئايروپىلاندا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بەش
ئەزاسى، خىزمەتچى خادىملىرىدىن باشقا، موسكۋا ئەۋەتكەن ئۈچ
نەپەر ئۇزاتقۇچى ئەمەلدار ۋە ئالتە نەپەر ئايروپىلان خادىمى بولۇپ
جەمئىي 17 كىشى بار ئىكەن.

مەن دەرھال كونسۇلخانىدىن چىقىپ پىكاپ بىلەن يولداش دېلىڭ
لىچۈن تۇرغان جايغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسلىكتە بۇ شۇم

خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. يولداش دېڭ لىچۈن بۇ تاسادىپىي خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ياغاچ-تەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىرھازادىن كېيىن كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك: "شۇم خەۋەر، بەك ئېچىنىش-لىق!" دېدى.

ئەقىل-ئىدراك قايغۇ-ھەسرەت ئۈستىدىن ئاخىر غالىب كەلدى، كېيىن ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇنداق مەسلىھەت-لەشتۇق: يولداش دېڭ لىچۈن بۇ خەۋەرنى دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا ئۇقتۇرماقچى بولدى، بىز مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى كۈتمەكچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋاقتىنچە مۇتلەق مەخپىي تۇتۇشنى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيپۇللايوۋ، لېسكىن، نەبىجان قاتارلىق يولداشلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئۇقتۇر-ماسلىقنى قارار قىلدۇق. چۈنكى، ئەينى زاماندا ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ چاغدا كىشىلەر يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنى ئالتاينىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتتى، دەپ بىلەتتى.

مەن بۇ بەش يولداش بىلەن ھەر خىل ۋاقىت، ھەر خىل ئورۇن ۋە ھەر خىل شارائىت ئاستىدا تونۇشقان، لېكىن، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى بىر ئىنقىلابىي سەپتە بىرلىكتە كۈرەش قىلغانىدىم. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەندە قالدۇرغان دوستلۇق ۋە سەپداشلىق تەسىرى بىلەن مېھىر-مۇھەببىتى 40 يىلدىن بۇيان كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، قەلبىمدىن ئۆچمىدى.

1. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىلى 4-ئايدا غۇلجا

شەھىرىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسىدە بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى نادىر ئاكا كەمبەغەللىك ئازابىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىلە يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان ئانىسى شەرۋانىسخان يەتتە ياشلىق ئەخمەتجاننى ئەگەشتۈرۈپ باي، پومېشچىكلارنىڭ ئىشىنى قىلىش ۋە كۆپ ھاللاردا تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسىغا ياردەملىشىپ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئاز-پاز بولسىمۇ تەڭ تارتىشقا بەل باغلاپ، ئوتۇنچىلىق قىلغان. بىر قېتىم ئوتۇن كەسلەۋاتقاندا بىر يېرىندى چاچراپ چىقىپ ئوڭ كۆزىنىڭ قىرىنى يېرىۋەتكەن. بۇ چاغدا ئۇ يىغلىمىغان ۋە ئېقىۋاتقان قاننى چاپىنىنىڭ پاختىسىنى كۆيدۈرۈپ بېسىپ توختاتقان. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە تاتۇقى ھەم زۇلۇمنىڭ يالدامىسى، ھەم قەيسەرلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان.

1924-يىلى تاغىسى ئۆمەر قاسىمى ئەخمەتجان ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە چىدىماي، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەت شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەن. باي، پومېشچىكلارنىڭ زۇلمى بولمىغان، ئادەمنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈم بولمىغان يېپيېڭى بىر جەمئىيەت ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك قەلبىدە مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتكە سۆيگۈ ئويغىتىپ، ئۆز يۇرتىدىمۇ مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىش ئىستىكىنى ئويغاتقان. ئۇ تاغىسى ئۆمەر قاسىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتى يېتىم باللار ئۈچۈن ئاچقان دارىلئېتامدا ئوقۇغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاخشاملىرى كىنوخانىدا بېلەت يىغىش، زال سۈپۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ، ھەم ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلغان،

ھەم تۇرمۇشنى قامدىغان. ئۇ 1936 - يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، 1937 - يىلى موسكۋادىكى شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. بۇ يەردە ئۇ باشقا پەنلەرنى قىتىرقىنىپ ئوقۇشتىن تاشقىرى، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار (بولشېۋىك) پارتىيىسىنىڭ تارىخى، لېنىن ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى (شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى) ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللاۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ئىلغارلىق نىقابى ئاستىدا قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرىغا تىل تەگكۈزگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھە دەپ كېڭەيتىۋېتىلگەن ”ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش“ ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قېلىپ قولغا ئېلىنغان. بىراق، ئۇنىڭ تەتقىقاتتىكى كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە زىت بولمىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىق، مەككارلىقىنى سېزىپ، ھوشيار بولۇشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قويۇپ بېرىلىپ، داۋاملىق ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ 1942 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مائارىپ ساھەسىدە بىرمەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوخشاش ”گۇمانلىق“ 12 كىشى بىلەن شىنجاڭغا گۇناھسىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇ 12 كىشىدىن 11 ى ئالماس دېگەننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئەخمەتجان چۆچەككە كەلگەن. شېڭ شىسەينىڭ موسكۋادا تۇرۇپلا گۇمانغا قالغان ئەخمەتجانغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە. ئەخمەتجاننىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى

ئۇشپىيونلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا تۇرغان.

مېنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى دەسلەپ كۆرگەن ۋاقتىم دەل ئۇنىڭ چۆچەكتە تۇرغان چاغلىرى بولۇپ، شۇ چاغدا مەن گېزىتخانىدا تەھرىر ئىدىم. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا شۇ كۈنكى گېزىتنى سېتىۋېلىپ گېزىتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بەندىڭدا ئولتۇرۇپ تەپسىلىي ئوقۇيتتى. باشقا چاغلاردا بولسا ئۇنىڭ بەزىدە كېسەك قۇيۇۋاتقان، تام ئاقلاۋاتقانلىرىنى كۆرەتتىم. ئۇ چاغلاردا ئاشۇنداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ياشنىڭ يەنە خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە شۇنچىۋالا قىزىقىپ گېزىت كۆرۈپ تۇرۇشى مېنىلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنى ئەجەبلەندۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ كىم ئىكەنلىكى، نېمە ئوي-پىكىرلىرى بارلىقىنى بىلىشكە قىزىققان بولساممۇ، لېكىن ئۆزەممۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن "پالاندى" قىلىنغان، سۆز-ھەرىكىتىم قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرغان، ئەخمەتجانمۇ ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرغان كىشىلەر بولغانلىقىمىزدىن ھەر ئىككىمىز ئۆز ئەھۋالىمىز بىلەن بولۇپ ئۆزئارا يېقىنلىشىش-تونۇشۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئەخمەتجان دەسلەپ ئىلى تۈرمىسىدە ياتقان، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكىۋېتىلگەن. شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى ئۇنى بولۇشىغا قىيناپمۇ ھېچبىر نەپ ئالالمىغان، قويۇپ بېرىشكە تېخى چىدىمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ سوپۇن زاۋۇتىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. مۇشۇ زاۋۇتتا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان "مەھبۇس"لار ئىچىدە مېنىڭ ئاكام ھىلالىددىنمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئىشەنچلىك يوللار بىلەن (بۇ ۋاقىتتا "مەھبۇسلار"

غا بولغان رەسىم بىر ئاز بوشاشقان) بىزگە خەت ياكى گەپ چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇ بىر-ئىككى قېتىملىق خېتىدە، "مەھبۇس"لۇق تۇرمۇشىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا "شادلىقى" بولۇپ، كۈنلىرى "مەنىلىك" ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، بۇنداق بولۇشىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئاتلىق بىر "ئۇكا" كاتتا رول ئويناۋاتقانلىقىنى يازغانىدى. بۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدا ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىمنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ چاغدا زادىلا ئويلىمىغانىدىم. لېكىن مەھبۇسلار تۇرمۇشىغا شادلىق، كۈنلىرىگە مەنىلىك تەم بەرگەن بۇ كىشىنىڭ تۈرمىدىمۇ ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىپ توختىمىغانلىقى ۋە كىشىلەردە ئازادلىق ئۈچۈن ئۈمىد، كۈرەش ئۈچۈن جاسارەت ئۇرغۇتۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۆڭلۈمدە غايىبانە ھۆرمىتىم ئاشقانىدى. كېيىن ئاكام ماڭا قىسقىلا گەپ چىقارتىپ، ئۆز ئەھۋالىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ غۇلجىغا كەتكەن "ئۇكا" ئەخمەتجاندىن ئاڭلىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئىزدەپ ئەخمەتجاننى تاپقان چاغدا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. بۇ چۆچەكتىكى ۋاقىتتا كۈندۈزلىرى كېسەك قۇيۇپ، ئاقلامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا گېزىت سېتىۋېلىپ ئوقۇيدىغان ھېلىقى يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىز خۇددى كونا تونۇش، كونا دوستلاردەكلا كۆرۈشۈپ كۆڭۈل-قارنىمىزنى بوشىتىپ قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق. خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ پات-پات ئۇچرىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. مەنمۇ بۇ ئوچۇق، خۇش خۇي، سۆزلىرىنىڭ مەنىسى كۈچلۈك يىگىت بىلەن سەپداش بولۇپ قالىدىغانلىقىمغا خۇشال بولۇپ قايتتىم.

دىگەندەكلا بىز پات ـ پات ئەمەس، ھەمىشە ئۇچرىشىپ، پىكىر-
لىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى
غەلىبىسىدىن كېيىن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا
ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدا ئىشلىدى، مەن مائارىپ نازارىتىدە
بولغانلىقتىن ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋاقتىمىز كۆپەيدى.
بۇ مەزگىللەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك
ئىكەنلىكى، تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارى ناھايىتى تېزلىكتە ئاشكارى-
لاندى. ئۇ باشقۇرغان گېزىتنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق، تەشۋىقاتى كۈچ-
لۈك بولۇپ، گېزىتخانىنىڭ تەھرىر، مۇخبىرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا
زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر دىل، بىر نىيەتتە ئىنقىلابنىڭ نىشانى ۋە مەقسى-
تىنى تەشۋىق قىلىپ، داۋاملىشىۋاتقان قوراللىق كۈرەشنىڭ مۇھىم
بىر قاناتلىق رولىنى ئوينىدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تالانتى ۋە قابىلىيىتى دەرھال ئېتىراپ
قىلىنىپ، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا يۆت-
كەلدى، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرۇئوپ مەخ-
سۇم ھەممە ئىشلارنى ئاساسەن ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرۇپ قىلىدى-
غان بولغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى
رەتكە سېلىش، يولغا قويۇش، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ۋە مۇھىم
قارار چىقىرىشتا ئەقىل كۆرسىتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە بارغانسېرى
كۆزگە كۆرۈندى. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە ھېرىپ ـ چارچاشتىن
قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە
ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى
تۈزۈش سۆھبىتىگە ۋەكىل تاللايدىغان ۋاقىتتا (بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھۆكۈ-

مەت ئەزاسى ھەم ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى) ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر ئېغىزدىن ۋەكىللىككە تاللاندى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدىكى خىزمىتى ئۇنىڭ ماھىر سىياسىي رەھبەر، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك ۋە ئۆتكۈر تەھلىل كۈچىگە باي تالانت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ”تىنچلىق سۆھبىتى“ باھانىسىدا خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى يوقىتىش، خەلقنى قورالسىزلاندۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئورۇنۇشىنى ئۆز ۋاقتىدا رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ ۋە ئېچىپ تاشلاپ، گومىنداڭچىلارنى تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن سەمىمىيەت كۆرسىتىشكە قايتا-قايتا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرگەن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى رەھىمجان سابىر ھاجى: ”بۇ باشلىقلىقنى مەن ئەپلەشتۈرەلمە-گىدەكمەن، ئەڭ ياخشىسى ئەخمەتجان بىزنى باشلىسۇنا!“ دېگەنىدى. دېمىسمۇ ئەخمەتجان قاسىمى ئاللىبۇرۇن سۆھبەتتە گومىنداڭچىلار بەۋا كېلەلمەيدىغان ئاساسلىق رەقىبكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىناۋىتى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك ئىلغار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەنىدى، يۆنىلىشىنى بىلگەنىدى، شۇڭا ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنى ھەقلىق يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىپ تاللىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى

ۋە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە ۋەكالىتەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتـ-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يەنىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقالمايدىغان، خەلق ئامىسى كۈتكەن تۈپ مەنپەئەتنى بەرمەكتە يوق، ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى داۋاملىق بۇلاپ-تالىشىدا، خەلققە ئالدامچىلىق قىلىشىدا ۋاستە بولۇپ بېرىۋاتقان قىلمىشلىرىغا قارشى بوشاشماي، پاكىتلىق مىساللار بىلەن دەلىمۇدەل كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىچكىرى رايونلاردا تىنچلىق سۆھبىتى شەرتلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش بىلەن تەڭلا، شىنجاڭدىمۇ تىنچلىقنى بۇزۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە توختىماي ئىغۋا-گەرچىلىك يۈرگۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئۆز ئالدىغا يىرتىپ تاشلاپ، دېموكراتىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بىشەملىكىگە قارشى تىغمۇتىغ كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، گومىنداڭ ئەكـ-سىيەتچىلىرىنىڭ يۇقىرى بېسىمىغا تىز پۈكمەسلىك ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، غۇلجىغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىـ-سىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي

دېموكراتىك ئىنقىلابىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇش يولىدا بوشاشماي كۈرەش قىلدى. شۇ ئاساستا "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەم بۇنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى جۇڭگو ۋە يېڭى شىنجاڭنى كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىش بويىچە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاخىر شۇ مەقسەت بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغان سەپىرىدە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

2. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ياشتا ھەممىدىن كىچىك، لېكىن تالانتلىق، ئىدراكلىق، يىراقنى كۆرەر ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ يەنە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كۆپرەك تونۇش ئىكەنلىكى، ئۆزىگە بىر كوممۇنىست ئۆلچىمى بويىچە قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقى بىلەن رەھبەرلەر ۋە ئاممە ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە يېتەكچى ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئاببasوۋنىڭ تېگى ئاتۇشلۇق بولۇپ، بوۋىسى تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ روسىيىگە چىقىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئابدۇكېرىم ئاببasوۋ 1921 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستانغا تەۋە پىرىۋارسكى شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ئاكا شۇ يەردىكى جۇڭگو

مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ئارىلىقىدا قاتناپ، ھەم مۇھاجىرلار ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغان (بۇنداق ئىشنى باشقۇرغانلارنى جۇڭگو گراژدانلىرى باشلىقى مەنىسىدە "ئاقسال" دەپ ئاتايتتى. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەت-لەپ "ھاشىم ئاقساقال" دەپ ئاتاشقان)، ھەم ئاز-تولا سودىگەر-چىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1927-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنىسى ئابدۇلھىمىت بىلەن بىللە ئانىسىغا ئەگىشىپ قايتىپ كېلىپ قورغاستىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان. 1928-يىلى دادىسى بىلەن ئاكىسى ئابلىزمۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ دادىسى بىلەن ئۈچتۇرپانغا بېرىپ يەرلەشكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئۆسمۈر-لۈك چاغلىرى ئۈچتۇرپاندا ئۆتكەن. ئۇ شوخ، ئەقىللىق، تىرىشچان ۋە سوراپ ھارمايدىغانلىقى بىلەن دوستلىرىنىڭ، مۇئەللىملىرىنىڭ، قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ بىلىم ئېگەللەشكە بولغان ئىشتىياقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچتۇرپاننىڭ قالاق، تۆۋەن مائارىپىدا بۇ ئىشتىياقىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. دادىسى ھاشىم ئاكىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار مائارىپىنى كۆرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى بولغانلىقتىن، ئوغلىنىڭ چوڭقۇرراق، ياخشىراق ۋە كۆپرەك بىلىم ئېگەللەش ئارزۇسىنى قوللاپ، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە ياراملىق ئادەم بولۇشىنى تىلىگەن ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشىغا ماقۇل بولغان.

1936-يىلى يازدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى

بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز ھاياتى ۋە تەقدىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇشلاپ تۇرمۇشقا قاراپ ئات سالغان. ئۇ باشتا دادىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن سوۋېتكە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىدە ئۈرۈمچىدىكى رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. لېكىن سوۋېتكە بېرىپ ئوقۇش ئىلاجى بولمىغانلىقىدىن ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىللىي 2 ـ سىنىپىغا يۆتكۈلۈۋالغان. 1938 ـ يىلى ئۇ بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ شۆيۈەن قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ مۇشۇ دەۋرى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تازا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ شىن- جاڭ شۆيۈەن قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن چاغدا، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. بىلىم ئىگەللەش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، لېكىن بىلىم ئىگەللىگەندىن كېيىن قانداق قىلىش، بىلىمنى كىم ئۈچۈن، نېمىگە ئىشلىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئېنىق چۈشەنچىسى بولمىغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا لىن جىلۇ بىلەن تونۇشۇش مىسلى كۆرۈلمىگەن ئامەت، ئۇنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا "خىزىرغا ئۇچرىغان"دەك ئىش بولغان.

ئۇ لىن جىلۇ، چى تيەنمىن، ياڭ مىيشېڭ قاتارلىق كوممۇنىست ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ دوكلات ۋە دەرسلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇ- زۇش توغرىسىدا سۆزلىگەن لېكسىيىلىرىدىن تەربىيە ۋە ئىلھام ئالغان، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆتۈلگەن «سىياسىي ـ ئىقتىساد»،

«جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، «دۇنيا ئىنقىلابى تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرگەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تاپىلىشىغا ئاساسەن ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى، «لېنىنىنىڭ بالىلىق دەۋرى»، «يېڭى پەلسەپە، كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراش» قاتارلىق ئىجتىمائىي ئوقۇشلۇقلارنى ۋە «پولات قانداق تاۋلاندى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇغان. ياشلىق دەۋرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋە ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا كۆزى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، بارغانسېرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

1938 ـ يىلى قىشتا شېڭ شىسەي بىر "توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى"نى ياساپ چىقىپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى. مۇشۇ تۇتقۇندا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقالمۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي تۈرمىدە ۋاپات بولدى. بۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا غايەت ئېغىر روھىي زەربە بولدى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ئاغزىدا دەۋاتقانلىرى بىلەن ئەمەلدە قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ئوخشاش چىقمايۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يەنە بۇنىڭ سەۋەبىنى يېشەلمەي يولداش لىن جىلۇدىن: "لىن مۇئەللىم، 'ئالتە بۈيۈك سىياسەت'نىڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزممۇ؟ سىنىپلارنى يوق قىلىشمۇ؟" دەپ سورىدى. لىن جىلۇ ئۇنىڭغا سورىغان سوئالى دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۈرەش، مىللەت، دۆلەت تەلىماتلىرىنى، كوممۇنىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى ۋە

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭلارنىڭ بىرنەچچە پارچە ئەسىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشى ئۈچۈن بەردى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ شۇنىڭدىن تارتىپ يولداش لىن جىلۇنى مەخسۇس ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالدىغان، چۈشەنمىگەن مەسىلە-لىرىگە جاۋاب ئالىدىغان بولدى. ئۆگىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان يېڭى دۇنيا قاراشقا ئىگە بولدى. 1939 ـ يىلى ئۇ كوممۇ-نىستلار يېتەكچىلىك قىلغان، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئاممۋى تەشكىلات — "شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمىسى"گە قاتنىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەر-ۋەر جەڭچى بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەندىكى ۋاقتىدا ئالغان ئاشۇ تەربىيىلىرى ئۇنىڭ كېيىنچە ئىنقىلابىي يولدا بوشاشماي مېڭىشىدا مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس بولغان.

1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ دادىسىنىڭ "مەسلىسى"گە چېتىلىپ، "خائىنىنىڭ ئەۋلادى" دېگەن بەتنام بىلەن ساۋەن ناھىيىسىگە سۈر-گۈن قىلىندى. ئۇ بۇ يەردە ئۇيغۇر ـ قازاق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىپ مۇشەققەتلىك ئىككى يىلنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما، بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ ساۋەندىكى ھەر مىللەت خەلقىغە بىرمۇنچە ئۇنتۇلماس ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ئۆزىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ ئۇرۇمچىدىن ئۆزى يوشۇرۇن ئېلىپ كەلگەن ۋە كېيىن ساۋاقداشلىرى ئارقىلىق ئالدۇرۇپ كەلگەن «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار (بولشېۋىك) پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «دۆلەت ۋە ئىنقى-

لاب»، «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، «لېنىنىزم ئاساسلىرى» ۋە «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ نەزەرىيىۋى بىلىمىنى ئاشۇردى، ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى ئۇرغۇتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئىنقىلابىي غايىگە ۋە كۈرەش نىشانىغا ئىگە بىر جەڭچى بولۇپ قالدى.

1942 ـ يىلى يازدا ئۇ ئىككى يىللىق سۈرگۈن مۇددىتىنى تۈگىتىپ غۇلجىغا كەلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى، تەرجىمانى، غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا جەمئىيەت ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارغا كەڭ ئارىلىشىپ، بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. مۇشۇ ئاساستا 1943 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئىلغار تەشكىلات ـــ"ماركسىزم ـ لېنىنىزم گۇرۇپپىسى"نى قۇردى. بۇ تەشكىلات ئاستا ـ ئاستا كېڭەيدى ۋە پائالىيىتىمۇ كۆپەيدى. بۇ تەشكىلات ئاساسلىقى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلىمىنى ئاشۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تەشكىلات جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، شىنجاڭدا ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنىڭ چارىسى ۋە ئىنقىلابنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ چاغلاردا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ "كاماندىروپكا"سىدىن پايدىلىنىپ جايلارغا خىزمەتكە بارغان پۇرسەتتە خەلققە ئىنقىلاب

قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈپ قالمىدى.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋنىڭ پائالىيىتى بارغانسېرى كەڭ دائىرىدە قانات يېيىپ باردى. ئۇ شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەممە ساھە، ھەممە تەبىقىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ۋە تەشكىللەش مۇھىملىقىنى چۈشەندى ۋە ئاشۇنداق تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك، ئازادلىق تەشكىلاتى دىنىي ساھەدە، سودا ساھەسىدە، زىيالىيلار ئارىسىدا، ئىشچى، قول ھۈنەرۋەن، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئىنقىلابىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا توسقىلى بولمايدىغان ئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەييارلىدى.

ئەمما ئۇ 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ ساقچىلىرى قولغا ئېلىشقا ئورۇنغاندا سوۋېتكە كەتتى ۋە 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تولۇق قوراللانغان 60 قا يېقىن پارتىزاننى (بۇ ياقتىن ئۆتۈپ كەتكەنلەردىن قۇرۇلغان) باشلاپ، 20 ئات، قورال ـ ياراغ، ئىككى توننا ئوق ـ دورا، بىر يېنىك پىلىموت ۋە بىر مىناميوت بىلەن قايتىپ كېلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشتى ھەم غۇلجا شەھىرىنى ئاساسەن ئازاد قىلىپ، تۇنجى خەلق ھاكىمىيىتى ـــ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

ئۇ ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئۆزى باش بولۇپ ۋە قول سېلىپ، بىرىنچى سەپكە بېرىپ ئىشلىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندا ئۇ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ قوراللىق ئىنقىلابتىكى مۇھىم بىر خىزمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ تا ئاقسۇغىچە غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ بارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بىر بابتا مەخسۇس توختالدۇق).

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئادا قىلدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇۋاتقان قىلمىشلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا پاش قىلىپ، دەلمۇدەل كۆرەش قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان "خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" بىلەن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان "شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى"نىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىدى ھەمدە يولداش دۇڭ بىۋۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يوليورۇقى ۋە غەمخورلۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىتىم بۇزۇلۇپ غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىگە بىر كوممۇنىستنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قاتتىق تەلەپ قويۇپ،

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ساغلام، توغرا يول بىلەن تەرەققىي قىلىپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى. 1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەتتە "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" قۇرۇلغاندا بۇ "ئىتتىپاق"قا ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى قوشۇمچە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پۈتۈن جۇڭگونىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا تېخىمۇ تىرىشىپ جاپالىق ئىشلەپ، ھېسابسىز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق ھەربىي قوماندانى، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلمەس تۆھپە ياراتقان قەھرىمان ئىسھاقبېك مۇنونوۋنىڭ نامى ھېچقاچان ئۆچمەيدۇ، روھى مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئىسھاقبېك مىللىتى قىرغىز، 1902 ـ يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يىغىن يېزىسىغا تەۋە سىمخانا دېگەن يەردە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى مۇنون ئاخۇن چارۋىچىلىق بىلەن تەڭ ئاز ـ تولا سودا ـ سېتىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، روسىيە تەۋەسىدىكى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلارغا بارغان، ھەج قىلىپ مەككىگىمۇ بارغان. كۆپنى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسى خېلى كېڭەيگەن بۇ بوۋاي ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق، نامرات ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغانلىقىنى

يادىدا تۇتۇپ، دەسلەپ ئۆز ئاۋۇلىدا بىر دىنىي مەكتەپ ئېچىپ
قەشقەر شەھىرىدىن موللا تەكلىپ قىلغان. ئىسھاقبېك بالىلىق
ۋاقتىدا دەل شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. كېيىن دادىسىغا
ئەگىشىپ، ئەنجان، نامانگان قاتارلىق جايلارغا تىجارەت ئىشى
بىلەن بېرىپ ـ كېلىپ يۇرۇپ كۆپنى كۆرگەن ۋە ئۆگەنگەن.
1918 ـ يىلى ئۇ ئۆز ئاۋۇلىدىكىلەرنىڭ بىردەك كۆرسىتىشى بىلەن
ياپپاش تۇرۇپ بەگلىككە سايلانغان. ئۇ شۇ چاغلاردىلا ئۇيغۇرچە،
ئۆزبېكچە بىمالال سۆزلەش، ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا
قالماي رۇس تىلى ۋە يېزىقىنىمۇ ئۆزلەشتۇرگەن.
سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، شۇ ئىنقىلابتىن قاچقان
ئاھالىلەر ۋە ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى
تەرىپىدىن زەربە يېگەن باندىتلار چېگرىدىن كۆپلەپ كىرىپ
قەشقەرنىڭ تىنچلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ياڭ
زېڭشىن ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم
تۈزۈپ، قاچاقلار ۋە باندىتلارنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشىنى توس-
ماقچى بولۇپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ سىمخانا، تويۇن قاتارلىق
جايلىرىدا چېگرا پونكىتى قۇرۇپ ئەسكەر توختاتقان. بۇ ئەسكەر-
لەرنىڭ كۆپ قىسمى قىرغىزلاردىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىسھاقبېكمۇ
شۇلارنىڭ بىرسى بولغان. كېيىن ئۇ يەنە سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ
كەتكەن ۋە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، بىر
بۆلۈك قىرغىز ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىدە
جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش، كېيىن
جانابېك قازى قاتارلىق قاچاق باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى
باستۇرۇش، ئاندىن كېيىن ما جۇڭيىڭ باندىتلىرىنىڭ بۇلاڭچى

قوشۇنلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن قاتنىشىپ، ئاددىي ئەسكەرلىكتىن بارا ـ بارا ئورۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كوماندىر بولۇپ قالغان.

ما جۇڭيىڭ باندىتلىرى يوقىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقلىشىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىش، كوممۇنىزمنى ھىمايە قىلىش" شوئارى ئىسھاقبېكنىمۇ مايىل قىلغان. ئۇ 1935 ـ يىلى باھاردا قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ 1 ـ پولكى قىلىپ تۈزۈلۈشىگە ماقۇل بولغان، ئۆزى بۇ پولكقا كوماندىر قىلىپ تەيىنلەنگەن. شۇندىن كېيىن بۇ پولك قەشقەردە تۇرۇپ ئاقسۇدىن تاشقورغانغىچە بولغان چېگرا پونكىتلىرىنىڭ مۇداپىئەسىگە ۋە ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان.

كېيىنچە، ئىسھاقبېك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەنە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئېلىپ 2 ـ پولك تەشكىللىگەندىن كېيىن، ئىككى پولك بىر بىرىگادا قىلىنىپ، ئىسھاقبېك بىرىگادا كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئىسھاقبېك ئۆز بىرىگادىسىنى باندىتلارنىڭ تەرتىپسىز قوشۇنلىرىدىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاچكۆز، چىرىك ئەسكەرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان بىر خەلق ئارمىيىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرگە خەلقنى سۆيۈش ئىدىيىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ شۇ مەقسەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەۋلانوۋ، پېتروۋ قاتارلىق ئون نەچچە مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىپ، قوشۇننىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىگە ۋە ھەربىي مەشغۇلاتىغا مەسئۇل قىلغان، ئۇزاق ئۆتمەي ئىسھاقبېك بىرىگادىسى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان. ئىسھاقبېكنىڭ ئۆزىمۇ خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان.

ئىسھاقبېكنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويى ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن شېڭ شىسەي باشتا ھەربىي قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىشنى باھانە قىلىپ، ئىسھاقبېك بىرىگادىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنى ئۆلۈغچات ناھىيىسىنى تەسىس قىلىش ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ قويغان. كېيىن ئۇنى يوقىتىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن. ھىيلىگەر شېڭ شىسەي ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش نىقابى بىلەن ئىسھاقبېكنى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، شېڭ شىسەينىڭ كۆپ قېتىملىق نەيرەڭلىرىنى بىلىۋالغان ئىسھاقبېك ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۇرۇمچىگە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇيرۇقنى رەت قىلغان. بىر سۈيىقەستى ئاقمىغان شېڭ شىسەي يەنە بىر سۈيىقەست ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىلى قازاق ـ قىرغىز مەدەنىيەت ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، دەرھال ۋەزىپە ئۆتەشكە ئاتلىنىشقا بۇيرۇغان، بۇ بۇيرۇقنى يەنە رەت قىلىشقا باھانە تاپالمىغان ئىسھاقبېك 1940 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىلىغا باردى. ئۇ غۇلجىدا ھەمىشە ئىشپىيونلارنىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ نازارەت قىلىشى ئاستىدا تۇردى.

شېڭ شىسەي ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە ئۇنىڭغا ئاخىر قول سالدى. 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇنى قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇردى، ئارقىدىنلا غۇلجىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئۇنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئىسھاقبېك بۇ خەۋەرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىسى ئەمەت بىلەن تۆت ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە ئاران ئۈلگۈردى. شېڭ

شىسەي دەرغەزەپ بولۇپ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئىسھاقبېكنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى تۇرسۇن ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى، ئىنىسى غىياس ئۇزۇنغىچە تۈرمىدە ياتتى، خوتۇنى گۈلنەزەرنى شىڭ شىسەي ئاقسۇدىكى غالچىسى توختامىشقا خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بەردى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بولسا قەشقەر، پەيزىۋات قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ھەم تۇغقانلىرىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.

ئىسھاقبېك سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپمۇ جىم ياتمىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا شىڭ شىسەينىڭ زۇلمى ۋە زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن شىنجاڭلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابچىلىرىدىن 200 نەچچە كىشىنى تاللاپ ئىككى چوڭ ئەترەت تەشكىللەپ سىياسىي ۋە ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى. ۋە 1943-يىلى يازدا شۇ بىر بۆلۈك قوراللىق خادىملارنى ئېلىپ ئاقچى تەۋەسىگە كىردى ۋە يەرلىك ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلۇغچات، ئاقچى دائىرىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرى بولغان قانات ساتقىنلىق قىلىپ دۈشمەنگە مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا ئىسھاقبېك ئەسلىدىكى پىلانىدىن ۋازكېچىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق تاشقورغانغا كىرىپ، شۇ جايدا پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەشكە كىرىشكەن ۋە ئىنقىلابنى ياقلايدىغان كىشىلەردىن ئوبۇلقاسىم، مادايىۋۇ، مەھەممەت ئەيسا، شىرىنبېك قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ "ئازادلىق تەشكىلاتى" قۇرۇپ چىقتى. ئۇلار ھەم خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنقىلابىي تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى، ھەم قوراللىق پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ پارتىزانلىق

ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ تاشقورغاندا خەلق قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى مەشئىلىنى ياندۇردى. 1944 - يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سوۋېتتىن قايتىپ كېلىپ، نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئازاد قىلغان ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسھاقبېك 200 كىشىلىك چوڭ ئەترەتنى باشلاپ كېلىپ، غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشىغا قاتناشتى. كېيىنچە ئۇ مول ھەربىي بىلىمى، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى ۋە يۇقىرى ئىناۋىتى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىسھاقبېك 1 - بىرىگادىنىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەندى ۋە ئۇنىڭغا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بېرىلدى. كېيىن ئۇ يەنە بىر بۆلۈك قوشۇنلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش، قىسىم-لارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن شۇغۇللاندى، نەتىجىدە تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە كۆرسەتتى. كېيىن ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىسھاقبېك مۇنونوۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدىكى، بولۇپمۇ شىخو، جىڭ ئۇرۇشىدىكى پارلاق تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالاپ، 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 107 - سانلىق يىغىنىدا ئۇنىڭغا گېنېرال لېيتنانت ئۇنۋانى بېرىشنى قارار قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ پالىنوۋنىڭ ئورنىغا مىللىي

ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، گومىنداڭچىلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپ ۋە شەرتلىرى ئاساسىدا بىتىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، 1946 - يىلى 4 - ئايدا ئىسھاقبېك جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ۋاقىتلىق ئوگۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تاشقورغان قوراللىق ئىنقىلابىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىم ئارمىيە ئۆلچىمى بويىچە يېڭىباشتىن تەشكىللەپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەتتىكى پايدىلىق ئورنى ئۈچۈن بىر ئۆلۈش كۈچ قوشتى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىسھاقبېك ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى. 1947 - يىلى 2 - ئايدا ئىسھاقبېك بىۋاستە ئۆزى ئۈچ ئاتلىق پولكقا قوماندانلىق قىلىپ، دەلىلقاننىڭ ماسلىشىشى بىلەن قىسىپ زەربە بېرىپ، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مەيداندا تۇرغان ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئوسمان باندىتنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقاردى. ئارقىدىنلا ئىسھاقبېك قالبەك باندىتلىرىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇنىمۇ بارىكۆلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى تېزلا ئوڭشاپ ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى قوغدىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنى تامامەن يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلىدىكى فاشىستلىق ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن،

ئىسھاقبېكمۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن قايتىپ چىقىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى ۋە ئارمىيە ئىچىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم خاھىشلىرىنى تۈگىتىش يولىدا ئېرىنمەي خىزمەت ئىشلەپ، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت ئۇسۇلىنى مىللىي ئارمىيە ئىچىدە يولغا قويۇش پىلانىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا زور ياردەم بەردى.

1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموك-راتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" قۇرۇلغاندا ئىسھاقبېك مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

4. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر شەرەپلىك جەڭچىسى دەلىلقان سۈگۈربايىۋ ئىدى.

دەلىلقان 1906 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە تەۋە ئۆرلىگەي رايونىدا (ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە) قازاقلارنىڭ كىرەي قەبىلىسىگە تەۋە كىروۋچ ئۇرۇقىدىن بولغان ئابرويلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

دەلىلقان بالىلىق چاغلىرىدا ئوقۇشقا، بىلىم ئىگەللەشكە ھەۋەس-مەن بولغان. ئۇ ئۆز ئاۋۇلىدىكى مەدرىسىدە ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۆزلۈكىدىن موڭغۇلچە ۋە رۇسچىنى ئۆگىنىۋالغان. 1921 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قارشى چىقىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن دۇتوۋ قىسىملىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ قېچىپ كېلىپ، چۆچەك، ئالتاي رايونلىرىغا كىرىپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ باندىتلار ئالتاينى بازا قىلىپ قىزىل ئارمىيىگە جاھىل-لىق بىلەن قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى ئالتاينىڭ ۋالىيسى جۇ شۆۋۇغا 10مىڭ قوي، 300 كالا، بەش مىڭ ئات، مىڭ تۆگە

بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئېغىر يۈك، ئەلۋەتتە، كەڭ چارۋىچە-
لارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكتىن، قازاق چارۋىچىلىرى ئارىسىدا
قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلغان. دەللىقان ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقى
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، قىزىل ئارمىيىگە ئاق باندىتلارنىڭ
ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشىنى مەلۇم قىلىپ، بۇ بۇلاڭچىلارنى
يوقىتىش ئىرادىسىگە كەلگەن. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىنى بىرسى
ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن، ئاق رۇس ھەربىي باشلىقى باچىچ غەزەپكە
كېلىپ دەللىقان بىلەن ئاكىسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرگەن. بىر
ئايدىن كېيىن ئۇلارنى ئېتىۋېتىشكە ئېلىپ ماڭغاندا ئاكىسى: "بىز
ساق قالمايدىغان بولدۇق، ھامىنى ئۆلگەندىن كېيىن بىر ئېلىشىپ
باقايلى، مەن ئالدىغا قاچاي، سەن ئارقا تەرەپكە قاچ!" دېگەن.
ئاكىسى ئۆزى دېگەندەك ئالدى تەرەپكە قاچقان، بۇلارنى يالاپ
ئېلىپ ماڭغان ئۈچ ئاق باندىت ئاكىسىنى قوغلاشقا تۇتۇنغاندا،
دەللىقان ئارقا تەرەپكە قاچقان. ئاكىسى بەختكە قارشى تۇتۇلۇپ
قېلىپ ئېتىپ تاشلانغان. دەللىقان بەختكە يارىشا قېچىپ قۇتۇلۇپ
ئاۋۇلغا كەلگەندىن كېيىنلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېگرا
مۇداپىئە پونكىتىغا ئادەم ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا
مەلۇمات بەرگەن. قىزىل ئارمىيە كىرگەندىن كېيىن ئۆزى ئۇلارنى
باشلاپ بېرىپ بىر بۆلۈك باندىتلارنى قورشىۋېلىپ يوقىتىشقا قاتناش-
قان. بۇ ئىشتىن كېيىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كوماندىرى ئۇنىڭغا
ناھايىتى كۆپ ھەشقاللا ئېيتقان.

1924 - يىلى ئۇ 18 ياشقا كىرگەن يىلى موڭغۇلىيىدە خەلق جۇمھۇ-
رىيىتى قۇرۇلغان. دەللىقان بىر ياندا سوۋېت ئىتتىپاقى، يەنە بىر
ياندا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان شارائىتتا ياشىغانلىقى

ئۇچۇن، ئۆز يۇرتىدىمۇ بىر ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇ يولدا كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان. 1932 - يىلى دېموكراتىزمچى تەرەققىيپەرۋەر زات شەرىپقان جىمىنەيدە ئامىنى تەشكىللەپ، جىن شۇرېن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەندە، دەلىلقان ئۆز ئاۋۇلىغا باشچى بولۇپ ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ، شەرىپقاننىڭ دېموكراتىك ئىلغار ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى ۋە كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالغان.

شىڭ شىسەي يېڭىدىن تەختكە چىقىپ، ”ئىلغار“ قىياپەتكە كىرىۋالغان چاغدا ئۈرۈمچىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ”مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى“ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشقان ”جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى“ قۇرۇلغانىدى. دەلىلقان ئالتايدىكى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالتايدىكى ”جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى“نىڭ تايانچلىق كۈچى بولدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بۇ تەشكىلاتلار ئالتاينىڭ ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور بۇرۇلۇش ياسىدى، ھەممىلا جايدا دېموكراتىك كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ تەشكىلاتلار يەنە ئۇرغۇن ئىنقىلابىي كىتاب - ژۇرناللارنى تارقىتىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ «ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئاشۇ چاغلاردا قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى.

دەلىلقان يۇقىرىقىدەك ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋۇلمۇ ئاۋۇل چېپىپ يۈرۈپ ياپونغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش

تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى ۋە بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئالتاي خەلقى-دىن ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن بەش ئايروپىلان، 100 ھەربىي ئات، ئىككى يۈز توققۇز مىڭ توققۇز يۈەن نەق پۇل ھەم نۇرغۇن ئەلا سۈپەتلىك جۇۋا، ئۆتۈك قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ ئەۋەتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇ 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان "ئۆلكىلىك ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى"غا قاتناشتى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن گۇمانخور، ئىچى قارا شېڭ شىسەي تۇيۇقسىز چارۋىچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇشى كېرەك، دېگەن بۇيرۇقنى چىقىرىپ، شەرىپقاننى "قورال ـ ياراغ ئىنقىلاش كومىتېتى"نىڭ مۇدىرلىكىگە تەيىنلىدى ۋە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىدىن كەتكىلى قويمىدى. تاپشۇرۇش كېرەك دېيىلگەن قوراللار ئىچىدە ئوۋ مىلتىقى، ماناپولكا قاتارلىق ئاددىي ئەمما، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئېھتىياجلىق قوراللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئىش "قۇرۇلتاي" ۋەكىللىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كۆكتوقاي ۋە سارسۇمبە چارۋىچىلىرى غەزەپلىنىپ شېڭ شىسەينىڭ "قورال ـ ياراغ ئىنقىلاش كومىتېتى"نىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئېتىپ تاشلاپ، 11 مىلتىق ۋە بىرمۇنچە ئوق ـ دورا ئولجا ئېلىپ، ئالتايدا تۇنجى قوزغىلاڭ ئوتىنى ياقتى. شېڭ شىسەي بىرنەچچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ چارۋىچىلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى باستۇرۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا بۇرنىغا يەپ مەغلۇپ بولدى. 4 ـ ئايدا شېڭ شىسەي دەردىنى "قۇرۇلتاي"غا كەلگەن ئالتاي ۋەكىللىرىدىن ئېلىپ، شەرىپقان قاتارلىقلارنى نەزەربەند قىلدى ۋە ئۆز قېيىن ئاتىسىنى ئالتايغا ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن

سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللەرنى قويۇپ بېرىش، دەلىلقان قاتارلىقلارنى سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇردى. شېڭ شىسەي ھەيۋىسىدىن خېلى چۈشۈپ، قوزغىلاڭ-چىلار قورال تاپشۇرسىلا شەرىپقاندىن باشقا ۋەكىللەرنى قايتۇرۇۋې-تىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، بەزى ۋەكىللەرنى ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلدى، دەلىلقاننى سارسۈمبە (ھازىر-قى ئالتاي شەھىرى) ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

1940 - يىلى 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي شەرىپقان قاتارلىق كىشىلەرنى قاماققا ئېلىپ دەھشەتلىك قىينىدى ۋە ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈ-رۈۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىكىگە ئوخشاش ئۆز زۇلمىنى ئالتايدىمۇ ھەسسىلەپ ئاۋۇتۇپ، قوشلاپ باج ئېلىپ، چارۋىچىلار ۋە ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنى تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1941 - يىلى 4 - ئايدا چارۋىچىلار يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دەلىلقان بۇ چاغدا پۈتۈنلەي قوز-غىلاڭچىلار تەرىپىدە تۇردى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارغا مۇھىم ئاخباراتلارنى يەتكۈزدى. شۇ يىلى 9 -ئايدا، شېڭ شىسەي ئالتايغا زور كۆلەمدە قوشۇن ئەۋەتتى، يەنە قېيىن ئاتىسىنى ئالتاينىڭ قوشۇمچە گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىن-لەپ، يېقىن غالچىسى جانىمقاننى نەسىھەت قىلىش، تەرغىبات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يولغا سالدى. قوزغىلاڭچىلار كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى. ئەمما، دەلىل-قاننىڭ قوزغىلاڭچىلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقىمۇ مەلۇم بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەي دەلىلقاننى ۋە ئالتاي ۋالىيسى بۇخات قاتارلىق

ئۇن نەچچە كىشىنى ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە "تەكلىپ" قىلدى. دەلىلقان بۇ "تەكلىپ"نىڭ مەنىسىنى دەرھال پەملەپ "دېرەكسىز يوقاپ كەتتى." ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر تاتار دوستى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە پاناھلىنىپ تۇرۇشنى كېلىشكەنىدى.

دەلىلقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىن ئالمۇتىدىكى شەرق داشۆسىدە ئوقۇپ، ئىنقىلاب نەزەرىيىسى، ھەربىي تەلىم بويىچە بىلىم ئىگەللىدى. ئىدىيە جەھەتتە يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇش ياساپ، تېخىمۇ ئىلغارلىققا مايىل بولدى، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ ئالتايغا قايتىپ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي جەھەتلەردە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئىجابىي جاۋاب بەردى ۋە گېنېرال مايور پوپوۋ باشچىلىقىدا 12 كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا سېلىپ قويدى. ئۇلار ئايلىنىپ تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئالتاي تەۋەسىگە كىردى.

دەلىلقان شىبەك شىسەيىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىقلا يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەربىيىلىدى ۋە تەشكىللىدى، ئۇ ئاۋۋال سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 25 كىشىلىك ئىنتىزامچان رەھبىرىي تايانچ گۇرۇپپا قۇردى. شەھەر، بازارلارنى ئىشغال قىلىشقا ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئاۋۋاللارغا

تېچكىرىلەپ چۈكۈش، چارۋىچىلارنى ئويغىتىش، ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە قاتنىشىدىغانلارنى كۆپەرەك جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش قارارىغا كەلدى.
1944 ـ يىلى 4 ـ ئايغا بارغاندا ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى رەھبەر ـ لىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتى: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 80 پىرسەنت چارۋىچى ئاھالىسى شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدىن تاغ ۋە يايلاقلارغا كۆچۈپ كېتىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنى "قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب" قىلىپ قويىدى. باشقۇرىدىغان پۇقراسى قالمىغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نېمە قىلارىنى بىلمەي تېپىرلاپ قالدى.
1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە دەللىقان گومىنداڭ ئەكسى ـ يەتچىلىرىگە قارشى كۆپ قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇشلارنى پىلانلاپ ۋە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ كۆپلىگەن ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم ناھىيىلى ـ رىنى ئازاد قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇ باشلىغان پارتىزانلار مىللىي ئارمىيىنىڭ لېسكىن كوماندىرلىقىدىكى پولكى بىلەن ماسلىشىپ بۇرچىنغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار سارسۇمبىگە ھۇجۇم ياسىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى بەۋا كېلەلمەي شەھەرنى تاشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپكە قاچقاندا، دەللىقان ئاتلىق قىسىملارنى باشلاپ قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى دۈشمەن قېچىپ كەتكەندىن باشقا، گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى ۋالىيسى گاۋ بويۈي، گارنىزون قوماندانى ۋەن يۈيلىن باشچىلىقىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسـ ـكىرى تىرىك قولغا چۈشتى. ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد

بولدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

1945 - يىلى 10 - ئايدا، دەلىلقاننىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش جەريانىدىكى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا ئوردېن تەقدىم قىلىندى ۋە پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇنىڭ ئۆزى ئالتاي ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويىدى، ئالتايدىكى پارتىزانلارنى مۇنتىزىم ئارمىيە قىلىپ رەتكە سالدى. ئۇنىڭ تىرىششى ئارقىسىدا ئالتايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ 3 - ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى، ئۇ پولك كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەندى. 1946 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ ئوسمان باندىتقا قارشى كۆرەش قىلىپ قازانغان غالىبىيىتى، ئىنقىلابنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان تۆھپىسى ئۈچۈن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلاندى ۋە گېنېرال مايور ئۇنۋانى بېرىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە شىمالىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەندى.

تىنچلىق سۆھبىتىدىن كېيىن ئىمزالانغان 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، دەلىلقان ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. ئەمما ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئوسمان باندىت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بارغانسېرى بىرلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىمىدى، ئوسمان باندىت ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى باشلىغاندا دەلىلقان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتى-

يىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" قۇرۇلغاندا ئۇ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئىتتىپاق ئالتاي شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

دەللىقان ماھىر ھەربىي قوماندان بولۇپلا قالماي، پىشقان مەمۇرىي يېتەكچىمۇ ئىدى. ئۇ ئۇرۇش يىللىرىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

ئۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشى بىلەن بىر دەپ چۈشىنەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي غەلىبىسىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا ئۇ: "جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن يانار تاغدەك قەھرىمانانە شىجائەت بىلەن ئازادلىق يولىغا قەدەم قويدى. ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى كۈنسايىن كۈچىيىپ، گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالدى" دەپ كۆرسەتكەنىدى.

5. يولداش لو جى پۈتۈن ھاياتىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان جەڭچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغلاردا رەسمىي تونۇشقانىدىم، بولۇپمۇ ئۇ گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى كەينىگە چۈشۈۋالغان خەۋپلىك ئەھۋال ئاستىدا «كۈرەش» ژۇرنىلىنى مەلۇم ۋاقىت بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ چىقارغان ۋە تارقاتقان كۈنلەردە بىز ناھايىتى يېقىن سەپداشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق. لو جىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 1915 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋمىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ

ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭى تۇغماس ئىكەن ۋە يېزىدا تۇرىدىكەن.
ئۇ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بولۇپ گۇاڭجۇ شەھرىدە دادىسى،
ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، دادىسىنىڭ شۇ چاغدا گۇاڭجۇ
شەھرىدە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان دۇكىنى بولغانىـ
كەن. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى سودىدا سۇنۇپ دۇكىنىنى
تاقاشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئۇلار يېزىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتىـ
كەن. ئۇزاق ئۆتمەي دادىسى ئانىسى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنى
دادىسىنىڭ چوڭ خوتۇنى بېقىپتىكەن. لو جى بۇ خوتۇننى "چوڭ
ئانا" دەپ چاقىرىدىكەن.

لو جى سەككىز ياشقا كىرگەندە مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن
ـ ھەددىدىن ئارتۇق شوخ، كەپسىز بولغانلىقتىن چوڭ ئانىسى "باشقۇرالـ
ماي" قالغان ۋە چاگچۇندە تۇرىدىغان بالىسى يوق تاغىسى لوشىنجىگە
ئوغۇللۇققا بېرىۋەتكەن. تاغىسى لو شىنجى ئۇنى 1931 ـ يىلى "18 ـ
سېنتەبىر ۋەقەسى" پارتلىغىچە ئوقۇتقان. 16 ياشلىق لو جى تاغىسىغا
"ئىش ئىزدەپ تېپىپ ئۆز كۈنۈمنى ئۆزەم ئالىمەن" دەپ بىر خەت
يېزىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ جىلىندىكى ياپونغا قارشى
تۇرۇش ئارمىيىسىگە كىرىپ ئەسكەر بولغان. بۇ ئارمىيە ئادىمى
ئاز، تەمىناتى يوق، قورال ـ ياراغ مەنبەسى بولمىغانلىقتىن بىرەر
يىلچە ئۇرۇش قىلىپ بېقىپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا
چېكىنگەن. لو جى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق 1933 ـ يىلى شىنجاڭغا
كىرگەن ۋە سەپەرداش ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەن.

شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ شەرقىي شىماللىق "يۇرتداشـ
لىرى"نى يۆلەپ، شۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ھاكىمىيەتنى مۇستەھـ
كەملەش غەرىزىدە ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى تاللىغاندا، لو جىمۇ

تالىلىنىپ ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى قارار ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئەمما، ئۇ شىنىڭ شىسەيىنىڭ غەربىي ئۆزگە خۇسۇسىي ئەسكەر تەربىيلەش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئالمىشىۋالغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ لىن جىلۇنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشتىن تاشقىرى، كۆرستىپ بەرگىنى بويىچە يېڭى پەلسەپە («دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»)، ھازىرقى زامان ئىنقىلابىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. ئىنقىلابىي نەزەرىيە ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، ئۇ يەنە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىلغار پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان.

1938 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ مەكتەپتە قالدۇرۇلۇپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان ۋە "جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما"غا قاتناشقان، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن موڭغۇل ـ قازاق سىفەن مەكتىپىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مۇدىرى قوشۇمچە مەكتەپتىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولغان. 1940 ـ يىلى قابا ناھىيلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىگە باشلىق، 1942 ـ يىلى سارسۇمبە مائارىپ ئىدارىسىدە تەلىم ـ تەربىيە مۇدىرى بولغان. ئۇ شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە باشقىلارنىڭ پىتنىسى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن قارىلىنىپ شىڭ شىسەينىڭ ئالتايدىكى تۈرمىسىگە قامالغان، كېيىن ئۈرۈمچىدىكى 2 ـ تۈرمىگە ئەكىلىپ قامالغان. كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ قارا چاپلىغانلىقى ئاشكارا بولۇپ، قويۇپ بېرىلگەن ۋە قارا شەھەر ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ گۇمان بىلەن يەنە تۈرمىگە ئېلىنىپ ئۈرۈمچىگە يالاپ كېلىنگەن. 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا

گومنداڭچىلارنىڭ تۆرمىدىكى مەھبۇسلارنى ئىنقىلاش بويىچە قۇرۇلغان بىر ھەيئەتنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن ئۇ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن. شۇندىن كېيىن لو جى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە ئىشلىمەي نەنپىڭدە ئۇششاق ئېلىپساتارلىق قىلىپ، كىچىك ياي-با ئېچىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەسلىدە بولسا "كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى"غا قاتنىشىپ، كەسپىي ئىنقىلابچى بولۇپ قالغان. لو جى 1944 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان "شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى" تەشكىلا-تىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ۋە بىۋاسىتە قول سېلىپ نەشر قىلغان «كۆرەش» ژۇرنىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، خەلقنى ئويغىتىش ۋە قوزغاش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىغان (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بىر بابتا ئالاھىدە توختالدۇق).

بىز ئىلىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يولداش لو جى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە مەسئۇل بولۇپ ئۈرۈم-چىدە قالدى ۋە مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ باردى. لو جى "كۆرەش نەشرىياتى" ئارقىلىق «كۆرەش» گېزىتىنى چىقىرىۋەردى ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇندىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەشۋىق - تەرغىبات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتىنى، ئازاد رايونلاردىكى ئىشلەپچىقى-رىش - قۇرۇلۇش ساھەسىدە قولغا كەلگەن ئۇتۇقلارنى گېزىت ۋە تەشۋىق ۋاراقلىرى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، ئاخباراتنى قامال قىلىپ، بۇرۇختۇما ۋەزىيەت پەيدا قىلغان گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرىگە كېلىشتۈرۈپ زەربە بەردى.

لو جى باشچىلىقىدىكى «كۆرەش» 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە داۋام قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى خەلق ئاممىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىرىنى، جۇڭگياڭ رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئاشۇ «كۆرەش» ئارقىلىق بىلىپ تۇردى.

يۇقىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار بىلەن بىر قاتاردا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغانلاردىن يەنە غېنى كەرىموۋ، ئابدۇرېشىت، ئوسمانجانلارمۇ بار، بىز بۇلارنىمۇ دائىم ئەسلەيمىز.

يۇقىرىدىكى يولداشلارنىڭ ۋاپاتى خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى"غا ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك "شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش" بولدى. لېكىن، بىزگە ئۇلاردىن كوممۇنىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن سۆيۈش، خەلقىنىڭ پەرزەنت ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيۈش روھى ئېسىل بايلىق سۈپىتىدە مىراس بولۇپ قالدى. 40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئارزۇ قىلغاندىنمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىنى داۋاملىق جارى قىلىپ تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە شەك يوق.

# ئۈچىنچى باب
# بېيجىڭغا سەپەر

ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا يولداش دېڭ لىچۈن مەركەزگە تېلېگرامما بەرگەندىن كېيىن، مەركەزدىن تېلېگرامما كەلدى. ئۇنىڭدا ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە ۋەكىللەر كەلسۇن، ئۈچ كىشى بولسىمۇ بولىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سەيپىدىن ۋەكىللەرنى ئېلىپ كەلسە بولىدۇ، دەپتۇ ۋە يەنە چاپسانراق بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىز بۇ ھەقتە خېلى سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرى مەن بېرىشتىن باشقا، يەنە ئىككى ۋەكىلنى مەسلىھەتلىشىشكە كېلىشتۇق. مەن قالغان ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرسىنى قازاق، بىرسىنى خەنزۇ بولسا دېدىم. بۇنىڭغا يولداش دېڭ لىچۈن قوشۇلدى. خەنزۇ ۋەكىل ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىپ يولداش تۇ جىنى ئۈرۈمچىدىن ئالدۇرىدىغان بولدۇق. قازاق ۋەكىل ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇرغاندا، سوۋېتلىك دوستلار تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالىمجان ھېكىمبايوۋنى كۆرسەتتى. بۇنىڭغا مەن ئۇنىمىدىم. بىرىنچىدىن قازاق بولۇشى كېرەك، ئىككىنچىدىن ئالىمجان ئۆزى بولمايدىغان ئادەم، لايىق ئەمەس دېدىم. بۇ مەسىلىنى خېلى تالاشتۇق، سوۋېتلىك دوستلار ھەر تەرەپتىن خىزمەت يۈرگۈزۈپ مېنى رازى قىلىشقا تىرىشتى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ

سۆزىنى كىم رەت قىلالىسۇن؟ باشقىلارمۇ قوشۇلدى. مەن ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇل دېدىم.

ئەمدى بىز مېڭىشقا تەييارلىق قىلدۇق. يەنە ماتېرىيال تەييارلاش، دوكلات يېزىش، باشقا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن قاتلاڭنىڭ ئۈستىگە قاتلاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. ئالىمجان چۆچەكتىن كەلدى، يولداش تۇ جىنى ئۈرۈمچىدىن سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئايروپىلانىدا مەخپىي ئالدۇردۇق. ئۇنىڭ كېلىشىنى مەندىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ، ئايرودرومغا چىقىپ ئۇنى مەن ماشىنامغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كىردىم. قارىسام چىرايى ئەنسىزرەك، تۈزۈك گەپمۇ قىلمايدۇ. ئۆزىمۇغۇ بىر ياۋاش ئادەم بولىدىغان. مەن "نېمىشقا كەلدىڭىز، بىلەمسىز؟" دېسەم، "ئۇقمايمەن" دەيدۇ. ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى ئۇنى ئاخشامدا چاقىرتىۋېلىپ: "ئەتە ئەتىگەندە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا بارىسىز، نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى سەيپىدىن سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ" دەپتۇ، تۇ جى بىز بىلەن ھەم ئىدىيىدە، ھەم ئائىلە كەلدى-باردى مۇناسىۋەتتە يېقىن ئىدى. ئۇ نېمىشقا بارىمەنمۇ دەپ سورىماي، ئۆيگە بېرىپ تەييارلىنىپ كەلسەم دەپتىكەن، كونسۇل "بولمايدۇ" دەپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئۇنى ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا ئېلىپ چىقىپ، ئايروپىلانغا چىقىرىپ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۇچقۇچىلار چىقىپ ئۇنى ئايروپىلاننىڭ تەرەتخانىسىغا سولاپ قويۇپ تۇرۇپ، ئاندىن يولۇچىلارنى ئايروپىلانغا چىقىرىپتۇ. ئايروپىلان ئاچالنىڭ تېغىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا قاراپ پەسلىگەندە ئاندىن تەرەتخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. يەنە يولۇچىلارنىڭ يېنىغا

چىقارماي، ئۇچقۇچىلار ئۆز يېنىدا تۇتۇپتۇ، سىر مانا مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە بوپتۇ. بىچارە راست فورقۇپتۇ. ئايرودرومغا كېلىپ مېنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ (ئۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدىن ئالمۇتاغىچە ئۇچىدىغان سوۋېت ئايروپىلانى بولىدىغان، "خامى ـ ئاتا" دېگەن شىركەت بولۇپ، ئايروپىلاننى سوۋېت تەرەپ باشقۇراتتى، جۇڭگو تەرەپ شىركەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى). تۇجى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندىم، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ خاتىرجەم بولدى. بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا پەۋقۇلئاددە خۇش بولۇپ كەتتى.

مېڭىشقا تەييارلاندۇق، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىغا ئەسئەت، سەيپۇللايوۋ، لېسكىن، نەبىجانلار كوللېكتىپ مەسئۇل بولىدىغان بولدى. بىزنىڭ كېتىشىمىزنى ئاشۇ تۆتىدىن باشقا يەنە يولداش دېلىڭ لىچۈن ۋە كونسۇللارلا بىلەتتى، ئەخمەت ئەپەندىملەر كەتكەن ۋاقىتتا ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كەتتى، دەپ قويغاندۇق. بىز كېتىشتە، ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي مەجلىسىنى ئېچىپ، تارباغاتايدا بىر ۋەقە چىقىپ قالغانلىقىنى، شۇ يەرگە بارىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، ئىشلارنى بىر قاتار ئورۇنلاشتۇردۇق. بەزىلەر ھەيران بولدى، ئەخمەت ئەپەندىملەر ئالتايغا كەتسە، سىز تارباغاتايغا كېتىپ بارسىز، زادى نېمە ئىش بۇ؟ دەپ سورىغانلارمۇ بولدى. مەن جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ سۈرۈشتۈرمىدى. ئەخمەت ئەپەندىملەر ماشىنا بىلەن ئالمۇتاغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئايروپىلانغا چۈشكەن. بىز ماڭىدىغان چاغدا موسكۋادىن بىر مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بىزگە يولداش بولۇپ بارىدىغانغا لېسوۋ دېگەن بىر مەسئۇل ئادەم

كەپتۇ. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى لىسكىننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، شۇ يەردىن ئايرودرومغا چىقتۇق. ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىشتا ماڭا كاتىپ ھەم تەرجىمان بولۇپ بارىدىغان يولداش دېلىن بىلەن خوجاخمەت ئابلايوۋنى سورىدىم. بۇ ئىككىسىنى لىسكىن بىلەن نەبىجان مەسئۇل بولۇپ جابدۇتماقچى ئىدى. بۇلارنىڭ ھالى يولداش تۇ جىنىڭكىدىنمۇ قىيىن بوپتۇ. مەن سورىغاندىن كېيىن لىسكىن ئۇلار مانا بۇ يەردە دەپ دېلىن بىلەن خوجاخمەت ئابلايوۋنى بىر يەردىن باشلاپ چىقتى، سورىسىمايلا بۇلارنىڭ قانچىلىك ئەندىشىدە تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئاخشام بو ئىككىسىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ، لىسكىننىڭ ھويلىسىدا بىر ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئانچە ـ مۇنچە چاي ـ تاماق بېرىپ ”ئەتە سىلەرگە ۋەزىپە بار، قورقماڭلار“ دەپلا ئىشكنى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. ۋەزىپىسى نېمىسى، ئىسكىلاتتا ئولتۇرغۇزۇپ، يەنە ئىشىكنى قۇلۇپلىغىنى نېمىسى؟ بۇنىڭدىن كىم قورقمىسۇن؟ بىر ياقتىن كۈلدۈم، بىر ياقتىن لىسكىنگە ئاچچىقىم كەلدى. بۇ نېمە قىلغىنىڭ دېسەم، ئۇ قەتئىي مەخپىيەتلىك، دېدى. كېيىن مەن ئۇلارغا: ”قورقماڭلار، يۈرۈڭلار، بىر يەرگە بارىمىز“ دېدىم. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئايرودرومغا چىقتۇق. ئايرودرومدا كونسۇل بىزگە ھېلىقى موسكۋادىن بىزگە ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا كەلگەن لېسوۋ دېگەن ئادەمنى ۋە ئۇچقۇچىلار گۇرۇپپىسىنى تونۇشتۇردى، ئۇلار ھەربىي بولۇپ، گۇرۇپپا باشلىقى يۇسۇپوۋ دېگەن بىر كاپىتان تاتار يىگىت ئىكەن. بۇ مولوتوۋنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى ئىكەن. ئەخمەت ئەپەندىلەرنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ستالىن تېگىشلىك مەسئۇل ئادەملەرگە ناھايىتى كايىپ، بۇدا بارىدىغان ئايروپىلان مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك دەپ تاپشۇرغانىمىش.

شۇڭا مولوتوۋ خەلقئارادا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس ئايروپىلاننى ئەۋەتىپتىكەندۇق (بۇ ئەھۋالنى ھېلىقى موسكۋادىن كەلگەن ئادەم ئېيتىپ بەردى). ئايروپىلان دېمىسمۇ بەك ئېسىل ياسالغان-بېزەلگەن، كارىۋاتلىق ياتاقلىرى بار، مەخسۇس دەم ئېلىش ئۆيلىرى بار "ئىل-12" بەلگىلىك ئايروپىلان ئىكەن. ئۇ ۋاقىتتىكى ئايروپىلانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى شۇ بولسا كېرەك. ئەتىسىگەندە ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈپ، ئالمۇتاغا قاراپ ئۇچتۇق، دېلىن بىلەن خوجاخمەت ئابلايوۋ ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ كېيىن ھەيران قالغاندەك ماڭا قارىشىدۇ. مەن دېلىبىندىن نېمە بولدى، دەپ سورىسام، بۇ ئايروپىلان قاياققا كېتىپ بارىدۇ؟ دەيدۇ. قاياققا كېتىپ بېرىپتۇ؟ دېسەم، ئۇ غەربىي "شىمالغا كېتىپ بارىدىغۇ؟" دەيدۇ. ئۇ ئەسلى ئۈرۈمچىگە كېتىپ بارىمىز دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. مەن ئۇلارغا سوۋېت ئارقىلىق بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆڭلى تولۇق جايىغا چۈشكەن بولسا كېرەك. خاتىرجەم ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقىلى تۇردى.

ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق، ئەمدى كۆتۈرۈلگەن قۇياش پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا نۇرىنى چاچقان، چاپچالنىڭ نېرىسىدىكى تاغ چوققىلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. ئاستىمىزدا يېشىل گىلەمدەك كەڭ ۋادىنى كېسىپ يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىپ تۇرغان ئىلى دەرياسىنى بويلاپ ئۇچماقتىمىز. ئەنە قورغاستىن ئۆتۈپ، سوۋېت چېگرىسىغا كىردۇق، ئەمدى بۇ ياقتىكى يېزىلار بىز تەرەپتىكى يېزىلارغا ئوخشىمايتتى. سالالاشقان كەڭ ئېتىزلار، دەرەخلەر ئارىسىدا ئاق ئۆيلەر ئۇزۇن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېنىڭ بېشىمنى ھەم خۇشاللىق، ھەم قايغۇلۇق خىياللار چىرمىۋالدى، بېيجىڭغا

بىرىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان
تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۇلۇغ ئىشقا قاتنىشىش، ماۋجۇشىنى
كۆرۈش... بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خۇشاللىق بولمايدۇ. لېكىن، ئەخمەت
ئەپەندىملەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغانلىقى، بۇ ئېغىر
قايغۇ مېڭەمنى چۇلغىۋالغاندى، ھەرقانچە ئالدىراش بولغاندىمۇ،
ھەرقانچە مۇرەككەپ ئويلار بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ قايغۇسى بېشىمدىن
كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ
ئەھۋالى، ئازادلىق ئالدىدا قانداق بولار، بىرەر ۋەقە چىقىپ
قالارمۇ دېگەندەك ئەندىشىلەرمۇ ئويۇمدىن كەتمەيتتى، ئاخىر ئويلا-
ئويلا ئالمۇتاغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئايروپىلان
پەسلەپ، باراقسان دەرەخلىك ئارىلىرىدا گۈزەل ئىمارەتلەر بىلەن
تولغان ئالمۇتا شەھىرىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ ئايرودرومغا قوندى.
بىزنى بىرنەچچە مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار قارشى ئالدى.
بىرئاز دەم ئېلىپ يەنە ئۇچۇپ، چۈشتىن كېيىن نوۋوسىبىرسكىگە
بېرىپ قوندۇق. چۈشكىنىمىز بىر ھەربىي ئايرودروم ئىكەن،
بىرقانچە ھەربىي ئوفىتسېرلەر قارشى ئېلىپ، ئايرودرومنىڭ مېھمان-
خانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. ئەتىسى ئېركۇتسكىدا قوندۇق. كەچقۇرۇن-
لۇقى بىر رۇس پولكوۋنىك ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ئەخمەت
ئەپەندىملەرنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ماڭا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:
ئەخمەت ئەپەندىملەر 8-ئاينىڭ 25-كۈنى بايقال كۆلىنىڭ يېنىدىكى
ئېركۇتسكىگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى ھاۋا يامان بولۇپ،
ئايروپىلان ئۇچالماي قاپتۇ. كېيىن ھاۋا داۋاملىق بۇلۇتلۇق
بولۇپ، ئىككى كۈن توختاپ قاپتۇ، 27-كۈنى يەنە ھاۋا ياخشى
بولماپتۇ، ئەخمەت ئەپەندىم ھېچكەپ بولماس، ئۇچايلى دەپ قاتتىق

تۇرۇپتۇ. ئەسلدە بىيجىڭنىڭ خەۋىرىدە بىيجىڭغا ئىلگىرىەك كېلىشنى ئېيتقانىدى، شۇڭا ئۇلار بەك ئالدىرىغان بولسا كېرەك. ئايروپىلان ئىركۇتسكىدىن ئۇچۇپ، بايقال كۆلىدىن ئۆتكەنىدە، بوران چىقىپ هاۋانى بۇلۇت قاپلاپ كېتىپتۇ، ئۇلار داۋاملىق ئۇچۇۋېرىپتۇ. ئايروپىلاندىن ئايرودرومغا كەلگەن خەۋەردە تاغنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئايروپىلان كۆتۈرۈلەلمەي تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايرودرومدىن قايتىپ كېلىشنى بۇيرۇق قىپتۇ. ئايروپىلاندىن "قايتتۇق" دېگەن خەۋەر كەپتۇ. "مانا قايتتۇق، 50 گرادۇس بۇرۇلدۇق، 90 گرادۇس بۇرۇلدۇق، 120 گرادۇس بۇرۇلدۇق" دېگەندىن كېيىن ئايروپىلاندىن كېلىۋاتقان خەۋەر توختاپ قاپتۇ. ئايرودرومدىكىلەر ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، ئايروپىلان قايتماپتۇ، ئالدىدا بىرىپ قونىدىغان چىتا شەهرىنىڭ ئايرودرومى بىلەن خەۋەرلىشىپتۇ، ئايروپىلان ئۇ يەرگىمۇ بارماپتۇ، ئاخىر ئۇلار ۋەقە چىققانلىقىنى تەخمىن قىپتۇ. ئاخشىمى كۆلنىڭ بېرىياقىدىكى تاغدىن كۆتۈرۈلگەن چوڭ تۈتۈننى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ئايروپىلان ئەۋەتىپ قارىسا، بايقال كۆلىنىڭ نېرىسىدىكى تاغنىڭ يابنولنى پېرېۋال (ئالما داۋىنى) دېگەن يېرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە ئورمانغا ئوت كېتىپ كۆيۈۋېتىپتىكەن، ئۇلار ئايروپىلاننىڭ مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ. موسكۋادىن تاغقا ئادەم چىقىرىپ ئەهۋالنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇق كەپتۇ، ئىركۇتسكىدىن مەخسۇس تاغقا چىقىش گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپتىكەن، ئۇلار ئاشۇ يەرگە يېتىپ چىقالماي، ئۇلۇشكۇن قايتىپ كەپتۇ. ماڭا ئەهۋالنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەم "موسكۋادىن قەتئىي بۇيرۇق بار، بىز يەنە ئادەم چىقىرىپ چوقۇم ئېنىقلايمىز. جەسەتلەرنى ئېلىپ

چۈشمىز، خاتىرجەم بولۇڭ" دېدى (1950 ـ يىلى مەن ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بارغاندا سوۋېت تەرەپ ماڭا ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ جەسەتتى تېپىلغانلىقىنى، ئەگەر مەن خالىسام ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن مەن ماۋجۇشى بىلەن جۇزۇڭلىدىن مەسلىھەت سورىغاندىم، ماۋجۇشى "ئېلىپ كېتىش كېرەك، ئاپىرىپ شىنجاڭدا يەرلىككە قويۇپ قەبرىسىنى تىكلەڭلار، خەلق ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بولغان رەھبەرلىرىنى يادلاپ تۇرىدىغان بولسۇن" دېدى. مەن قايتىشتا ئالمۇتاغا كەلسەم، بىر رۇس پولكوۋنىك جەسەتلەرنى ئالماتاغا ئېلىپ كېلىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۆتكۈزۈپ ئالدۇق. شۇ كۈنى جەسەتلەر باشقا بىر مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىندى. جەسەتلەر ئالاھىدە ئەينەك يەشىكلەرگە خىمىيىلىك دورىلار بىلەن قاتۇرۇپ قاچىلانغانىكەن، ئېچىپ كۆرسەك باشقىلارنىڭ تېنى پارچىلىنىپ كېتىپتۇ، ياخشى تونۇغىلى بولمايدۇ، يالغۇز ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ تېنى پۈتۈن، ئۇنىڭ بېشى يېرىلغان، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن يەردىن 20 مېتىر يىراقتا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ياتقانىمىش. ئۇلارنى پۈتۈن غۇلجا چوڭـقۇر ماتەم قايغۇسىدا چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلدۇق. ئۇرۇمچىدىن يولداش ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى، يەنە بىر قىسىم مەسئۇل ئادەملەر كېلىپ، ماتەم مۇراسىمغا قاتناشتى). ئېيتىشلىرىچە، ئايروپىلان، نەرسە ـ كېرەك، كىيىم ـ كېچەك ھەممىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ. كەڭ بىر پارچە ئورمانمۇ كۆيۈپ تۈگەپتۇ. پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن سەپلەپتۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ جەستىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىراقتا چۈشۈپ

قالغانلىقىغا ئۇلارمۇ بىرنېمە دېيەلمىدى. مېنىڭچە، ئايروپىلان تاغقا ئۇرۇلۇپ پارتلىغاندا ئىرغىپ يىراققا بېرىپ ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بولسا كېرەك.

ئېركۇتسكىدىن ئەتىسى تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇچۇپ كەتتۇق. ئايروپىلان بايقال كۆلىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە كۈنچىقىشتىكى تاغنىڭ چوققىسىدىن قۇياش پارقىراپ كۆرۈندى، ئۇنىڭ نۇرى ئايروپىلان ئاستىدىكى ئۇزۇنىغا سوزۇلغان كۆلىنىڭ ئاستىنى يورۇتتى. بايقال كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ قايىنام بار ئىكەن، بۇ قايىنام ئۈستىدىكى — 1 ـ 2 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋانىمۇ پىرقىرىتىپ ئۆزىگە تارتار ئىمىش. ئەگەر ئايروپىلان ئاشۇ قايىنامنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالسا چۈشۈپ كېتىدىكەن. بىز كۆلدىن 3 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ ئۆتتۇق. ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغلىققا قاراپ ئايروپىلان يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. مەن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن قۇياش نۇرىدا ئالا بۇلۇتلار ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ دەھشەتلىك تاغقا ھاياجان ئىچىدە قاراپ ئولتۇردۇم. ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق قەدىردان سەپ-داشلىرىم مانا مۇشۇ تاغ قوينىدا ھالاك بولغان. مەنىمۇ خۇددى شۇلار ئۇچقان سىزىق بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتىمەن، مېنىڭ ھاياجانلانغىنى-منى باشقا سەپەرداشلىرىم بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەخمەت ئەپەندى-لەرنىڭ ۋەقەسىنى بىلمەيتتى. ئايروپىلان 4 مىڭ مېتىردىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە ئۇچقۇچى كاپىتان يۇسۇپوۋ خەرىتىنى كۆرسىتىپ ماڭا ئەخمەت ئەپەندىملەر چۈشۈپ كەتكەن يابنولىنى پېرېۋال دېگەن جاينى كۆرسەتتى ۋە دۇربۇنىنى بەردى، دېرىزىدىن قارىسام، بىر پارچە چوڭ يەرنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەر، بۇ يەردە پارچە-پارچە قارا نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ

جەسەتلىرى بولۇشمۇ مۇمكىن، ئاھ نېمىدېگەن دەھشەتلىك! ئۇلار يارىدار بولۇپ ھايات ياتقاندىمۇيا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەممە يەر كۆيۈپ كېتىپتۇ، ئۇلار قانداقمۇ ھايات بولسۇن؟ قايغۇلۇق، ئېچىنىشلىق خىياللار مېڭەمنى ئورىۋالدى، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا ئىدى، ئۇلار تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ماڭا قول شىلتىپ ئامانلاشقاندەك كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى ، ئەنە، ئەخمەت ئەپەندىم: "ساڭا ئاق يول بولسۇن، بىز ئادا قىلالمىغان ۋەزىپىنى سەن ئورۇنلاپ كەل!" دېگەندەك قىلىدۇ. ئابدوكېرىم ئاببا سوۋ خۇش ئاۋاز، يېقىملىق قىياپىتى بىلەن قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ ماڭا قارىغاندەك ، گويا ئۇ "ساڭا ئاق يول بولسۇن" دېگەندەك قىلىدۇ. گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ غۇلجىدىن مېڭىش ۋاقتىدا مېنىڭ:"غەلىبە بىلەن قايتىشىڭلارنى تىلەيمەن" دېگىنىمگە: "سىلەرمۇ بىزنى غەلىبە بىلەن كۈتۈپ ئېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ قولۇمنى سىققانلىقى، دەللىقان ئاغىنىڭ خوشلاشقاندا:"ياپىراي سەكەڭ، يولداش ماۋ زېدۇڭنى ـ دە كۆرەتتىن بولدۇق" دەپ خۇشال بولغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن ھامان قايغۇلۇق ھېسسىياتتا ئۇلارنى ئەسلەيمەن، كۆزلىرىمدىن ياش توختىمايدۇ. "سىلەر ئۆلمەيسىلەر، سىلەرنىڭ روھىڭلار خەلقىمىز بىلەن مەڭگۈ ھايات، سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ..." دېگەن ئويلار بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنىمۇ ھەم ئۆزەمنىمۇ جۇۋاتقاندەك قىلىمەن...

لېسوۋ كېلىپ كارىۋاتتا يېنىمدا ئولتۇرغاندا خىيالىم بۇزۇلدى، (مەن كارىۋاتنىڭ پەردىسىنى تارتىپ ئۇخلىغان بولۇپ، يولداشلىرىمغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشقانىدىم) ئۇ كىرىپلا: "نېمە بولدى ئەزىزىم، يىغلىدىڭىزمۇ نېمە؟"دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. مەن

"ياق" دەپ تەتۈر قاراپ كۆز يېشىمنى سۈرتتۈم. ئۇ ئادەم بىر بوتۇلكا ۋىنو بىلەن بىر رومكا ئەكىلىپ ۋىنو قۇيدى، ئىچتۇق. ئاندىن ئۇ ماڭا كۆڭۈل قويغىلى تۇردى. ئۇ ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ مۇشۇ تاغدا قۇربان بولغانلىقىنى، بۇ بەك ئېچىنىشلىق ۋەقە بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇلاردىن قالغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشىمىزنى سۆزلەپ، "بۇ ۋەقەگە يولداش ستالىن قاتتىق قايغۇردى. ھاۋا ئارمىيە رەھبەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر ساۋاق. يولداش ستالىن ئاشۇ ساۋاقنى كۆزدە تۇتۇپ، بىزگە بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىزنىڭ تولۇق كاپالەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى..." دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا يۈرىكىم بىرئاز سىقىلغاندەك قىلدى، ئاڭغۇچە يۇسۇپوۋ چىقىپ 5 مىڭ مېترگە يېقىن كۆتۈرۈلدۇق، تاغ چوققىسىدىن ئاشتۇق، ئەمدى پەسلەيمىز، دېدى. دېرىزىدىن قارىساق، ئايروپىلان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ تۆۋەنلەۋاتقانىكەن. بىرئازدىن كېيىن دەم ئېلىش جايىغا چۈشتى. لېسوۋ ئالىمجان، تۇجىلارنى چاقىرىپ كىردى، سافادا ئولتۇرۇپ ۋىنو ئىچىپ پاراڭلاشتۇق. ئالىمجان، تۇجى، دېلىن، خوجاخمەت ئابلايوۋلار يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ قوياتتى، چىرايىمدىن قايغۇ تېخى كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك، لېكىن ئۇلار ھېچنېمىنى بىلەلمىدى.

سائەت 13 يېرىمدە چىتا شەھىرىگە كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەردىن پويىز بىلەن مېڭىش كېرەك ئىدى، پويىز تېخى تەييار بولمىغانىكەن، بىزنى قارشى ئېلىپ چىققان ئادەملەر بىر كۈن دەم ئېلىپ ئەتە مېڭىشىمىزنى تەكلىپ قىلدى. مېھمانخانىغا بېرىپ دەم ئالدۇق. كەچقۇرۇن تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، مەن بىللە كېلىۋاتقان

يولداشلارغا ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ۋەقەسىنى ئېيتتىم. ئىلگىرى ئېيتىشقا بولمايتتى، چۈنكى، بىرى، شىنجاڭدا سىر ساقلاش كېرەك ئىدى؛ يەنە بىرى، ئايروپىلاندا ئۇلار قاتتىق ئەندىشە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭسىزمۇ ئالىمجان ئايروپىلاندا قورقۇپ ئارانلا كېلىۋاتاتتى. ئەمدى پويىز بىلەن ماڭىمىز، ھەم بېيجىڭغىمۇ ئاز قالدى، ئېيتماي بولمايتتى. ئۇلار ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيدە يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى، قايغۇ ـ ھەسرەت قىلىشتۇق. ئاخشىمى ماتەم بىلەن ئۆتتى. ئاخىرى مەن ئۇلارنى يېتىشقا چىقىرىپ، كارىۋاتتا خىيال بىلەن ئوڭدا ياتقانىدىم، يولداش دېلىن يىغلىغانچە كېلىپ ئۆزىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئېتىپ ئۇزاق يىغلىدى، مەنمۇ تاقەت قىلالمىدىم. كېيىن ئۆزەمنى تۇتۇپ، دېلىننى جۇۋاتتىم. ئەخمەت ئەپەندىملەر توغرىسىدا بىر ئاز پاراڭلىشىپ، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە ئۇزاق سۆزلەشتۇق.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چىتادىن مەخسۇس پويىز بىلەن يولغا چىقىپ، 11 ـ كۈنى سوۋېت چېگرىسىدىكى ئاتپور دېگەن شەھەرگە كەلدۇق، چېگرىدىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ مانجۇرىيىگە كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەردە ۋوگزالدا بىر مەخسۇس پويىز بىلەن بېيجىڭدىن بىزنى ئېلىشقا كەلگەن فاڭ شىڭ، ما شاڭيۈي (بۇ ئادەم ھەربىي ـــ شىجاڭ ئىدى)لار كۈتۈپ تۇرغانىكەن، موسكۋادىن كەلگەن لىسوۋ سوۋېت پويىزىدىن بىزنى جۇڭگو پويىزىغا يۆتكەپ، بېيجىڭدىن كەلگەن يولداشلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. پويىز تاماقخانىسىدا تاماق تەييارلاپ قويۇلغانىكەن، لىسوۋقا زىياپەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا رەھمەت بىلدۈردۇق. خۇسۇسەن مەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ۋە شەخسەن لىسوۋقا چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈردۈم. بىر پارچە قەلەم ـ

مىنى ئۇ كىشىگە يادىكار ئۈچۈن تۇتۇپ، ئۇنى ئۈزىتىپ قويىدۇق. كەچ سائەت ئوندا (مانجۇرىيە ۋاقتى بىلەن سائەت ئالتىدە) بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىزگە كەلگەن مەخسۇس پويىز ئۈچ ۋاگونلۇق بولۇپ، ياپونىيىدىن قالغان، چەت ئەلدە ياسالغان ياخشى ۋاگون ئىكەن. بولۇپمۇ ياتاق ۋاگونى بەك ئالىي ئىكەن. ئۇندىن باشقا بىر ئاشخانا ۋاگونى، ھەم بىر كادىر ـ ساقچىلار ياتىدىغان ۋاگون بار ئىكەن. بېيجىڭدىن تۇڭگان ھەم خەنزۇ ئاشپەز ئەكەپتۇ، خەنزۇ ئاشپەز ياۋروپاچە تاماق ئېتىشنى بىلىدىكەن. ياخشى تەييارلىق قىپتىكەن، ئوبدان دەم ئېلىپ ماڭدۇق. كېيىنكى بىر ئايدىن بېرى مەن ھەم جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاپتىكەنمەن، باش كۆتۈرمەي ئۇخلاپ، ئاستا ـ ئاستا ھالىمغا كېلىشكە باشلىدىم. بىزنىڭ پويىزىمىز كىچىك ئىستانسىلاردا توختىمايتتى، لېكىن تۆمۈريول تازا پۇختا ئەمەس ئىكەن. شەرقىي شىمالدىكى ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېخى تۈگىتىلمىگەن، ئۇرۇشتا بۇزۇلغان بەزى دەريا كۆۋرۈكلىرى ياغاچتىن ۋاقىتلىق سېلىنغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پويىزغا ئاستىراق مېڭىشقا توغرا كەلدى. خاربىنغا كېلىپ پويىز توختىدى، بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەت شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىپ يەنە ماڭدۇق. 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە شېنياڭغا كەلدۇق. ۋوگزالدا بىزنى شەرقىي شىمال مەمۇرىي ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى ئىسىملىك ئادەم، سىرتقى ئىشلارغا مەسئۇل يولداش ۋۇ شيۇچۇەن باشلىق بىرقانچە كىشىلەر قارشى ئالدى. ئۇلار شېنياڭدا بىر كۈن دەم ئېلىشىمىزنى تەكلىپ قىلدى. مېھمانـ خانىغا بېرىپ ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، شەھەرنى ئايلاندۇق، بۇ شەھەر بىزدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كەچقۇرۇن بىزنى گاۋگاڭ

قوبۇل قىلدى، تاماق يېيىشكە قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بىزگە بەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، بېيجىڭنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى، كېڭەشكە قاتنىشىۋاتقان تەييارلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. 14-كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە يولغا چىقىپ، 15-كۈنى ئەتىگەندە تىيەنجىندىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا قاراپ ماڭدۇق.

ئاخىر سەپىرىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئوندا بېيجىڭغا كەلدۇق. ۋوگزالدا بىزنى سىياسىي كېڭەشكە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى، خىتاي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى يولداش لىن بوچۈي ۋاگوندا چىقىپ قارشى ئالدى. تۆۋەندە سىياسىي كېڭەشكە كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي مەسئۇل كادىرلىرى بولۇپ، بىرمۇنچە كىشىلەر قارشى ئالدى. ئاندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ مەخسۇس تەييارلانغان جايغا (كېيىن مىللىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئىدارىسى بولدى) بېرىپ چۈشتۇق. يولداش لىۋ گېپىڭ شۇ يەردىكەن، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنى شۇنىڭ بىلەن بىرقاتاردا بىزنى كۈتۈشكە مەسئۇل ئىكەن.

بىزنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگو تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ئىش بولغان جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەش مەجلىسىگە كېلىپ قاتنىششىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ غەمخورلۇقى ھەم بىز ئۈچۈن مۇھىم بىر تەربىيە بولدى. بىز ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ غەمخورلۇقى، ئېتىبارى ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدا تۇرغان ئىككى ئاي مەزگىل ئىچىدە مەن

ناهايىتى چوڭ تەربىيە ئالدىم. ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبىرىي يولداش-
لارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىش، مەجلىس ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنى-
شىشنىڭ ئۆزى ماڭا بىر ياخشى سىياسىي مەكتەپ بولدى. ھەتتا خېلى
ئۇزاق ئوقۇغان مەكتەپتىمۇ بۇنداق تەربىيە ئېلىش قىيىن ئىدى. مەن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى
ماۋجۇشى باشلىق رەھبەرلەر بىلەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
قوماندانلىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىۋاتىمەن. ئىلگىرى
ۋاستىلىك يوسۇندا ئاڭلىغان ۋە كىتابتىن بىلگەن نەرسىلەرنى
ئەمدى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز. ئىلگىرى ماۋجۇشىنىڭ
بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، بۇ قېتىم كېلىشتە خاربىنغا كەلگەندە
ماۋجۇشىنىڭ شۇ يىلى پارتىيە قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان
«خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى
ئالدۇق، يول بويى پويىزدا ئۇنى قايتا - قايتا تەرجىمانىغا ئوقۇتۇپ
ئاڭلاپ كەلدىم. بۇ ماقالە يېڭى جۇڭگونىڭ ئىنتايىن مۇھىم
ماركسىزملىق پروگراممىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بېيجىڭغا كەلگۈچە
يولدا ئۇچراتقان مەسئۇل ئادەملەر، ماڭا ئىلگىرى بىز كۆرگەن
گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئادەملەر
بولۇپ كۆرۈندى، مەندە كوممۇنىستلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇشۇنداق
ئىكەن دېگەن ھېسسىيات تۇغۇلدى. بېيجىڭغا كېلىپ ماۋجۇشى باشلىق
رەھبەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن. بۇ ھېسسىياتىم تېخىمۇ كۈچەيدى.
مەن ستالىننىڭ "كوممۇنىستلار ئالاھىدە ماتېرىيالدىن قۇرۇلغان
ئادەملەر" دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم
چۈشەندىم. مېنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەرنى
ئۇچراتقاندىن كېيىن ئالغان تەسىراتىمنى يىغىنچاقلىغاندا مانا

مۇشۇنداق بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەنى بىز بېيجىڭغا كېلىپ ئەتىسى بىز تۇرغان جايغا چى يەنمىن دېگەن بىر كىشى كېلىپ (كېيىن بۇ ئادەم گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىگە ئوخشاش خىزمەتلەردە بولدى) بىزگە يولداش جۇ ئېنلەينىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. بۇ يولداش خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىكەن. كېيىن بىلدۇقكى، ئۇ يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. ئۇ ئەھۋاللىرىمىزنى، تۇرمۇش، تاماق ۋە باشقا ئىشلىرىمىزنى سوراشتۇرۇپ، بىزگە نېمە كېرەك بولسا تارتىنماي ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىڭلارنى بىلمەيمىز، قولدىن كەلگەنچە ياخشى كۈتۈشكە تىرىشىمىز، دېدى. كېيىن يەنە بۈگۈن كەچلىكى سائەت بەشتە يولداش جۇ ئېنلەينىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە سائەت ئالتىدە زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

سائەت بەشتە ماشىنا كېلىپ بىزنى يولداش جۇ ئېنلەينىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى، ئۇ تۇرغان ۋە ئىشلەۋاتقان جاي ئىلگىرىكى ياپون ئەلچىخانىسى بولۇپ، يۈەن شىكەي ياپونىيە بىلەن 21 ماددىلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىگە مۇشۇ بىنادا قول قويغانىكەن. ھازىر ھەربىي كومىتېت مۇشۇ بىنادا ئىكەن، يولداش جۇ ئېنلەي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىكەن (ماۋجۇشى رەئىس ئىكەن) بىزنى يولداش چى يەنمىن دەرۋازا ئىچىدە قارشى ئېلىپ، بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن "جۇ فۇجۇشى مۇھىم بىر مەجلىستە ئىدى، بىرئاز كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇڭلارنى سورىدى" دېدى، بىز كۈتۈپ

ئولتۇردۇق. ئاددىغىنا يىپ رەختتىن كۆك پەشمەت، شالۋۇر كىيگەن بىر يىگىت چاي قۇيۇپ بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى، بىر دەمدىن كېيىن خۇددى ئاشۇ چاي قۇيۇۋاتقان يىگىتتەك كىيىنگەن، يۈرۈش-تۇرۇشمۇ بەك ئاددىي بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈپ تۇپتوغرا ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، مەن ھەيران قالدىم، چايچىمىكىن دېسەم قولىدا چەينىكى يوق، ئالدىمغا كېلىپ: سىز يولداش سەيپىدىنغۇ دەيمەن؟" دېدى. مەن پەرۋاسىزلا "ھە" دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، كېيىن كۈلۈمسىرەپ: "ياخشىمۇسىز؟ مەن جۇ ئېنلەي" دەپ قول سوزدى، مەن چۆچۈپ ئورنۇمدىن قوپۇپ ھودۇقۇپ قول بەردىم، ئۇ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ: "قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، يولدا جاپا چەكتىڭلار..." دەپ قولۇمنى يەنە سەمىمىي قىسقاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەن بەك خىجالەت بولۇپ قالدىم، كىرگەندە بۇ ئادەمنىڭ جۇ ئېنلەي ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىمىزمۇ ئويلاپ باقماپتۇق. شىنياڭدا ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەر ئارىسىدا بۇ ئادەمنىڭ سۈرىتىنى چالا-بۇلا كۆرگەنىدىم ئەمما، تازا زېھنىمگە ئېلىۋالماپتىمەن. مېنىڭ خىيالىمدا جۇ ئېنلەي دېگەن ناھايىتى ئالىپتە كىيىنگەن، سۈلەتلىك، مەيدىسى كىرىلگەن بىر ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنەتتى. پۇتىغا كونا خەي كىيگەن، ئاددىي بىر چايچى خىزمەتچىدىن پەرقى بولمىغان بۇ ئادەمنىڭ جۇ ئېنلەي ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇ كىشى سەمىمىي ھال سوراپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، مەن يەنە قاراپ-قاراپ قويىمەن، خىجالەت بولىمەن، بىزنىڭ ئۈستىبېشىمىزنى ئۇ كىشىگە سېلىشتۇرۇپ تېخىمۇ خىجالەت بولدۇم. ئۆزىمىز پۈتۈنلەي ياۋروپاچە پۇزۇر ياسانغانىدۇق، گالستۇكلىرىمىز پارقىراپ تۇراتتى، شالۋۇرنىڭ قىرى ئىگىل-

مەيتتى. بۇلارنى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى كونا كۆك چاپانغا سېلىشتۇرغىلى بولامدىغان؟ كېيىن مەن كوممۇنىستلار مۇشۇنداق ئاددىي-ساددا بولىدىكەن-دە، دەپ ئويلىدىم، شۇ بىردەملىك ۋاقىت ئىچىدە مەندە يولداش جۇ ئېنلەيگە ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت قوزغالدى. ئۇ كىشى ئاۋۋال سۆز باشلاپلا ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ۋەكىللەرنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا بولغانلىقىنى ئېيتىپ چوڭقۇر تەزىيە بايان قىلدى. ئاندىن بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى. كېيىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سوراشتۇردى. مەن ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردىم. ماۋجۇشىنىڭ بىزنى سىياسىي كېڭەشكە تەكلىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت بىلدۈردۈم. ئۆزىمىزنىڭ بەك خۇشال بولغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ئاندىن يولداش جۇ ئېنلەي بىز ئۈچ ۋەكىل، ئىككى كادىرنى بىر-بىردىن سوراشتۇرۇپ "قازاقتىن بىر ۋەكىل كەلمەپتىغۇ؟" دېدى. مەن: "ئالدىراپ ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق" دەپ يالغان سۆزلىدىم. يولداش جۇ ئېنلەي سىياسىي كېڭەشكە تەييارلىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. تەييارلىق تامام بولۇپ قالغانلىقىنى، ۋەكىللەرنىڭ كېلىپ بولغانلىقىنى، مەجلىسنىڭ 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سائەت ئالتە بولغاندا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى كەلدى، يولداش جۇ ئېنلەي بىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى، كېيىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. شۇ كۈنى يولداش ۋۇ لەنفۇ بىلەن تونۇشتۇق. بىز يولداش جۇ ئېنلەي، يولداش ۋۇلەنفۇ بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق. يولداش جۇ ئېنلەي بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دەپ

قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. (شۇنىڭدىن ئىلگىرى باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى قارشى ئېلىپ زىياپەت بەرگەن بولسا كېرەك). مەن ماۋجۇشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان غەمخور- لۇقىغا رەھمەت بىلدۈرۈپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە غالىبىيىتى ئۈچۈن، ماۋجۇشى ۋە يولداش جۇ ئېنلەينىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دەپ قەدەھكە تەكلىپ قىلدىم. زىياپەت كۆڭۈللۈك، ئوبدان ئۆتۈپ ئىككى سائەت داۋام قىلدى. قايتىشىمىزدا يولداش جۇ ئېنلەي ئۆگۈنلۈككە بىز بىلەن ئالاھىدە سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

9-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچلىكى جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا تىياتىر قويۇلىدىكەن، شۇنىڭغا باردۇق. ئويۇن «ئورماندىكى يىرتقۇچلار» ناملىق خەنزۇچە چاڭچىلە ئىكەن، قىزىقىپ كۆردۇق. شىنجاڭدىمۇ بەزى كونا چاڭچىلەرنى كۆرىدىغان، لېكىن ئاز كۆرەتتۇق ھەم ئۇ بەك ئاددىي بولاتتى، بۈگۈنكى تىياتىر مەزمۇنى، كىيىم-كېچەكى، مۇزىكا، دېكوراتسىيىسى، ئارتىسلارنىڭ ماھارىتى جەھەتلەردىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىكەن. مەزمۇنىنى دېلىن چۈشەن- دۈرۈپ ئولتۇردى. بىرىنچى پەردىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سەھنە- دىكى بىر قىزنىڭ ئىككى قىلىچ بىلەن بەك چاققان ئويناۋاتقان ئويۇنىنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ ئولتۇراتتىم (بىز بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرغان)، بىر ئادەم ئالدىمغا كېلىپ توختىدى. يېرىم قاراڭغۇ بولغاچ ياخشى تونۇيالمىدىم، ئويۇن كۆرۈۋاتسام ئالدىمنى توسۇۋال- دىغان قانداق ئادەمدۇ بۇ دەپ ھەيران قالدىم. بىر ۋاقىتتا يولداش جۇ ئېنلەي ئارقىدىن كېلىپ ماڭا: "ماۋجۇشى سىلەر بىلەن كۆرۈش- كىلى كەلدى" دېدى. قارىسام ئالدىمىزدا راستلا ماۋجۇشى تۇرۇپتۇ،

ئارقىسىدا جۇزۇئىسلىكمۇ بار ئىكەن. ئۇلار يېنىمىزغا ئارىلىق بىلەن كەلگەنىكەن. يولداش جۇ ئېنلەي بىزنى تونۇشتۇردى. ماۋجۇشى بەك سەمىمىيەت بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ: "سىلەرنى قارشى ئالىمىز" دېدى. ئاندىن جۇزۇئىسلىكمۇ كۆرۈشۈپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن رەھمەت، دېدىم، بىراق ماۋجۇشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. قاراڭغۇدا ئۇ زاتى-نىڭ ئېگىز بەستلىك قىياپىتى ۋە سەمىمىي كۈلۈمسىرىگىنى خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئويۇن كۆرۈۋاتقان ۋەكىللەر ماۋجۇشىنى تونۇپ قېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى ۋە چاۋاك چالدى، ماۋجۇشى باشلىق رەھبەرلەر كەينىگە قايتىپ كەتتى. ماۋجۇشىنىڭ جۇزۇئىسلىك بىلەن بىز ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ كۆرۈشىشى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. ماۋجۇشى بىزنى چاقىرتىپ باشقا بىر ئۆيدە كۆرۈشسىمۇ بولاتتى، ئالدىمىزغا كەلگىنى قانداق بولدى؟ دەپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم. كېيىن يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئېيتىپ بېرى-شىچە، ماۋجۇشى ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، زالدىكىلەرگە سەز-دۈرمەسلىك ئۈچۈن ئارقىغا كېلىپ ئولتۇرغانىكەن. شۇ يەردە ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرۇپ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپتۇ، ئەسلىدە ئەتى-لىككە بىزنى قوبۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، بىزنى ئويۇن زالىدا بار دېگەندىن كېيىن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بېيجىڭغا كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپلا يولداش جۇ ئېنلەي قوبۇل قىلىپ زىياپەت بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋ جۇشى بىزنى ئەتە ئۆزى قوبۇل قىلماقچى ئىكەن. ئۇ يەنە زالدا بىزنىڭ بارلىقىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ئالدىراپ كۆرۈشتى — بۇ چوڭ غەمخورلۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر داھىيغا خاس كەمتەر-

لىكىنى كۆرسەتتى. ئويۇندىن قايتىپ ئادەت بويىچە ئۇخلاشتىن بۇرۇن خاتىرە يازدىم. بۈگۈنكى چوڭقۇر ھېسسىياتىمنى ئەسلەپ ئۇخلىماي ئۇزاق ياتتىم.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋجۇشى قوبۇل قىلدى. جۇڭنەنخەيگە بېرىپ بىر ھويلىغا كىردۇق، كونىچە سېلىنغان ئازادە ئىمارەتلەر بار ئىكەن، خىزمەتچىلەر بىزنى بىر چوڭراق مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، ماۋجۇشى، جۇدې، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، لىن بوچۈي قاتارلىق يولداشلار ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىزنى قارشى ئېلىپ، سەممىي كۆرۈشتى. كېيىن ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ ماۋجۇشى ئولتۇرماستىن بىزنىڭ قۇربان بولغان ۋەكىللىرىمىزگە تەزىيە بىلدۈردى. ماۋجۇشى قايغۇلۇق ھالدا: "ئەخمەتجان ئەپەندى باشلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قۇربان بولۇشى ئېچىنىشلىق يوقىتىش بولدى. بۇ يالغۇز شىنجاڭ خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭمۇ يوقىتىشى. بىز سىلەرگە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز" دېدى. كېيىن ئولتۇرۇپ بىزدىن ھال سورىدى. ئاندىن بىزنى سەممىي قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت بىلدۈرۈپ، بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدىغان مۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ مەجلىسكە شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىمىزغا ئىنتايىن خۇشاللىقىمىزنى ئىزھار قىلدىم. ماۋجۇشى ئەخمەت ئەپەندىملەرنى بىر - بىردىن سورىدى، مەن ئۇلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم.

ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەر ئۇلار ياخشى ئادەملەر ئىدى، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي رەھبەرلىرى ئىدى، بەك ئېچىنىشلىق بولدى، دېيىشتى.

يولداش جۇ ئېنلەي مۇنداق دېدى: "ئەخمەتجان ئەپەندىنى ياخشى بىلمەيمىز، ئەنجىڭدا بىزنىڭ بىر مۇخبىرىمىز سۆزلەشكەنىكەن، شۇ ئارقىلىق بىرئاز تونۇشلۇقىمىز بار. ئاببا سوۋنى بولسا خېلى چۈشەنگەندۇق، چۈنكى دۇڭ لاۋ (دۇڭ بىۋۇنى دېمەكچى) ئەنجىڭدا سۆھبەتلەشكەندە ئۇزدە ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئېيتقان، يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ زېرەك، تالانتلىق ھەم غەيرەتلىك يىگىت ئىكەن، ئېسىت، ياش كەتتى." مەنمۇ ئاببا سوۋنى قوشۇمچە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر ياش تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، يېشى تېخى 29 بولۇپ، مەندىن بەش ياش كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. ھەممەيلەن قايتا ئېچىنىش بىلدۈردى. بۈگۈنكى سۆھبەت مەخسۇس تېمىدا بولماستىن، ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاراڭلىشىش بولدى.

ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بەك قىزىقىدىكەن، مەن سۆزلەپ بەردىم. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن باشقا، مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى، ئىنقىلاب يېڭى باشلانغان چاغلاردىكى كەمچىلىكلەر ۋە كېيىنكى تۈزىتىش جەريانىنى، "ئىتتىپاق" قۇرۇلغاندىن بىرىنچى ئاساسىي رەھبەرلىك ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ قولىدا بولۇپ، يۆنىلىش توغرىلانغانلىقىنى، مۇشۇ بىر ئىككى يىلدىن بۇيان سىياسىي ئىدىيە، تەشكىلىي جەھەتلەردىكى ئۇتۇقلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن ماۋجۇشى: "سىلەرنىڭ ھېلىقى پارتىيەڭلار قانداق بولدى؟" دەپ سورىدى (بىز يوشۇرۇن قۇرغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى دېمەكچى، چۈنكى ماۋجۇشى، مەركىزىي كومىتېت

1946 ـ يىلىلا يولداش دۇڭ بىۋۇ ئارقىلىق بۇ پارتىيىمىزنى بىلگەنىدى). مەن 1948 ـ يىلى ئاشۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ شارائىتىدا بىر ئاشكارا تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئوچۇق مەيدانغا چىقىپ شۇنداق بىر ئاممىۋى تەشكىلات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى قىيىنلىقىنى، كېيىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئۆز ئىشىنى توختىتىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ”شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى“غا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. كېيىن ماۋجۇشى: ”ئاشۇنداق شارائىتتا پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى توختاتقان بولساڭلار مۇۋاپىق بوپتۇ. كۆڭلۈڭلەرنى يېرىم قىلماڭلار، ’ئىتتىپاق‘ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار ئوخشاشلا سىلەرنىڭ پارتىيەڭلارنىڭ ئۇتۇقى“ دېدى. كېيىن يولداش جۇ ئېنلەيگە قاراپ: ”ئۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى كاندىدات مۇددىتىسىز بىۋاسىتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىش كېرەك“ دەپ تاپشۇردى.

مەن شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ماۋجۇشىغا خەت يازدىم. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ماۋجۇشى مېنىڭ ئىلتىماسىمنى تەستىقلىدى. مېنىڭ ئىلتىماسىم ۋە ماۋجۇشىنىڭ تەستىقىنىڭ ئەسلى تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

”ئىلتىماس

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا:

مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلىمەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى خالايمەن ھەم كەلگۈسى تۇرمۇشۇمدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسى

ئاستىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن. ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىشىمنى ئىلتىماس قىلىمەن.

سەيپىدىن

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى."

ماۋجۇشىنىڭ تەستىقى:

"يولداش سەيپىدىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە قوشۇلىمەن، بۇ خەتنى يولداش سەيپىدىن ئۆزى ئېلىپ بېرىپ يولداش پىڭ دېخۇەيگە تاپشۇرسۇن ۋە پىڭ دېخۇەي ساقلىسۇن. شىنجاڭ فىنجۈي (شۆبە بيۇرو) قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش سەيپىدىن پارتىيىگە كىرىش ئانكىتىنى تولدۇرۇپ رەسمىيەت ئۆتەنسۇن.

ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى."

شۇ كۈنى ماۋجۇشى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەچلىكى بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ زىياپىتىگە قاتناشتۇق. زىياپەتكە دۇڭ بىۋۇ، نيې رۇڭجېن، گو مورو يولداشلار قاتناشتى. بۇ زىياپەتكە كېلىش ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنغانىكەن، يولداش دۇڭ بىۋۇ ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىپ قەدەھ كۆتۈردى. ئاندىن كېيىن نيې رۇڭجېن، گو مورو يولداشلار سۆز قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يولداش جۇ ئېنلەي بىز تۇرغان يەرگە كېلىپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئۇ ئالدى بىلەن شىنجاڭ توغرىسىدىكى يېڭى ئاخباراتلارنى سۆزلەپ بەردى. شىنجاڭدا بۇرھان ئەپەندى، تاۋ سىيۆ، چۈي ۋۇ، لىيۇ مىڭـ چۈن، لىيۇ زېرۇڭ (بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتىكى تاشقى ئىشلار ۋەكىلى ئىدى)لار ھەقىقەتكە قايتىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشقا

تەييارلىنىۋېتىپتۇ. ماچىڭشياڭ ۋە يېپ چىڭلار (بۇلار ئەسلى مابۇفاڭ ۋە خۇزۇڭنەننىڭ قىسىملىرى ئىدى) چەتكە قېچىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. مەمتىمىن، ئەيسا باشلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق ئەكسىيەتچىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن قاچماقچى ئىكەن. يولداش جۇ ئېنلەي بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بولۇپ ماڭا غۇلجىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى بەردى. ئۇ تېلېگراممىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى نامىدىن ئۇرۇمچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قويماقچى بولغان تەلەپلەر يېزىلغانىكەن. بۇ تەلەپلەر تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1. ماچىڭشياڭ، يېپ چىڭ، مەسئۇت، مەھەممەت ئىمىن، ئەيسا، يولۋاس، جانىمقان، خادىۋاڭ، ئوسمان، قالىبەك، زاكچىن، سىيىت ئەخمەت خوجا، سوپى بەگ ھاجى قاتارلىق كىشلەرنى ھەربىي جىنايەتچىلەر قاتارىدا جاۋابكارلىققا تارتىپ مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك.

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جاڭ جىيجى گۇرۇھىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلسۇن.

3. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مەھەممەت ئىمىن، جانىمقان، ۋاڭ زىڭشەن قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر قوغلاپ چىقىرىلىپ، خەلقچىللىق ئاساسىدا ھەربىر خەلقچىل پارتىيە-گۇرۇھلاردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنسۇن. بۇ ھۆكۈمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئېلان قىلسۇن.

4. يېڭى ھۆكۈمەت دەرھال خەلقچىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، مىللەت، جىنس ئايرىماستىن ھەممە ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان

قىلىسۇن.

5. ئۆلكىدىكى ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە يەرلىك ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى تاقىۋېتىلسۇن، ئەكسىيەتچى گېزىت ـ ژۇرناللارنى چەكلىش دەرھال توختىتىلسۇن.

6. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان ئاتالمىش سىياسىي مەھبۇسلار تامامەن ئازاد قىلىنسۇن.

7. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەقىقەتكە قايتقان ياكى چېكىنگەن رايونلاردا خەلقنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنسۇن ۋە ئارخىپ ماتېرىياللار ساقلانسۇن.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قويۇلغان بۇ تەلەپلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق، يولداش جۇ ئېنلەي بۇ تەلەپلەرنىڭ توغرىلىقىنى، ئېچىلغۇسى سىياسىي كېڭەشنىڭ پروگراممىسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر بەردىم ۋە ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولدۇق. كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي غۇلجىدىن كەلگەن يەنە بىر تېلېگراممىنى كۆرسىتىپ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھىندىستانغا قاچماقچى بولغان يې چىڭ، ما چېڭشياڭ، مەتمىن، ئەيسالارنى يولدا توسۇپ قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن. يولداش جۇ ئېنلەي بۇ توغرىدا ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقنى يەتكۈزدى. ماۋجۇشى: "كەتسە كەتسۇن، توسماسلىق كېرەك." دەپتۇ (كېيىن مەن ماۋجۇشى بىلەن بىر ئۇچراشقاندا ماۋجۇشى ماڭا: "قاچىدىغانلار كەتسە كەتسۇن، كېيىن سىلەرگە سالىدىغان بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق ئازىيىدۇ. چەتتە بىزنى تىللىغانلار بىرنەچچە مىڭ بولسا، يەنە بىرنەچچە يۈزى قوشۇلىدۇ. ھېچ گەپ يوق" دېدى). ئۇلارنى توسماسلىققا كېلىشتۇق، مەن غۇلجىغا

جاۋاب قايتۇرىدىغان بولدۇم. كېيىن شىنجاڭدا قۇرۇلىدىغان ئۆلكە-لىك ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەركىبى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ مەسىلىنى داۋاملىق ئويلاشماقچى بولدۇق. ئاخىرىدا يولداش جۇ ئېنلەي تەشكىلىي مەسىلە، كادىرلار مەسىلىسى ۋە ھەربىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇزاكىرەلەشتۇق. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى توغرىسىدا سۆزلەشكىنىمىزدە مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ چوقۇم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قوشۇلۇشى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا بارغاندا ئۇنىڭغا ماسلىشىشى، مىللىي ئارمىيىدىن ئۇرۇمچىگە بىر پولك، قەشقەرگە بىر-ئىككى پولك ئەسكەر ئەۋەتىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىن (ئاساسەن ھەربىيدىن) بىرەر مىڭ ياخشى كادىر تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىگە ۋە باشقا يەتتە ۋىلايەتكە ئەۋە-تىلىشى توغرىسىدا پىكىر قويدۇم. يولداش جۇ ئېنلەي مېنىڭ بۇ پىكىرىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن مەن غۇلجىغا بۇ توغرىدا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن تېلېگرامما بەرمەكچى بولدۇم. شۇ كۈنى ئۇ ياق، بۇ ياقتىن پاراڭلىشىپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق سۆھبەتلەشتۇق.

# تۆتىنچى باب
# ئۇلۇغ تەنتەنە

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن جۇڭگو تارىخىدا زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەنتەنىلىك يىغىن بولدى. يىغىندا ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى نامايىش قىلدى. خەلقنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى تولۇق ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى نامايىش قىلدى. يىغىندا كەڭ دېموكراتىيە ئۇسۇلى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلىدىغان سىياسىي كېڭەش ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن ئورنىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئومۇمىي پروگرامما تەستىق-لاندى. بۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى قان تۆكۈپ كۈرەش قىلغان ۋە تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ھەم حۇڭگو خەلقىنىڭ يالغۇز جۇڭگو بويىچىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدىكى چوڭ تەنتەنىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن خەلقئارادا يۈز بەرگەن ئاجايىپ چوڭ ۋەقە ئىدى.

يىغىن رەسمىي ئېچىلىشتىن ئىلگىرى يىغىننىڭ ھەر خىل ھۆججەت

لايىھەلىرى، تەشكىلىي پرىنسىپلار، بولۇپمۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى لايىھىسى ۋەكىللەرگە تارقىتىلىپ كەڭ مۇزاكىرى- دىن ئۆتكۈزۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئايرىم سۆھبەت مەجلىسلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، لايىھەلەر توغرىسىدا ئالاھىدە پىكىر ئېلىندى. 9-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت مەجلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ يىغىندىن ئاۋۋال ئاخىرقى پىكىر ئېلىندى. بۈگۈنكى سۆھبەت مەجلىسكە يولداش ۋۇ لەنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋەكىللەر لايىھەلەرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئايرىم پىكىرلەر ئىلگىرىكى سۆھبەت- لەردە ئېيتىلغانلىقىنى ئېيتتى، باشقا ئوخشىمىغان پىكىر بولمىدى.

سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنى 9-ئاينىڭ 21- كۈنى كەچ سائەت 7 دە جۇڭنەنخەينىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئېچىلدى. سائەت يەتتە بولغاندا يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە باشقا رەھبەرلەر سەھنىگە كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزاق ئالقىشلىدى. مەجلىس زالىدا "ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!"، "ياشىسۇن ماۋجۇشى!" دېگەن شوئارلار ياڭرىدى. بىرنەچچە مىنۇتقا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلاردىن كېيىن، ئاۋۋال سىياسىي كېڭەشكە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى يولداش جۇ ئېنلەي تەييارلىق توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات بېرىپ يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ نامزاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامزاتلار بىر ئېغىزدىن تەستىقلاندى. ھەيئەت رىياسەت سەھنىگە چىققاندىن كېيىن يىغىننى باشقۇرغۇچى يولداش جۇ دې جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىرىنچى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، دۆلەت مۇزىكىسى ياڭرىدى، تاشقىرىدا 45 پاي ھۆرمەت

زەمبىرەكى ئېتىلدى. ئاندىن يولداش ماۋ زېدۇڭغا سۆز بېرىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ناھايىتى مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇنىڭ 15 مىنۇت داۋام قىلغان سۆزى گۈلدۈراس ئالقىش ۋە شوئارلار بىلەن بۆلۈنۈپ تۇردى. سۆز تۈگىگەندىن كېيىن ئالقىش شوئارلار يەنە ئۇزاق ياڭرىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئۈچ مىنۇت سۈكۈت بىلەن ماتەم بىلدۈرۈلدى. ئۇندىن كېيىن سۆزگە چىقىشلار بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى نامىدىن ليۇ شاۋچى ۋە سۇن جۇڭشەن خانىمى سۇڭ چىڭلىڭ، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى نامىدىن خې شياڭنىڭ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش كومىتېتى نامىدىن جاڭ لەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نامىدىن گاۋگاڭ ھەم لىن بوچۈي، جۇڭگو ئىشچىلار بىرلەشمىسى نامىدىن لى لىسەن، شىنجاڭ خەلقى نامىدىن مەن سەيپىدىن ئەزىزى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەردىن جاڭ جىجۇڭ، چىڭ چيەن، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارغا ۋاكالىتەن سى تۇمنتاڭ...لار سۆز قىلدى. بۇ سۆزگە چىققۇچىلار ھەربىر پارتىيە-گۇرۇھ، ئاز سانلىق مىللەت، ئارمىيە ۋە ئىشچى-دېھقانلار، مۇھاجىرلارغا ۋەكالىتەن، سىياسىي كېڭەش يىغىنىنى تەبرىكلەپ، يىغىن كۈنتەرتىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا پوزىتسىيە بىلدۈردى. سۆزگە چىققانلارنىڭ سۆزلىرى ۋەكىللەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى.

بىز تولۇق ئازاد بولمىغان شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغان رايونىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، مېنىڭ سۆزۈم قىزغىن ئالقىشلاندى، ۋەكىللەر ناھايىتى چوڭ ئېتىبار بىلەن قارىدى. ھەم بەك ھۆرمەت قىلدى. مەن ئالدى بىلەن يىغىننىڭ ئېچىلغان-

لىقنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا تەشنا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، شىنجاڭ خەلقىغە ۋەكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىدىم. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن زالدا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. ئاندىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە كۈرەشتىن ئىبارەت بولغان ئۆتمۈش تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدىم.

مەجلىسنىڭ 2-كۈنى چوڭ مەجلىس ئېچىلىش ئالدىدا يولداش جۇ ئېنلەي ماڭا مەجلىستە ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا بىر تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاش پىكرىنى ئېيتتى، مەن يولداش جۇ ئېنلەيگە ھازىرچە بۇ ئىشنى قىلماي تۇرساق، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىنى بىز بارغۇچە مەخپىي تۇتۇپ تۇرساق دېدىم ۋە سەۋەبىنى ئېيتتىم. يولداش جۇ ئېنلەي قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتا تەييارلانغان تېلېگرامما كېيىن شىنجاڭدا ئۇلارنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ نامىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى، ئۇ تېلېگراممىنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق ئىدى:

"شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى يولداشلارغا:

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان ھەممىدە شىنجاڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىن يولداش لو جىلار شىنجاڭ خەلقىغە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغان سەپەردە 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور بىر يوقىتىش بولدى. مەزكۇر تەزىيە تېلېگراممىسى ئارقىلىق چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئورتاق تىرىشىش داۋامىدا، قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىمەن.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى:
جۇ ئېنلەي

1949 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.»

بۇ تېلېگرامما كېيىن ئېلان قىلىنغاندا ماۋجۇشىنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلان قىلىندى.

شۇ كۈنى چوڭ يىغىندا مەن ماۋجۇشىغا تون ۋە تۇماق كىيگۈزدۇم. يىغىندا بۇنداق تون كېيگۈزۈش بىرىنچى قېتىم بولغان ئىش ئىدى. مەن ئاۋۋال قىسقىچە سۆز قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىشىسىگە تون يېپىش ئادىتىنى ئېيتتىم ۋە بۇ ھەدىيەمىزنى ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى سورىدىم. ماۋجۇشىغا تون ۋە تۇماق كىيگۈزۈلگەن ۋاقىتتا پۈتۈن زال ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ

كەتتى. بىز سەھنىدىن چۈشۈپ تاكى ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇرغىچە ۋەكىللەر بىزنى قىزغىن ئالقىشلاپ تۇردى.

كېيىن تەنەپپۇس ۋاقتىدا ۋەكىللەر بىزنى ئورىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشتى. بولۇپمۇ مۇخبىرلار بىزدىن نۇرغۇن سوئال-لارنى بېرىپ بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ سورىغىنى ئاساسەن تون كىيگۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى، تون نېمىدىن، قانداق تىكىلگەنلىكى، قانداق ۋاقىتتا قانداق كىشىلەرگە بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بولدى. كېيىن مۇخبىرلار جىقىيىپ، سوئاللىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇخبىرلار بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتىمۇ ئومۇمەن شىنجاڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەت بايان قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. يىغىن كاتىباتى يىگىرمە مۇخبىرنى تەيىنلەپ، مېنىڭ ئايرىم ۋاقىتتا قوبۇل قىلىشىمنى ئېيتتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇخبىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق، سۆھبەت دائىرىسى خېلى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى.

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقى ناھايىتى بەك خۇرسەن بولدى ۋە تەنتەنە قىلدى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى چوڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. "ئىتتىپاق" مەركىزىي كومىتېتى ۋە باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىنمۇ تەبرىك تېلېگراممىلىرى كەلدى. "ئىتتىپاق" مەركىزىي كومىتېتىدىن كەلگەن تېلېگramma مۇنداق ئىدى:

"1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى مەجلىسىگە:

شنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىن تەبرىكنامە:

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىدا چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى مەجلىسىنى شنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى نامىدىن تەبرىكلەيمىز.

بىز "ئىتتىپاق" ئەزالىرى بۇ 1 - قېتىملىق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىدە قوبۇل قىلىنغان قارارلارغا بىنائەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىجرا قىلىنغۇسى يېڭى دېموكراتىزم فرونتىدا پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز.

كەلگۈسىدىكى ئومۇمىي غەلىبىگە تىلەكداشلىقىمىزنى ئىزھار قىلىپ:

شنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە
قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى
1949 - يىل 25 - سېنتەبر."

يىغىننىڭ 4 - كۈنى، يەنى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىز شنجاڭ ۋەكىللىرى ئاۋۋال مەجلىسكە تەييارلانغان تەبرىك لەۋھەنى تەقدىم قىلدۇق، بۇ لەۋھە ئۇزۇن توۋت چاسا، چۆرىلىرىدە چۈچىلىرى بار قىزىل تاۋاردىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە مۇنداق خەت يېزىلغانىدى: "جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا:

جۇڭگو خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتلىك بولغان سىياسى كېڭەشىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

شنجاڭ خەلقى نامىدىن.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا يولداش جۇ ئېنلەي ماڭا بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋسىيۆلەرنىڭ ھەم شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا ناھايىتى خۇش بولدۇق. يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي بۇ خەۋەرنى يىغىندا ئېلان قىلدى. پۈتۈن ۋەكىللەر بۇ خۇش خەۋەرنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلەشتى. شىنجاڭنىڭ مۇنداق تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنى خۇشال قىلىدىغان چوڭ بىر ياخشى ئىش ئىدى. بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرى بۇ توغرىدا ماۋجۇشى، جۇزۇڭسىلىڭغا بىر تەبرىك خېتى يازدۇق. ئۇ خەتنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

"بۈيۈك يولباشچىمىز رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇ دېلەرگە:

بىز خەلق سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سابىق ھەربىي باشلىقى تاۋ سيۆ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ۋە رەئىس بۇرھان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ گۇاڭجۇدىكى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرەپكە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئاڭلىدۇق.

سىز رەھبەرلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى يوقىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىغا ئۆزىمىزنىڭ زور خۇرسەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇ ئۇتۇقى بىلەن سىز

رەھبەرلىرىمىزنى تەبرىكلەيمىز.

خەلق سىياسىي كېڭەشىگە قاتناشقۇچى ۋەكىللەر:

سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان، تۇ جى

1949 ـ يىل 29 ـ سېنتەبىر.»

بۇنىدىن باشقا، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر باياناتنى ئېلان قىلدۇق. بۇ باياناتنىڭ خەنزۇچىسى 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى بىلەن بىرگە بېسىلدى. گېزىت خەۋىرىنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

"چوڭ ماۋزۇ: سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ باياناتى

قوشۇمچە ماۋزۇ: تاۋسىيۈ، بۇرھانلارنىڭ ئومۇمىي تېلېگرامما ئېلان قىلىپ گومىنداڭ قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن؛ ئىلى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىللە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى خالايدۇ.

(شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بېيجىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى) تاۋسىيۈ، بۇرھان قاتارلىق شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ئومۇمىي تېلېگرامما ئېلان قىلىپ گۇاڭجۇ گومىنداڭ قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلغانلىقىغا نىسبەتەن، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئۈچ نەپەر شىنجاڭ ۋەكىلى بۈگۈن تۆۋەندىكىدەك بايانات ئېلان قىلدى:

بىز بېيجىڭدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان چېغىمىزدا، سابىق گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى تاۋ سىيۈ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتـ نىڭ رەئىسى بۇرھانلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارنى باشلاپ ئومۇمىي تېلېگراممىا يوللاپ، گۇاڭجۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى

هۆكۇمىتىدىن ئايرىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىغان باياناتىنى ئاڭلىدۇق. بىز خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان بۇ باياناتنى توغرا، ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭمۇ ئارزۇسى دەپ قارايمىز.

كۆپ يىلدىن بۇيان ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن شىنجاڭ خەلقى ئازاد بولۇپ بولغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ياردىمىدە تىنچلىق بىلەن ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

شىنجاڭ خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پات يېقىندا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇرۇمچى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن، بۇندىن كېيىنكى تىنچلىق شارائىتتا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقى پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلق بىلەن بىرلىكتە يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرى:

سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان، تۇ جى

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى."

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسئەت ئىسھاقوۋمۇ "ئىتتىپاق" مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ماۋجۇشىغا مۇنداق تېلېگرامما ئەۋەتتى:

"جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا،

بولۇپمۇ يېقىندا غەربىي شىمالدا قازانغان غالىبىيىتى بىلەن جانابىڭىزنى ھەمدە يېڭى سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە دېموكراتىك يېڭى تۈزۈمنىڭ ئاساسلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ئېزىشى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللەتلەرنى خارلىشى ھەمدە مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشتەك بۇزغۇنچىلىك ھەرىكىتىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بارلىق خەلقىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئىتائەت قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غايەت زور ئىلھاملاندى ۋە يىغىندىن بۇرۇن داغدۇغىلىق ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزدى. خەلق نامايىش قىلىپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى قەتئىي ھىمايە قىلدى ۋە تەبرىكلىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ جانابىڭىزغا ئېيتقان ئەڭ زور مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزگەندىن تاشقىرى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقنىڭ جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختلىك، ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىش، بارچە مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا يېڭى تۈرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە يەتكۈزىمەن.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋ
1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئىلى.»

ماۋجۇشى شۇ مەزگىللەردە ناھايىتى ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي شەخسەن ئۆز نامىدىن ئەسئەت ئىسھاقوۋقا مۇنداق جاۋاب تېلېگراممىا

تەييارلاپ ئەۋەتتى:

"ئەسئەت ئەپەندىگە ھەم شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

تەبرىكلىگەنلىرىڭلارغا رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئىشقا ئاشقان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى."

سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ، گۇرۇپپا ۋە چوڭ يىغىندا كەڭ مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. ۋەكىللەر مۇزاكىرىگە بەك قىزغىن قاتنىشىپ، روھى ناھايىتى ئۈستۈن بولدى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان ئاساسىي كۈنتەرتىپلەردىن بىرسى ئومۇمىي پروگراما، بىرسى ھەر خىل تەشكىلىي نىزاملار، يەنە بىرسى سايلىنىدىغان رەھبەرىي كادىرلارنىڭ نامزاتلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھىم بىر ئىش دۆلەت بەلگىسى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى ۋە دۆلەتنىڭ پايتەختىنى بەلگىلەش ئىدى. بۇ كۈنتەرتىپلەر توغرىسىدا چوڭ پىكىر بولمىدى. چوڭراق بولغان تالاش ـ تارتىش پايتەخت بىلەن دۆلەت بايرىقى ئۈستىدە بولدى. بەزى كىشىلەر (مەسىلەن، باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھنىڭ ئايرىم مەسئۇللىرى) نەنجىڭنى پايتەخت قىلىش، گومىنداڭنىڭ بايرىقىنى ساقلاپ قېلىش، دېگەن پىكىرلەرنى بېرىپ خېلى چىڭ تۇردى. يولداش جۇ ئېنلەي ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، يەنە مەركەزنىڭ ئوتتۇرىغا

قويغان پىكرىنى تەكىتلىدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدە يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن، سايلىنىدىغان نامزاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇچقۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. ئاندىن كېيىن يوشۇرۇن ئاۋاز بىلەن سايلام باشلاندى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، سايلام نەتىجىلىرى ھېسابلىنىپ چىققۇچىلىك ئۈزاق تەنەپپۇس ئېلان قىلىندى، بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بارلىق ۋەكىللەر تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەيدانغا ھەربىيلەردىن باشقا ئامما ۋە ۋەكىللەردىن بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر توپلاندى. يولداش جۇ ئېنلەي مۇراسىم باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاندىن يولداش ماۋ زېدۇڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ قىسقا ۋە تەسىرلىك سۆز قىلدى. ئاندىن كېيىن يىغىن ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرى رەت بىلەن بېرىپ مۇنارىنىڭ كولاپ قويغان ئۇلىغا بىر كۈرەكتىن توپا تاشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇھىم مۇراسىم ئاياغلاشتى. سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇنداق بىر تارىخىي يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ماتەم بىلدۈرۈش، يەنە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىنى ياساشنى باشلاش — بۇ ۋەكىللەرگە بەك تەسىر قىلغان چوڭ بىر ئىش بولدى. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ غالىبىيەتلەرنى تەنتەنە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مۇشۇ غالىبىيەتلەر ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشقان، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تەقدىم قىلىپ قۇربان بولغان ئىنقىلابىي يولداشلارنى ئەستىن چىقارمىغانلىقى بەلكى ئۇلارنى

ئىنقىلابىي ھۆرمەت ۋە سەممىي مۇھەببەت بىلەن خاتىرىلەۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن كىشىگە چوڭ تەسىر بېرىدىغان ئوبدان ئىش ئىدى.

كېيىن يىغىن يەنە داۋام قىلىپ، يىغىن رەئىسى ليۇ شاۋچى سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە يولداش ماۋ زېدۇڭ تولۇق ئاۋاز بىلەن سايلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئۇزاق ئالقىشلىدى. "ياشىسۇن ماۋ زېدۇڭ!" دېگەن شوئارلار پۈتۈن مەجلىس زالىنى ياڭرىتىۋەتتى. ئاندىن يولداش ليۇ شاۋچى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان جۇ دې، ليۇ شاۋچى، سۇڭ چىڭلىڭ، جاڭ لەن، لى جىشىن، گاۋ گاڭلارنى ئېلان قىلدى. ۋەكىللەر يەنە ئۇزاق ئالقىش بىلەن تەبرىكلىدى. ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 63 كىشى سايلانغانلىقى ئېلان قىلىندى. (بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار).

يەنە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە باش كاتىپلىرى ئوچۇق ئاۋاز بىلەن سايلاندى. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە ماۋجۇشى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە جۇ ئېنلەي، لى جىشىن، شېن جۈنرۇ، گومورو، چېن شۇتۇڭ قاتارلىقلار سايلاندى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنىڭ 1-يىغىنى بولۇپ، يولداش جۇ ئېنلەي مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەندى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتى تەستىقلاندى.

شۇنداق قىلىپ تارىخىي ئەھمىيەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئۆز ئىشىنى غەلىبە بىلەن تاماملىدى. ئومۇمىي پروگراممىسى تەستىقلاندى، خەلق سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى سايلاندى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى، ئالىي خەلق سوت باشلىقى، ئالىي پروكوراتورا باشلىقى ۋە باشقا مۇھىم رەھبىرىي ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى تەيىنلەندى ھەم دۆلەتنىڭ پايتەختى، دۆلەت بەلگىسى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى تەستىقلاندى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان شانلىق بىر كۈن بولدى. ئۇ جۇڭگو تارىخىدا، جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا يېڭى پارلاق سەھىپە ئاچقان بىر كۈن بولدى. چۈنكى، بۇ 100 مىليونلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى كۈتكەن ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشقان، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىدە قۇربان بولغان سانسىز ئىنقىلابچىلارنىڭ قان بەدىلى ئارقىلىق ئۇلۇغ نەتىجە قولغا كەلگەن بىر كۈن ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا بېيجىڭ شەھىرى كارامەت چوڭ خۇشاللىققا تولدى. ئەر ـ ئايال چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئۆزلۈكىدىن كوچىلارغا چىقىپ، بايرام تەنتەنىسى قىلىشقا باشلىدى، بۈگۈنكى قۇياش بېيجىڭلىقلارنى، جۇڭگولۇقلارنى قىزغىن تەبرىكلەپ، ئالاھىدە نۇر چاچاتتى. كوچىلاردا، ئىدارىلەردە، مەكتەپ، قورۇلاردا، زاۋۇت، ئىشخانىلاردا، يېزا، كانلاردا، تاغ ـ ئېدىرلاردا — مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە كىشلەرنىڭ تەسۋىرلەش قىيىن بولغان،

ئىچ ـ ئىچىگە سىغمىغان خۇشاللىق كەيپىياتى تۇرغۇدى. بېيجىڭ شەھىرىدە ھەممە يەردە دېگۇدەك داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي، ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. تيەنئەنمېن مەيدانىدا بايرام-لىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيگەن ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى خەلق توپى بارغانچە ئۇلغىيىشقا باشلىدى. بۇگۈنكى بېيجىڭ خەلقىنىڭ خۇشاللىقى، بېيجىڭنى، پۈتۈن ئەلنى تەبرىكلىگەن قۇياش نۇرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ قەلبىنى دولقۇنلاندۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدە بىز تيەنئەنمېن ئۈستىگە — يىغىن رىياسەت سەھنىسىگە چىقتۇق. تيەنئەنمېندىن تۇرۇپ قارى-سىڭىز، مەيدانغا زىچ تولغان خەلقنىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى. چاڭئەن كوچىسىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپى ۋە بېيجىڭنىڭ پۈتۈن چوڭ كوچى-لىرى ئادەم بىلەن لىق تولغان، چوڭ يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى بەلگىلەنگەنلىكىگە قارىماستىن، كوچىغا چىقالايدىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى كوچىغا چىققانىدى. تيەنئەنمېننىڭ ئۈستىدىن قارىسىڭىز، پۈتۈن مەيداندا ۋە ئىككى تەرەپتە كوچىلارغا تولغان ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ سۈرەتلىرى، شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكا ـ پىلاكاتلار كۆزگە چېلىقاتتى. چوڭ ـ چوڭ رەڭلىك بايراقلار كىشىلەرنىڭ بېشىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئادەملەر چوڭ خۇشاللىق ھەم تاقەتسىزلىك بىلەن تيەنئەنمېن ئۈستىگە تىكىلىپ تەلمۈرۈپ قاراشماقتا ئىدى. ئۇلار چوڭ يىغىننىڭ ئېچى-لىشىنى كۈتۈشمەكتە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ماۋجۇشىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماقتا. بۇ يالغۇز بېيجىڭ خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەلپۈنۈشى ئىدى. بۇ يىغىندا ئەجداد-لارنىڭ مىڭ يىللاردىن بېرى جان بېرىپ، قان بېرىپ كۆرەش

قىلىپ ئارمان قىلغان ئۇلۇغ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئېلان
قىلىندى. بۇ يىغىندا يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە بولغان،
ئادەم ئادەمنى يەيدىغان دەھشەتلىك كونا جۇڭگوغا خاتىمە بېرىل-
گەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان يېڭى
جۇڭگونىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ يىغىندا خەلق جاللات-
لىرى ۋە ۋەتەن ساتقۇچىلار قولىدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت
ئۆزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى-ئىشچىلار
سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى
خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى.
بۇ، ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئۇلۇغ مۆجىزە. بۇنىڭغا جۇڭگو خەلقىلا
ئەمەس، كىشىلىكنىڭ ئازادلىقىنى خالىغۇچى ھەرقايسى ئەللەر
خەلقلىرىمۇ خۇشال بولماي تۇرالمايدۇ.

مەيداندىكى خەلق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھارماي-
تالماي كۈرەش قىلىپ كەلگەن، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە رەھبەرلىك
قىلىپ، جۇڭگو خەلقىغە يول باشلاپ، جاپالىق كۈرەشلەر بىلەن
بۈگۈنكى ئۇلۇغ غالىبىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ داھىيسى
ماۋ زېدۇڭنى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
جان-دىلىدىن سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭنىڭ
رەھبەرلىكى بولمىسا، مۇشۇ رەھبەرلىك ئاستىدىكى جۇڭگو ئىشچى-
دېھقان ئارمىيىسىنىڭ ئۇزاق يىللىق قوراللىق جەڭلىرى بولمىسا،
بۈگۈنكى غالىبىيەتلەر قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى خەلق ياخشى بىلىدۇ.
خەلق تارىخنى ياراتقۇچى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش خەلقنىڭ ئىشى.

داھىي ئەنە شۇ خەلق ئىچىدىن چىققان، خەلق بىلەن بىر نىيەتتە بولغان، خەلقنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ ئالغان، خەلققە توغرا يېتەكچىلىك قىلىدىغان شەخس. مۇشۇنداق داھىي بولمىسا، ئىنقىلابنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئەنە شۇنداق كەم بولسا بولمايدىغان ئىنقىلابىي تارىخىي رول ئوينىدى. شۇڭا ماۋ زېدۇڭ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. تارىخ سەھىپىسىدىن تېگىشلىك مۇھىم ئورۇن ئالدى. شۇڭا ئۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى. يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىگە تەتبىق قىلىپ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ماۋ زېدۇڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىمۇ ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتى. مۇنداق ئۇلۇغ داھىيسى بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو خەلقى شەرەپ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. تيەنئەنمېنگە توپلانغان خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغ داھىيسىنى كۆرۈشكە تاقەتسىزلىك بىلەن تەلمۈرمەكتە.

سائەت ئۈچكە ئاز قالغاندا يولداش ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېنگە چىقتى، مەن تيەنئەنمېننىڭ يۇقىرىقى سۇپىسىدا، چەتتەرەك تۇراتتىم، ماۋجۇشى مەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قولۇمدىن تۇتقانچە بىللە ئېلىپ ماڭدى، يولداش ماۋ زېدۇڭنى كۆرۈش بىلەن پۈتۈن مەيدان خۇددى كاماندا بەرگەندەك تويۇقسىزلا "ماۋجۇشى!" دەپ ۋارقىراشتى. يۈز مىڭلىغان ئادەمنىڭ "ماۋجۇشى، ماۋجۇشى!"، "ماۋجۇشى ۋەنسۇي!" دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن بېيجىڭنى قاپلىدى. تيەنئەنمېندىن كۆتۈرۈلگەن بۇ شادلىق ئاۋازلىرىنىڭ

سادالىرى يىراقلارغا، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارالماقتا ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ باشقا رەھبەرىي يولداشلار بىلەن تيەنئەنمېن سۇپىسىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلەن قولىنى كۆتۈرگەندە، خەلقنىڭ شوئار ئاۋازلىرى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى، مەيداندىكى خەلق دېڭىزى دولقۇنلاپ كەتتى. خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك داھىيسىغا بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈرىدىغان بۇ يالقۇنلۇق ئاۋاز، بۇ كارامەت تەنتەنە يۈرەكلەرنى تىترەتتى، كۆزلەرگە ئىختىيارسىز ياش كەلتۈردى.

خەلق تەنتەنىسى بىرپەس داۋام قىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئاممىۋى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ماۋجۇشى ئالدىدىكى كۇنۇپكىنى (توك تۈگمىسىنى) باسقانىدى، تيەنئەنمېن مەيداندىكى تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدىن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئاستا كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن مەيداننى ۋە پۈتۈن بېيجىڭنى قاپلىغان دۆلەت شېئىرى مۇزىكىسى ياڭرىدى. بايرام شەرىپىگە ئاتالغان ھۆرمەت زەمبىرەكلىرى گۈمبۈرلەپ ئېتىلىشقا باشلىدى. مەيداندىكى خەلق ۋە تيەنئەنمېن ئۈستىدىكى رەھبەرلەر ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان دۆلەت بايرىقىغا تەلمۈرۈپ ھۆرمەت بىلەن جىم قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ ۋاقىتتا قانچىلىغان ئادەمنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن دومىلىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىش قىيىن. بايراق تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تولۇق ئېچىلىپ يەلپۈنلىگەندە يولداش ماۋزېدۇڭ سۆز باشلاپ يۇقىرى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ”جۇڭگو خەلقى

ئورنىدىن دەس تۇردى!!!" دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. مەيداندا يەنە خۇشاللىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن!"، "ماۋجۇشى ياشىسۇن!"، "جۇڭگو كومپار-تىيىسى ياشىسۇن!" دېگەن شوئارلار پەلەككە كۆتۈرۈلدى. تەنتەنە دولقۇنى ئەۋج ئالدى.

تيەنئەنمېن مەيدانى ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچ ئۇچىدا، يېشىل ئاسماندا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق يەلپۈلدەيتتى، بۇ بايراق بايرام تەنتەنىسى بىلەن كۆڭۈللىرى خۇشاللىققا تولغان خەلقنىڭ روھلىرىنى دولقۇنلىتىپ، ئۇلارغا مەدەت ۋە ئىلھاملار بېرەتتى.

بۇ — سانسىز قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان ئىنقىلابىي قىزىل بايراق ئىدى.

بۇ — غالىب بايراق ئىدى.

بۇ — شانلىق بايراق ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت پاسار
مەسئۇل كوررېكتورى: رىشىت ۋاھىدى

سەيپىدىن ئەزىزى

ئۆمۈر داستانى

(ئەسلىمە 2)

تەڭرىتاغدا گۈلدۈرماما

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1990-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1990-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

قاتتىق مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 5.80 يۈەن

赛福鼎回忆录

(2)

天山惊雷

(维吾尔文)

赛福鼎·艾则孜著

民族出版社出版发行　各地新华书店经销

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米 1/32　印张：16

1990年12月第1版

1990年12月北京第1次印刷

印数：0001—2,700册

ISBN　7—105—01188—2/I·235

民文（维 33）　精装本定价：5.80元